

# بۇلاق

# BULAK

4
1997

ISSN 1006-0820

www.uyghurkitap.com









# بۇلاق

ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى

پەسىللىك ژۇرنىلى

18-يىل نەشرى

ئومۇمىي 61-سان

1997

www.uyghurkitap.com

باش مۇھەررىر: ئابلەت ئىمىن
مۇئاۋىن باش مۇھەررىر: مۇھەممەتتۇرسۇن باھاۋىدىن، مەھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت
بۇ سانىنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى: پەرىدە ئىمىن، ھاجى قۇتلۇق قادىر




# 1997 - يىللىق 4 - سان

## مۇندەرىجە

ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن

«ئىسكەندەرنامە» دىن ..............................
مەۋلانا مەنۇچىھرە ھەكىم ............... (5)
(مۇھەممەد ئابدۇللاھ ئىبنى مۇھەممەدتۆمۈر تەرجىمىسى)
نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئىسرائىل يۈسۈپ
غەزەللەر ............... مەۋلانا ئۇبەيدۇللا لۇتفى (33)
نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئابدۇۋەلى خەلپەتوۋ
شېئىرلار ............... ئىسمائىل ھاجى (90)
نەشرگە تەرييارلىغۇچىلار: ئابلەت ئالىم،
ھېكىم مەتسىيىت

شەرق كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن

ھېكايەتلەر ............... مۇھەممەد ئەۋفى (101)
ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: ھاكىم مۇسا

## ئەدەبىي مۇھاكىمە

پارس تىللىق ئۇيغۇر كلاسسىكلىرى ............ شېرىن قۇربان (129)

## خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن

شەمشەرشاھ (چۆچەك) ...................................... (144)
رەتلىگۈچى: ئابدۇرېشت ئىبراھىم
رىۋايەتلەر ............................................ (160)
رەتلىگۈچى: تۇرسۇن ھوشۇر ئىدىقۇتى
بېيىت - قوشاقلار ........................................ (167)
توپلاپ رەتلىگۈچى: زوھرە قۇربان

* *

خەتتات: قاينام جاببار.
نەققاش: تۇردى قادىر نازىرى.
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: باتۇ.

مۇقاۋىنىڭ 1 - بېتىدە: موللا سابىر بىننى ئابدۇقادىر (ناقىس) پورتېرىتى، (رەسسام: جالالىدىن بەھرام).
مۇقاۋىنىڭ ئىككىنچى، ئۈچىنچى بەتلىرىدە: قەدىمكى ئىمارەتلەر، («پارس مەدەنىيىتى ۋە سەنئىتى» ناملىق كىتابتىن ئېلىنغان فوتو سۈرەتلەر).
مۇقاۋىنىڭ تۆتىنچى بېتىدە: قىزىل مىڭئۆي سىرتقى كۆرۈنۈشىدىن ئېلىنغان فوتو سۈرەت.




مەۋلانا مەنۇچېھرە ھەكىم (مۇھەممەد ئابدۇللا ئىبنى مۇھەممەد تۇمۇر تەرجىمىسى)

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئىسرايىل يۇسۇپ

## ئىسكەندەرنىڭ دارا بىلەن جەڭ قىلىش ئۈچۈن قوشۇن تارتقانلىقى، دارانىڭ ئۆز ۋەزىرلىرى تەرىپىدىن ھالاك قىلىنغانلىقى، ئىسكەندەرنىڭ ئىران پايتەختىگە ئورۇنلىشىپ، جەمشىددىن قالغان تاجۇ تەختكە ئىگە بولغانلىقى

بۇ يېقىملىق داستان ۋە گۈزەل ھېكايىلەرنى نەقىل قىلغۇچى مەۋلانا مەنۇچېھرە ھەكىم مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ:

ۋاقىتكى، ئىسكەندەر سەپەر تەييارلىقلىرىنى پۈتكۈزگەندىن كېيىن سان- ساناقسىز لەشكەر بىلەن ئىرانغا قاراپ يۈرۈش قىلدى. بۇ خەۋەر داراغا يەتتى. دارا بۇنى بىلگەندىن كېيىن پۈتكۈل لەشكەرنى تەق بولۇپ تۇرۇشقا بۇيرۇدى. دارانىڭ پەرمانىغا بىنائەن لەشكەرلەر پۈتكۈل چېدىر- بارگاھلىرىنى شەھەرنىڭ سىرتىغا ئېلىپ چىقىپ تىكتى. دارا ھەممە لەشكەر ۋە پالۋانلىرىنى بىر- بىرلەپ كۆزدىن كەچۈرۈپ، ئۇلارنىڭ ھەربىرىگە ھەدىيە ۋە تارتۇقلارنى بەردى. ئاندىن رۇم قوشۇنى تەرەپكە قاراپ يولغا چىقىشقا، ئىككى لەشكەر ئارىلىقى يېقىنلاشقاندا قوشۇنلار ئازادە، ئوت- سۇيى مول جايغا چۈشۈپ بارگاھ تىكىشكە بۇيرۇق بەردى. لەشكەرلەر گويا دەريانىڭ دولقۇنىدەك تەۋرەپ، بىرىنىڭ ئارقىسىدىن بىرى يولغا چىقتى. دارا ياخشى سائەتتە ئاتلىنىپ، ئۆز لەشكەرلىرى بىلەن بىر ئازادە چىمەنزارغا كېلىپ چۈشتى.

---

* بېشى ئۆتكەن ساندا

www.uyghurkitap.com



ئۇ تەرەپتىن ئىسكەندەر نۇرغۇن مەنزىل - مۇساپىلەرنى بېسىپ، ئىران چېگرىسىغا يېتىپ كەلدى. ئىككى تەرەپ قوشۇنىنىڭ ئالدىن يۇرەر قاراۋۇللىرى ئۇچرىشىپ، ئازراق جەڭ قىلىشتى. بىراق ئۇ كۈنى كەچ كىرىپ كەتكەنلىكتىن ئىككىلا تەرەپ لەشكەرلىرى ئۆز ئارامگاھلىرىغا قايتىشتى.

بۇ كۈنى ئىسكەندەر دارانىڭ جۈرئەتلىك ۋە باتۇرلۇقىنى لەشكەر ئىشلىرىغا ماھىرلىقىنى تۈنجى قېتىم كۆرۈپ ھەيران قالدى. شۇ كېچىسى ئىران قوشۇنى تەرەپتىن جەڭ ناغرىلىرىنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى. ئىسكەندەرنىڭ پەرمانىغا بىنائەت رۇم لەشكەرلىرىمۇ جەڭ ناغرىلىرىنى چېلىشتى. جەڭ ناغرىسىنىڭ ئاۋازى تاغ ۋە دەشـتـنـى قـاپلىدى. بۇ كېچىسى ئىككى قوشۇننىڭ سەردارلىرى بېشىنى ياستۇققىمۇ قويمىدى.

ئەتىسى قۇياش كۆتۈرۈلۈپ، جەڭ مەيدانىنى يورۇتتى. ئىسكەندەر خۇددى قـۇيـاش نۇرىدەك جىلۋە قىلىپ بارگاھتىن چىقتى - دە، شاھانە ئارغىمىقىغا مىندى. ئۆز قوشۇنىنى ئوڭ - سول قاناتقا ئايرىدى. ئاندىن ئۇلارنى نۇرغۇن بۆلەكلەرگە بۆلۈپ، ھەربىر بۆلەككە بىردىن پالۋاننى باش قىلدى. رۇمنىڭ شاھانە تۇغ - ئەلەملىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈشتى.

ئـىـران قوشۇنىمۇ سەپ تۈزۈپ تەق بولۇپ تۇردى. بىر پالۋان مەيدانغا چىقىپ، خۇددى چاقماقتەك تېزلىكتە پۈتۈن ئىران قوشۇنىنى سەپراس قىلدى. بۇ ئىران پالۋىنى ئاتەشپەرەسلەرگە خاس تەكەببۇرلۇق ۋە قاتتىق قوللۇق بىلەن سـەپ ئـالـدىـدىـن ئـورۇن ئـالدى. ئىككى تەرەپ لەشكەرلىرى مەيدانغا كىم چۈشەركىن، دېيىشىپ قاراپ تۇرۇشتى. شۇ ئەسنادا بايىقى ئىران پالۋىنى ئېتىنى چاپتۇرغىنىچە جەڭ مەيدانىغا كىرىپ كەلدى. مەيدان ئىچىدە ئات چاپتۇرۇپ نەچچە قـېـتـىـم ئايلىنىپ نەچچە خىل جەڭ ماھارەتلىرىنى كۆرسەتتى. ئۇنىڭ جەڭ ماھارىتىگە دوست ۋە دۈشمەنلەرنىڭ ھەممىسى ئاپىرىن ئېيتتى. ئىسكەندەر رۇم پالۋانلىرىغا قاراپ:

— بىر پالۋان مەيدانغا چۈشۈپ، بۇ مەجۇسى بىلەن ئېلىشسۇن، — دەپ ئەمىر قىلدى.

رۇم پالۋانلىرى ئىچىدە زەرغام ئاتلىق بىر پالۋان بار ئىدى. ئۇ ئېتىنى چاپتۇرۇپ مەيدانغا چۈشتى. ئىككى پالۋان شەمشەرلىرى بىلەن بىر - بىرىگە ھـۇجـۇم قـىلىپ بىر نەچچە قېتىم ئېلىشتى. رۇم پالۋىنى ئېتىنى دېۋىتىپ كېلىپ، ئىرانلىق پالۋانغا شۇنداق شەمشەر ئۇرغانىدى، ئىران پالۋىنى ئۆزىگە سۇپەر تۇتتى. شەمشەر سۇپەرنى كېسىپ تەڭ يېرىمىغىچە كەلدى. بۇ چاغدا ئىران پالۋىنى بىر زور قىلىپلا رۇم پالۋىنىنىڭ كەمىرىدىن تۇتۇپ، ئۇنى ئېتىدىن يۇلۇپ ئـالـدى. ئـانـدىـن ئۇنى بېشىدىن ئايلاندۇرۇپ يەرگە شۇنداق ئاتتىكى، رۇم پالۋىنىنىڭ ئۇستىخانلىرى خىمىردەك بولۇپ كەتتى. ئىسكەندەر بۇنى كۆرۈپ، لەشكەرلىرىنى بىراقلا ھۇجۇمغا ئۆتۈشكە بۇيرۇدى. رۇم لەشكەرلىرى تەرەپ - تـەرەپـتـىـن مەيدانغا قاراپ ئات سالدى. ئۇ تەرەپتىن دارا ئىبنى دارابمۇ ئۆز

لەشكەرلىرىنى جەڭگە ئىشارەت قىلدى. ئىككى ئوتتۇرىدا شۇنداق شىددەتلىك جەڭ
بولدىكى، چاڭ - توزانلار پەلەككە يېتىپ، كۈن نۇرىنى توستى. ھەر خىل
قىقاس - چوقان، جاراڭ - جۇرۇڭ ئاۋازلىرى جاھاننى بىر ئالدى. گويا قىيامەت
ئاشكارا بولغاندەك بولدى. ئىسكەندەر بىر تەرەپتە ئىران لەشكەرلىرىنى قىرسا،
بۇ تەرەپتە دارامۇ ئۆز پالۋانلىرى بىلەن رۇم لەشكەرلىرىنى قىرغىن قىلماقتا
ئىدى. دارا بىلەن ئىسكەندەر جەڭ مەيدانىدا بىر- بىرى بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى.
ئۇلار قىلىچ، شەمشەر ۋە گۇرزا، كەمەنلەر بىلەن تاكى كۈن كەچ بولغىچە
ئېلىشتى. ھېچقايسىسى يېڭەلمىدى، ياكى يېڭىلمىدى. كۈن ئولتۇردى. ئىككىلا
تەرەپتىن ئامانلىق ناغرىسى چېلىندى. پادىشاھلار جەڭدىن قول يىغدى. ئىككى
لەشكەر بىر - بىرىدىن ئايرىلىپ، ھەرقايسىسى ئۆز ئارامگاھلىرىغا قايتىشتى.

ئۈچ كۈنگىچە جەڭ توختىتىلىپ، ئۆلۈكلەر مەيداندىن ئېلىپ چىقىلىپ
دەپنە قىلىندى. تۆتىنچى كۈنى كەچتە ئىران لەشكىرى تەرەپتىن جەڭ ناغرىسى
چېلىندى. ئىسكەندەرمۇ جەڭ ناغرىسى چېلىشقا پەرمان قىلدى. ناغرا -
كارنايلارنىڭ ئاۋازى پەلەككە يەتتى. بۇ كېچىسى ھەر ئىككى تەرەپ سەردارلىرى
باشلىرىنى ياستۇققا قويماستىن جەڭ تەييارلىقلىرىنى قىلىشتى.

ئەتىسى تاڭ ئېتىش بىلەنلا ئىسكەندەر ئاتلىنىپ، سەپ تۈزدى. ئىران
پادىشاھى دارامۇ ساناقسىز لەشكىرىنى توپلاپ سەپ تۈزدى. بۇ كۈنمۇ شىددەتلىك
جەڭ بولدى. كەچ بولغاندا ئىككى لەشكەر ئامانلىق ناغرىسىنى چېلىشتى،
ھەرقايسىسى ئۆز ئارامگاھلىرىغا قايتىشتى.

دارانىڭ ئىككى ۋەزىرى بار ئىدى. بىرىنىڭ ئېتى ماھيار، يەنە بىرىنىڭ ئېتى
جانسىپار ئىدى. بۇ ئىككى ئالدامچى ئۆزئارا مەسلىھەت قىلىشتى:

— بۇ مەملىكەتنىڭ ھۆكۈمرانلىقى دارانىڭ قولىدىن كېتىپ قالىدىغان
بولدى. غەلىبە - نۇسرەت شامىلى ئىسكەندەر تەرەپكە قاراپ چىقىۋاتىدۇ، — دېدى
ئۇلاردىن بىرى نىيىتىنى بۇزۇپ، — بىز دارادىن يۈز ئۆرۈپ، ئۇنىڭ ھاياتلىق
رىشتىسىنى ئۈزسەك قانداق؟

بۇ ئىككى پەسكەش ۋەزىر ئىلمىي نۇجۇمغا ۋە پالچىلىققا ئۇستا ئىدى. شۇڭا
يەنە بىرى مۇنداق دېدى:

— بىز بۈگۈن يۇلتۇزلارنى كۆزىتىپ، پالغا قاراپ باقايلى. دارا بىلەن
ئىسكەندەردىن قايسىسى جەڭدە ئۈستۈن بولىدىغانلىقىنى بىلەيلى.

ئۇلار پال سېلىپ كۆردى. پالدىن ئىسكەندەرنىڭ غەلىبە قىلىدىغانلىقى،
دارانىڭ يېڭىلىدىغانلىقى ئايان بولدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار:

— ئەمدى ئىشنىڭ يولى شۇكى، بىز دارانى ئۆلتۈرۈپ، ئىسكەندەرنىڭ
يېنىغا بارايلى. شۇنداق قىلساق ئىسكەندەر بىزنى ھەممىدىن ئۈستۈن مەرتىۋىگە
ئىگە قىلىدۇ، مەنسىپىمىز ھەممىدىن يۇقىرى بولىدۇ، — دېيىشتى. شۇندىن
كېيىن بۇ ئىككى ھارامزادە دارانىڭ ياتقان يېرىگە يېتىپ كەلدى. ياش يىگىت
دارا ئۆز تۆشىكىدە بەخىرامان ئۇخلاۋاتاتتى. ئۇلار دارانىڭ نەچچە يېرىگە خەنجەر

www.uyghurkitap.com



ئۆردى. دارا ئېغىر زەخىملىنىپ، ۋارقىرىدى. نەۋكەرلىرى ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ يۈگۈرۈشۈپ كىردى. بۇ چاغدا ئۇ ئىككى ۋەزىر قېچىپ كەتكەنىدى. بۇ كېچە ئىران قوشۇنىدا سۈرەن - چوقانلار كۆپ بولدى. ئىسكەندەر بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر تاپتى. شۇ هامان ئادەم ئەۋەتىپ ئۇ ئىككى خىيانەتچى ۋەزىرنى تۇتتى. ئەتىسى تاڭ ئاتقاندا ئىسكەندەر ۋەزىرلەرنى ئالدىغا هازىر قىلىپ سوراق قىلدى:

— ئەي تۇزكورلار، نېمىشقا شۇنچە ئېسىل ۋە نەۋقىران پادىشاھنى نابۇت قىلىشتىڭ؟!

— ئەي ئۇلۇغ پادىشاھ، — دېدى ئىككى ۋەزىر، — بىز سىزگە خىزمەت كۆرسىتەيلى، دەپ شۇنداق قىلدۇق.

ئىسكەندەر غەزەپ بىلەن ۋارقىرىدى:

— ئەي هارامتاماقلار، ماڭا ئۆز ئىنىمنى ئۆلتۈرۈپ خىزمەت كۆرسىتىشەمتىڭ؟

ئىسكەندەر شۇندىن كېيىن بۇ ئىككى پەسكەش ۋەزىرنى باغلاپ، دارانىڭ بارگاھىغا كەلدى. دارا قانغا بۇلغانغان هالدا ياتاتتى. ئىسكەندەر ياغلىقىنى چىقىرىپ، دارانىڭ يۈز - كۆزلىرىدىكى قاننى ئېرتتى. دارا بۇنى هېلىقى ئىككى ۋەزىر بولسا كېرەك دەپ ئويلاپ:

— ئەي زالىملار، بېشىمنى تېنىمدىن بىراقلا جۇدا قىلغىن، مېنى بۇ ئازابتىن بىر يولى قۇتقازغىن! — دەپ ۋارقىرىدى.

ئىسكەندەر كۆز ياشلىرىنى توختىتالمىدى:

— ئەي قېرىندىشىم، كۆزۈڭنى ئاچقىن، — دېدى ئىسكەندەر، — مەن سەن بىلەن خوشلاشقىلى كەلدىم.

دارا بۇ سۆزنى ئاڭلاپ كۆزىنى ئاچتى. ئىسكەندەرنىڭ كەلگەنلىكىنى ۋە يۈزلىرىدىكى قاننى سۈرتۈۋاتقانلىقىنى كۆردى:

— ئەي بۇرادەر، بىردەم بېشىمنى تىزىڭغا ئېلىپ ئولتۇرغىن، ساڭا ئېيتىدىغان ۋەسىيىتىم بار.

ئىسكەندەر يىغلاپ تۇرۇپ ئۇ نەۋقىران يىگىتنىڭ بېشىنى تىزىغا ئالدى. دارا ئېيتتىكى:

— ئىسىت، ئاتام ماڭا بۇ دۇنيانىڭ مال - مۈلكىنى دەپ ئۆز بۇرادەرلىرىڭ بىلەن زىددىيەتلەشمىگىن، بۇ دۇنيا ۋاپاسىزدۇر، دەپ ۋەسىيەت قىلغانىدى. مەن ئاتامنىڭ ۋەسىيىتىنى ئېسىمدە تۇتماي بۇ پالاكەتكە دۇچار بولدۇم. ئەي ئىسكەندەر، ئېيتقىنا، سەن كىمنىڭ ئەۋلادى، نەسەبىڭ كىمگە يېتىدۇ؟

— ئەي دارا، — دېدى ئىسكەندەر يىغلاپ تۇرۇپ، — سەن بىلەن مەن بىر دەرەخنىڭ ئىككى شېخى، بىر شاخنىڭ ئىككى بەرگىدۇرمىز. مەنمۇ كەيانى شاھلىرىنىڭ ئەۋلادىمەن. سىزنىڭ قانداش بىر تۇغقىنىڭىز بولىمەن بېيىت:

ياقا يىرتىبان، تاجنى تاشلابان،
دېدى زار يىغلاپ، بۇ سۆز باشلابان:
كى بولسۇن تىرىك يەتتە كىشۋەر شەھى،
جەھان بولماسۇن بىر دەم ئاندىن تەھى.

ئاكامەن كەمىنە فەرەستەندەمەن،
فەرەستەندەلىك ئىچرە شەرمەندەمەن.
كېرەكدۇر ماڭا قۇللۇغۇڭ چاغلاماق،
ئانىڭ بارگاھىدا بەل باغلاماق.

ئەلقىسسە، دارا ئىسكەندەرنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ زار - زار يىغلىدى ۋە مۇنداق دېدى:

— ئەي ئىسكەندەر، مېنىڭ بۇ ئالەمدىن كېتىدىغان ۋاقتىم يېتىپ كەلدى. سۆزۈمگە قۇلاق سالغىن، مېنىڭ ئۈچ ۋەسىيىتىم بار، ئېسىڭدە مەھكەم تۇتقىن، بېيىت:

چۇ ئول ئۈچ سۆزۈم ئۈچ ۋەسىيەتدۇرۇر،
كى كۆڭلۈمغە ئىزھارى نىيەتدۇرۇر.
بىرىسى بۇكىم، ئول ئىكى گىنەخاھ.

كى قەتلىمغە قول سۇندىلار بىگۇناھ.
باشىنى كېسىپ ئەدلى داد ئەتكەسەن،
مېنىڭدەك غەرىب ھالىغە يەتكەسەن.

— ئەي ئىسكەندەر، ئۇ ئىككى ئاداۋەتخور، پەسكەش ۋەزىرنى ئۆلتۈرگىن، بۇ ئۆزۈڭگىمۇ پايدىلىق. ماڭا بارلىق يامانلىق نادانلارنىڭ سۆھبىتىدىن ۋە پەسكەشلەرنىڭ ئۈلپەتچىلىكىدىن يەتتى. يەنە بىر ۋەسىيىتىم شۇكى، ئائىلە - جەمەتىمنى، قىزىم رەۋشەنەكنى ۋە باشقا قوۋم - قېرىنداشلىرىمنى خارلىمىغىن. ئۇلار قەدىمىي ۋە ئېسىل جەمەتتۇر. بېيىت:

يەنە قەۋمۇ خەيلىمغە قىلمە ئىناد،
كى دەرلەر ئۇلارنى كەيانى نىژاد.
كەرەم ئەيلەسەڭ قەۋمۇ خەيلىڭدۇرۇر،
قىلۇرلار نە خىزمەتكى مەيلىڭدۇرۇر.
كى خار ئەيلەمە خانىدانى قەدىم،
چۇيوقتۇر ئۇلاردىن ساڭا ھېچ بىم.
يەنە رەۋشەنەككى قىزىمدۇر مېنىڭ،
بۇ كۇندىن يارۇر ئېردى كۆزۈم مېنىڭ.
كەيانى سەلاتىن نىشانى ماڭا،

بەرئەندازە تاجى كەيانى ئاڭا.
بىساتىڭنى ئول شەمئ بىرلە يارۇت.
ئانىڭ شەمئىدىن خاتىرىڭنى يارۇت.
كىگۇر مىھر ئەيلەپ شەبىستانىڭە،
قىلىپ ئەقد، ئولتۇرغۇزۇپ يانىڭە.
ئېرۇر رەۋشەنەك مەزرەئىم خوشەسى،
ساڭا يار بولغاي جىگەر گوشەسى.
ھەرىمىمدە سەن داغى فەرزەند بول،
ھەمۇل خەستە كۆڭلۈمغە پەيۋەند بول.

— ئەي ئىسكەندەر، قىزىم رەۋشەنەكنى ئۆز ھەرىمىڭنىڭ مەلىكىسى قىلغىن. ئۇنىڭدىن پەرزەنت يۈزى كۆرسەڭ، ئۇ پەرزەنت كەيانىلارنىڭ چىرىقىنى ياندۇرغۇسى ۋە سېنىڭ ئورنۇڭدا ئىز باسار بولغۇسىدۇر. بېيىت:

ئاتادىن ئىسكەندەر نىھاد ئولغاي ئول،
ئانادىن كەيانى نىژاد ئولغاي ئول.
كى ئەلنى ئەدالەتكە چۇست ئەيلەگەي،

ئىكىمىزغە نىسبەتەن دۇرۇست ئەيلەگەي.
قەبۇل ئەيلەپ، ئەت خەستە كۆڭلۈمنى شاد،
كى ئەمدى قىلۇر ۋەقت ئېرۇر خەيرباد.

www.uyghurkitap.com

ھەزرىتى ئىسكەندەر دارانىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ زار ـ زار يىغلىدى:

— ئەي دارا، ماڭا قىلغان ھەممە ۋەسىيەتلىرىڭنى جاندىلىم بىلەن ئورۇندايمەن. پۈتكۈل ئۇرۇق ـ جەمەتىڭگە شەپقەت ۋە مېھرىبانلىق چېدىرىنى ياپىمەن. سېنى سەلتەنەت تەختىدىن مېھنەت خەنجىرى ئارقىلىق شېھىتلىق لېيىغا يېقىتقانلارنىڭ جىگىرىنى زەھەرلىك خەنجىرىم بىلەن سۇغۇرۇۋالىمەن.

ئىسكەندەر شۇنداق دېدى ـ دە، ئۇ ئىككى تۇزكور ۋەزىرنى دارانىڭ تۆشىكى يېنىغا سۆرەپ كەلتۈرۈپ، دارانىڭ كۆز ئالدىدىلا ئۆلتۈردى.

— ئەي بۇرادىرىم، بۇ ئىككى تۇزكور ھارامزادىنى مېنىڭ كۆز ئالدىمدا ئۆلتۈرۈپ، كۆزۈمنى نۇرلاندۇردۇڭ، قەلبىمنى دەرد ـ ئەلەمدىن تازىلىدىڭ، مېنىڭ قىساسىم قىيامەتكە قالمىدى. بۇ ئىپلاسلارنى ئۆلتۈرۈپ، كۆڭلۈمنى كىر ـ غۇبارىدىن خالىي قىلدىڭ، خۇدا ساڭا ھەممە ئىشتا پەتھى ـ نۇسرەت ۋە ئامەت بەرسۇن.

دارا شۇ سۆزلەرنى دېدى ـ دە، جان تەسلىم قىلىپ، كۆز يۇمدى (بىز ئاللانىڭ ئىگىدارلىقىدىمىز ۋە ئاللانىڭ دەرگاھىغا قايتىمىز). ئىسكەندەر دارانىڭ ۋاپاتىغا زار ـ زار يىغلاپ ماتەم تۇتتى. بېيىت:

ئەدەم بولدى قانۇنى لۇھراسىبى، ئۇنۇت بولدى كاۋۇس دادى داغى،
نىگۇن بولدى ئايىنى گۇشتاسىبى. بەل ئاۋازەئى كەيقۇبادى داغى.
بولۇب تىيرە گۇشتاسىبى شەبچىراغ، مەنۇ چېھرە تۇشتى ئەدەمدىن جەزەئ،
سىياۋۇش جىگەر پارەسى داغ ـ داغ. فەرىدۇن رەۋانىغە تۇشتى فەزەئ.

ئىسكەندەر شۇندىن كېيىن دارانىڭ جەستىنى ئېلىپ جەڭگاھتىن يۆتكەلدى ۋە پايتەختى شىرازغا يېتىپ كېلىپ ئورۇنلاشتى. ئىرانغا تەئەللۇق ھەممە شەھەرلەرگە مەكتۇپ يوللاپ، ئۇ يەرنىڭ ئۇلۇغلىرىنى ئۆز ھۇزۇرىغا چاقىرتتى. ھەممە سەردار ۋە بەگ ـ سىپاھلار تۆھپە ـ ھەدىيەلەرنى ئېلىپ كېلىپ، ساھىبقىران ئىسكەندەرنىڭ ھۇزۇرىدا ئىتائەت كەمىرىنى بېلىگە باغلىدى. ئۇنىڭ ئەمىر ـ پەرمانىغا باش قويۇپ، ئىلتىپاتلىرىغا سازاۋەر بولۇپ ياندى. شۇندىن كېيىن ئىسكەندەرنىڭ كۆڭلى رۇم ۋە ئىراندىن خاتىرجەم بولدى.

ئىسكەندەر بىر كاتىپنى چاقىرىپ:

— سەن ئىسپاھانغا قارىتىپ بىر مەكتۇپ يازغىن، مەن رەۋشەنەكنىڭ ئانىسىغا ئەلچى ئەۋەتىمەن، — دېدى.

دەبىر ئىسكەندەرنىڭ پەرمانىغا بىنائەن بىر مەكتۇپ يېزىپ تەييار قىلدى. ئۇنىڭ مەزمۇنى مۇنداق ئىدى: «ئەي مەلىكە، مەن دارا ھەققىدە ھېچقانداق يامانلىق قىلمىدىم. ھەممە يامانلىقنى ئۆزىنىڭ ۋەزىرى قىلدى. مەن ئۇ تۇزكور ۋەزىر ماھيار بىلەن جانىسپارنى ئۆلتۈردۈم. دارا ۋاپات بولۇش ئالدىدا ماڭا ۋەسىيەت قىلىپ، سىزلەرنى ماڭا تاپشۇرغانىدى.» شۇنداق قىلىپ بۇ خەتكە دارانىڭ رەۋشەنەك توغرىسىدا ۋە باشقا خۇسۇستا قىلغان ۋەسىيەتلىرىنى تولۇق يازدى. خەت مەزمۇنىدا يەنە مۇنداق دېيىلدى، بېيىت:

ئىبەردىم جەنابىڭغە مەن نامەئى،
كى جان پەردەسىغە يازىپ خامەئى.
ۋەسىيەت قىلىپ شاھى دارا نىژاد،
ئىكىمىز نىكاھىغە ئول نىك زاد.
مېنىڭ سارى كەلمەككە سەن خۇش تۇت،
جەمالىڭ بىلە قەسرىگاھىم يارۇت.

ئەسىر ئەيلەبان كۆڭلۈمە تەختۇ تاج،
فەرەۋ زىندەئى پارەئى تەختى ئاج.
سېنى ئەيلەيىن بانۇلار ئۆزرە شاھ،
قۇل ئەيلەي سېنىڭ تابىئىڭغە سىپاھ.
چۇ بولغاي ئاتاڭ قەسرى ئاباد ھەم،
ئىسكەندەرنى سەن قىلغاسەن شاد ھەم.

ئىسكەندەر خەتنى شۇ تەقلىدتە قىلىپ يازدۇرغاندىن كېيىن، بىر نەچچە دانىشمەن پەيلاسوپلارنى ئەلچى قىلىپ تەيىنلەپ ئىسپاھانغا ئەۋەتتى. ئەلچىلەر ئىسپاھانغا يېتىپ بېرىپ، دارانىڭ ھەرىمىگە كىردى. ئىسكەندەرنىڭ مەكتۇپىنى دارانىڭ ئانىسىغا بەردى. رەۋشەنەك ۋە ئۇنىڭ ئانىسى قاتارلىق ھەرەم ئەھلى ھەسرەت - نادامەت ياشلىرىنى تۆككەن ھالدا ئىسكەندەرنىڭ مەكتۇپىنى قوبۇل قىلدى. بۇ مەكتۇپنىڭ مەزمۇنىدىن ۋاقىپلانغاندىن كېيىن جاۋاب مەكتۇپ ھازىر قىلدۇردى. بۇ مەكتۇپنىڭ مەزمۇنى مۇنداق ئىدى: «ئەي يۈكسەك مەرتىۋىلىك پادىشاھ، سېنىڭ دېگەنلىرىڭ ھەممىسى راستتۇر. پاك تەڭرى سېنى ئىززەت ۋە ھۆرمەت تەختىدە ئەبەدىي بەرقارار قىلسۇن. سەندىن ئۈمىدىمىز شۇكى، بىز غېرىپ يېتىم بىچارىلەردىن شەپقەت ۋە مەرھەمەت قولۇڭنى يىراق قىلمىغايسەن. بۇ كۈنلەردە جاھاندا سەندىن باشقا پۇشتى - پاناھىمىز يوق...»

غېرىپ رەۋشەنەكنىڭ ئانىسى بۇ مەكتۇپنى ئەلچىلەرگە بەردى ۋە ئۇلارغا كۆپ ئىنئام - ھەدىيەلەرنى سوۋغا قىلغاندىن كېيىن:

— ئەي ھۆكۈمالار، سىلەر قايتىڭلار، مەن قىزىم رەۋشەنەكنى ياساپ، جابدۇپ، ئارقاڭلاردىن شاھ ئىسكەندەر ھۇزۇرىغا ئەۋەتىمەن، — دېدى.

ئەلچىلەر قايتىپ كېلىپ، خەتنى ئىسكەندەرگە يەتكۈزدى. ئىسكەندەر خەتنىڭ مەزمۇنىدىن ۋاقىپ بولۇپ، شادلاندى.

رەۋشەنەكنىڭ ئانىسى قىزىنى ياساندۇرۇپ تەييار قىلغاندىن كېيىن نۇرغۇن ھەمراھلار بىلەن ئىسپاھاندىن شىرازغا ئېلىپ كەلدى. ئىسكەندەر بىلەن كۆرۈشتى. رەۋشەنەك بىلەن ئىسكەندەرنىڭ تويى ھەققىدە «شاھنامە» ۋە باشقا چوڭ قىسسە كىتابلاردا مۇپەسسەل بايانلار بار.

ئىسكەندەر بۇ ئىشلارنى سەرەمجاملاشتۇرغاندىن كېيىن، ئاتلارنىڭ يايلى ۋە قۇيرۇقلىرىنى يۇلدۇرۇپ، پۈتكۈل قوشۇنغا قارىلىق كىيدۈرۈپ، دارا ئۈچۈن ھازا ئاچتى. دارانىڭ جەسىتىگە ئىپار - كاپۇرلارنى سېپىپ، قاتمۇ قات مەخمەللەرگە ئوراپ تاۋۇتقا سالدۇردى. ئۆز لەشكەرلىرىنى شىرازدا قالدۇرۇپ، ئالتە مىڭ نەۋكەرنىڭ ھەمراھلىقىدا دارانىڭ تاۋۇتىنى ئېلىپ، بەھمەننىڭ قەۋرىگاھىغا قاراپ يولغا چىقتى.

— بەھمەننىڭ قەۋرىگاھى قەيەردە؟ — دەپ سورىدى ئىسكەندەر. ھۆكۈمالار جاۋاب بېرىپ:

— بىنگالنىڭ ھىندىستانغا ئۈچ فەرسەخ يېقىن جايىدا بىر تاغ بار.

www.uyghurkitap.com



بەھمەننىڭ قەۋرىگاھى ئاشۇ تاغدا، ئۇ يەرگە زەينەپ ناملىق بىر جادۇگەر مەزلۇم قارايدۇ، — دېدى.

ئۇلار كۆپ يول بېسىپ بىنگالغا يەتتى. «ئىسكەندەر ئالتە مىلىڭ سەرۋازنىڭ ھەمراھلىقىدا دارانىڭ جەسىتىنى بەھمەننىڭ قەۋرىگاھىغا قويغىلى كەلدى» دېگەن خەۋەر بىنگال ۋالىيسىغا يەتكۈزۈلدى. ۋالىي ئىسكەندەرنىڭ ئالدىغا چىقىپ ئۇنى شەھەرگە باشلاپ كىردى ۋە ئىززەت - ئىكرام بىلەن خىزمىتىدە بولدى. ئىسكەندەر ۋالىيدىن:

— بەھمەننىڭ قەۋرىگاھى قەيەردە؟ — دەپ سورىدى.

— بۇ شەھەردىن بەش فەرسەخ يىراقلىقتا بىر قەلئە بار، شۇ يەردە، — دېدى ۋالىي جاۋاب بېرىپ.

## ئىسكەندەرنىڭ دارانىڭ جەسىتىنى شاھ بەھمەننىڭ قەۋرىگاھىغا ئېلىپ كەلگەنلىكى، يولدا تىلسىمنى سۇندۇرۇپ، شاھلار قەۋرىگاھىدا ئىسپەندىيار ۋە بەھمەننىڭ جەسىتىنى كۆرگەنلىكى

بىنگال ۋالىيسى ھەزرىتى ئىسكەندەرگە مۇنداق دېدى:

— بىر قەلئە بار، ئۇنىڭ ئىسمىنى گورابە دەپ ئاتىشىدۇ. ئۇ يەردە نۇرغۇن جادۇگەر - سېھرىگەرلەر ئورۇنلاشقان. ئۇ سېھرىگەرلەرنىڭ ئەڭ كاتتىسىنى زەينەپ جادۇ دەپ ئاتايدۇ. ئاشۇ جادۇگەرلەر بىر تەرەپ قىلىنمىغۇچە ئۇ جايغا ھېچ كىشى بارالمايدۇ. جادۇگەرلەر ئۇ قەبرىستاننى تىلسىم قىلىپ، مەھكەم ساقلاۋاتىدۇ.

— خۇدا خالىسا ئۇ سېھرىگەر ۋە جادۇگەرلەرنى بىر تەرەپ قىلغىلى بولار، — دېدى ئىسكەندەر.

ئەتىسى ئۇلار قەبرىستانغا قاراپ يولغا چىقتى. نۇرغۇن يول بېسىپ ئۇ يەرگە يېتىپ كەلدى. «ئىسكەندەر ناملىق پادىشاھ ئۆز ئىنىسى دارانىڭ جەسىتىنى دەپنە قىلغىلى بۇ قەلئەگە يېتىپ كەلدى، ھازىر قەلئەگە كىرمەكچى بولۇۋاتىدۇ» دېگەن خەۋەر زەينەپ جادۇگەرنىڭ قۇلىقىغا يەتتى. زەينەپ جادۇگەر ھەممە جادۇگەرلەرنى يىغىپ، ئۇلار بىللە ئىسكەندەرنى كۆرۈپ بېقىشقا چىقتى. ئىسكەندەر ناھايىتى كېلىشكەن يىگىت بولغاچقا، زەينەپ ئۇنى كۆرگەن ھامان ئاشىق بولۇپ قالدى. ئىسكەندەرنى ئىززەت - ئىكرام بىلەن قەلئەگە ئېلىپ كىردى.

— بەھمەننىڭ قەۋرىگاھى قەيەردە؟ — دەپ سورىدى ئىسكەندەر. زەينەپ جاۋاب بېرىپ:

— ئەي پادىشاھ، بەھمەننىڭ قەۋرىگاھىغا ھېچ كىشى بارالمايدۇ. چۈنكى ئۇ يەر تىلسىم قىلىنغان. ئەگەر سەن مېنى ئۆز ۋەسلىڭگە يەتكۈزۈشكە ۋەدە بەرسەڭ، سېنى ئۇ تىلسىمغا مەن باشلاپ باراي، — دېدى.

ئىسكەندەر زەينەپ جادۇنىڭ شەرتىنى قوبۇل قىلدى. زەينەپ جادۇ

ئىسكەندەرنى ئۆز ھەمراھلىرى بىلەن بىللە باشلاپ ماڭدى. ئۇلار تىلسىمغا يېقىن كەلدى. ئۇ يەردە ناھايىتى ئېگىز بىر تاغ كۆرۈندى. ئىسكەندەر بۇ تاغقا قاراپ تۇراتتى. تاغدا بىر كىشى پەيدا بولدى. شۇ ھامان تاغدا گۈلدۈرماما گۈلدۈرلەپ، چاقماق چېقىپ، مۆلدۈر يېغىشقا باشلىدى. گوياكى ئۇ تاغ گۈمۈرۈلۈپ چۈشىدىغاندەك قىلاتتى. بىر پەستىن كېيىن چاقماق ۋە مۆلدۈرلەر توختىدى. تاغ ئۈستىدىكى ئادەمدىن ئەسەرمۇ كۆرۈنمىدى.

— ئەي پادىشاھ، — دېدى زەينەپ، — بۇ تىلسىملارنى يوق قىلغىلى بولىدۇ. تىلسىمنى يوقىتىپ، دارانىڭ جەستىنى قويغاندىن كېيىن، مەن يەنە قايتا تىلسىم قىلىپ بېرەي. سىز ئالدى بىلەن تاغنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈڭ. ئۇ يەردە سىزنىڭ ئالدىڭىزغا بىر ئاق رەڭلىك قۇش كېلىدۇ. ئۇنى ئۆلتۈرۈڭ، ئۇنىڭدىن كېيىن بىر ئەركەك دېۋە پەيدا بولىدۇ. ئۇنىمۇ ئۆلتۈرسىڭىز تىلسىم سۇنىدۇ.

ئىسكەندەر تولۇق قوراللىنىپ تاغنىڭ ئارقا تەرىپىگە ئۆتتى. ئۇ يەردە بىر ئاق رەڭلىك قۇش ئىسكەندەرگە ھۇجۇم قىلدى. ئىسكەندەرنى كۆتۈرۈپ ئېلىپ چىقىپ كېتىشكە قەستلىدى. ئىسكەندەر ئوق بىلەن يايىنى ئېلىپ، تازا نىشانلاپ تۇرۇپ بىر ئوق ئۈزگەندى، ئوق قۇشنىڭ كۆكسىنى تېشىپ ئۆتۈپ كەتتى. قۇش شۇ ھامان يىقىلىپ جان ئۈزدى. ئۇنىڭ ئورنىدا دەرھال بىر ئەركەك دېۋە پەيدا بولدى. دېۋە بىر يوغان شەمشاد دەرىخىنى يۇلۇۋېلىپ، ئىسكەندەرگە ئېتىلدى. ئىسكەندەر دەرھال شەمشىرىنى سۇغۇرۇپ، دېۋىنىڭ بېلىگە شەمشەر ئۇردى. دېۋە يىقىلدى. چاقماق چېقىپ، مۆلدۈر يېغىپ ئالەمنى قاراڭغۇلۇق باستى. بىر سائەتتىن كېيىن ھاۋا سۈزۈلۈپ، ئالەم يورۇدى. ئىسكەندەر قارىسا دېۋە ئەسلىدە بىر جادۇگەر ئىكەن. ئۇ ئۆلۈپتۇ. جەستى قانغا مىلىنىپ يېتىپتۇ. شۇندىن كېيىن ئىسكەندەرنىڭ كۆز ئالدىدا بىر غار نامايان بولدى. ئىسكەندەرنىڭ بارلىق نەۋكەرلىرى تاغ ئېتىكىگە يېتىپ كەلدى. ئىسكەندەر ئۆز ھەمراھلىرى بىلەن بىللە غارنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ كىردى. ئۇنىڭ ئىچى ئىنتايىن ئازادە قىلىپ ياسالغان، ئۇ يەرگە زىبۇ - زىننەتلەر بىلەن بېزەلگەن بىر قانچە تەخت ئورنىتىلغانىدى. تەختتە پادىشاھلار ياتاتتى. ئىسكەندەر بۇ تەختلەرنىڭ يېنىغا كەلدى. بىرىنچى تەختنىڭ پەردىسىنى كۆتۈردى. ئۇنىڭدا چار ساقاللىق بىر كىشى ياتاتتى. ئۇنىڭ بېشىدا زۇمرەتتىن ياسالغان بىر لەۋھە ئېسىپ قويۇلغانىدى. ئىسكەندەر لەۋھەنى ئېلىپ كۆردى، ئۇنىڭغا مۇنداق قۇرلار يېزىلغانىدى: «مەن ئىسپەندىيارنىڭ ئاتىسى گۇشتاسىب بولىمەن. بۇ پانى دۇنيانىڭ دۆلىتىنى كۆزلەپ، ئوغلۇم ئىسپەندىيارنى رۇستەم بىلەن جەڭ قىلىشقا ئەۋەتىپ، ئۆلۈمگە تۇتۇپ بەردىم. ئاقىۋەتتە ئۆزۈممۇ بۇ پانىي دۇنيادىن كېتىپ قالدىم. ئەي ئىسكەندەر، مەن بۇ دەھشەتلىك تىلسىماتنى بىنا قىلدۇرغان ۋاقتىمدا، ھۆكۈمالار ماڭا: بۇ تىلسىماتنى ئىسكەندەر ئاتلىق بىر كىشى كېلىپ ئاچىدۇ، دېگەنىدى. ئەگەر سىز بۇ دەھشەتلىك ماكانغا كەلسىڭىز، قەدەم ھەققىڭىز ئۈچۈن بېشىم تۇرغان ياستۇقنىڭ تېگىدە بىر نەچچە گۆھەرنى قويۇپ

قويدۇم شۇنى ئېلىڭ» . ئىسكەندەر ئۇنىڭ ياستۇقى ئاستىغا قولىنى تىقىپ، بىر مۇنچە گۆھەرلەرنى ئالدى. ئاندىن گۇشتاسىبنىڭ روھىغا ئاتاپ دۇئا قىلدى.

ئىسكەندەر يەنە بىر تەختنىڭ يېنىغا كېلىپ پەردىنى ئاچتى. بۇ تەختتە بىر ياش يىگىت ياتاتتى. ئۇنىڭ ساقىلى چۈشۈرۈلگەن ئەمما بۇرۇتى ناھايىتى ئۇزۇن ئۆسۈپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ باش تەرىپىگە ياقۇتتىن ياسالغان بىر لەۋھە ئېسىپ قويۇلغانىدى. ئىسكەندەر ئۇنىڭغا نەزەر سالدى. لەۋھەگە مۇنداق سۆزلەر يېزىلغانىدى: «مەن ئىسپەندىيار بولىمەن. بەدنىيەتلەرنىڭ سۆزىگە كىرىپ، رۇستەم بىلەن جەڭ قىلدىم، ئاخىر بىر ئوق بىلەنلا بۇ دۇنيا بىلەن خوشلاشتىم. بۇ دۇنيانىڭ دۆلىتىنى دەپ ھەرگىز كىشىلەر بىلەن نىزا ۋە ئاداۋەت قىلىشماڭلار. ئەي پەرزەنتىم ئىسكەندەر، ئەگەر سىز مېنىڭ بۇ قەۋرىگاھىمغا كەلسىڭىز، قەدەم ھەققىڭىز ئۈچۈن ياستۇقۇمنىڭ ئاستىدا بىر نەرسە قويۇپ قويدۇم، ئېلىڭ». ئىسكەندەر ئىسپەندىيارنىڭ ياستۇقى ئاستىغا قولىنى تىقىپ بىر خەنجەرنى ئالدى. خەنجەرنىڭ دەستىسى ئالتۇندىن بولۇپ، تۈرلۈك جاۋاھىرلاردىن كۆز قويۇلغانىدى. خەنجەرنى غىلىپىدىن چىقىرىپ كۆردى. ئۇنىڭ تىغىغا: «بۇ تۇھماسىبنىڭ خەنجىرىدۇر» دېگەن خەت چېكىلگەنىدى. ئىسكەندەر ئۇ خەنجەرنى ئالغاندىن كېيىن يەنە بىر تەختنىڭ يېنىغا كەلدى. ئۇ تەختتە ساقىلى كىندىكىگە چۈشكەن بىر كىشى ياتاتتى. ئۇنىڭ بېشى تەرىپىگە بىر لەۋھە ئېسىپ قويۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭغا: «مەن تۇھماسىب بولىمەن. مەغرىپتىن مەشرىققىچە بولغان جايلارنىڭ ھەممىسىگە پادىشاھلىق قىلدىم. ماڭا دۆلەت ۋە خەزىنىنىڭ ھېچ پايدىسى بولمىدى، ئۆلۈم چاڭگىلىدا تۇتقۇن بولۇپ، ھەممە تەئەللۇقات بىلەن خوشلىشىشقا مەجبۇر بولدۇم. ياستۇقۇم ئاستىدا بىر نەرسە قويۇپ قويدۇم، قەدەم ھەققىڭىز ئۈچۈن شۇنى ئېلىڭ» دەپ يېزىلغانىدى. ئىسكەندەر ئۇنىڭ ياستۇقى ئاستىغا قولىنى تىقىپ، بىر سوپەر (قالقان) نى ئالدى. ئۇ سوپەرنىڭ يۈزىگە : «بۇ گۇرشاسىبدىن قالغان سوپەردۇر» دېگەن خەت چېكىلگەنىدى. ئىسكەندەر سوپەرنى ئېلىپ تاشقىرىغا چىقتى. ئاندىن دارانىڭ جەسىتىنى ئېلىپ كىرىپ، ئاشۇ پادىشاھلارنىڭ قاتارىغا جايلاشتۇردى. ئاندىن غارنىڭ ئىشىكىنى مەھكەم تاقىدى. زەينەپ بۇ قەبرىگاھنى قايتىدىن تىلسىم قىلىپ قويدى.

زەينەپ شۇندىن كېيىن ئىسكەندەرنى ئېلىپ قەلئەگە قايتتى. ئۇنىڭغا ئىززەت ۋە ئىلتىپاتلارنى كۆرسىتىپ خىزمەت قىلدى.

— ئەي ئىسكەندەر، — دېدى زەينەپ شۇندىن كېيىن، — بۈگۈن ئاخشام ئۆز ۋەدەڭنى ئورۇندىغىن، ۋىسال قولۇڭنى بوينۇمغا سالغىن.

ئىسكەندەر «ۋاقتى كەلگەندە بۇنىڭ بىر ئىلاجىنى قىلارمەن» دېگەن نىيەتتە زەينەپ جادۇگەرگە ماقۇل بولدى. كەچ كىرىپ قاراڭغۇ چۈشتى. ئىسكەندەر زەينەپ بىلەن بىر ياستۇققا باش قويۇپ ياتتى. بىر قولىنى زەينەپنىڭ بوينىغا سېلىپ، كېكىردىكىدىن سىقتى. يەنە بىر قولىغا خەنجىرىنى ئېلىپ، ئۇنىڭ قورسىقىغا تىقتى. زەينەپ جادۇگەرنىڭ جېنى دوزاخقا كەتتى. ئىسكەندەر شۇندىن

كېيىن زەينەپنىڭ بارلىق شاگىرتلىرىنى پارە - پارە قىلىپ ئۆلتۈردى. تاڭ ئاتتى. بۇ خەۋەر بىنگالنىڭ ۋالىيسىغا يەتتى. ۋالىي جادۇگەرلەرنىڭ ئۆلگەنلىكىدىن خەۋەر تېپىپ، ناھايىتى خۇشال بولدى. ئىسكەندەرنىڭ يېنىغا كېلىپ، شەھەرگە قايتىۋېلىپ كەلدى. ئىسكەندەر بىرنەچچە كۈندىن كېيىن بىنگالدىن يولغا چىقىپ، شىرازغا قايتىپ كەلدى ۋە ئۆز لەشكەرلىرى بىلەن قوشۇلدى. ئىسكەندەر كۆڭلىدە: «شىراز ئاھالىسى مېنى كۈتۈۋېلىشقا چىقىدۇ» دەپ خىيال قىلغانىدى، لېكىن ھېچ كىشى چىقمىدى. شۇنداق بولسىمۇ، دارانىڭ ۋەسىيىتى ۋە يۈز - خاتىرىسىنى نەزەرگە ئېلىپ، شىراز ئەھلىگە دەخلى - تەرۇز قىلماي، ئۆز لەشكەرلىرى بىلەن يۈرۈپ كەتتى.

## ئىسكەندەرنىڭ ئەلۋەندە كوھقا بېرىپ، خۇسرەۋخان ئەلۋەندە كوھى بىلەن كۆرۈشكەنلىكى ۋە ئۇنىڭدىن بەھمەننىڭ خەزىنىلىرىنى تاپشۇرۇپ ئالغانلىقى، ئاندىن كېيىن ئەفلاتۇن بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇنىڭدىن ئەرەستۇنى ۋەزىرلىككە تەلەپ قىلىپ ئالغانلىقى، ئەفلاتۇننىڭ ھېكمەتلىك ناغرىنى ئىسكەندەرگە ئىنئام قىلغانلىقى ۋە باشقا ئەھۋاللارنىڭ بايانى

ئىسكەندەر شىراز شەھىرىگە كىرمەستىن ئۆز لەشكەرلىرىنى باشلاپ شەھەر سىرتىدا قارار تاپتى. شۇ چاغدا ئىسكەندەرنىڭ سەردارلىرى مۇنداق مەلۇماتنى بەردى:

— ئەي بۈيۈك پادىشاھ، بەھمەننىڭ خەزىنىلىرى ئەلۋەندە كوھتا، خۇسرەۋخاننىڭ قېشىدا تۇرۇۋاتىدۇ. ئەلۋەندە كوھىنىڭ پادىشاھى خۇسرەۋخان گەرچە ئىرانغا تەۋە پادىشاھ بولسىمۇ، لېكىن ئۇ بەھمەننىڭ خەزىنىلىرىنى دارابىغىمۇ بەرمىدى. ئۇ: «مەن بۇ خەزىنىلەرنى بەھمەن ئەۋلادىدىن چىققان ئەڭ ئۇلۇغ كىشىگە بېرىمەن» دەۋاتىدۇ.

— ئۇنداقتا، — دېدى ئىسكەندەر، — مەن بېرىپ، خۇسرەۋخان بىلەن كۆرۈشسەم بولغىدەك.

ئىسكەندەر جەمشىد مىسرى ۋە ئۇنىڭ تاغىسى مىھتەرباد ئەييار قاتارلىق بىرقانچە كاتتىلارنىڭ ھەمراھلىقىدا ئەلۋەندەكوھقا قاراپ راۋان بولدى. بۇ خەۋەرنى ئۇ تەرەپتە خۇسرەۋخان ئاڭلاپ، ئىسكەندەرنىڭ ئىستىقبالىغا چىقىپ كۈتۈۋالدى. ئاندىن شەھەرگە باشلاپ كىرىپ، مېھماندارلىق قائىدىسىنى بەجا كەلتۈردى. ئىسكەندەر بۇ بەزمىدە ئۆزى ئىنتايىن كېلىشكەن ۋە چېھرى قۇياشتەك نۇرلۇق بىر يىگىتنى كۆردى. ئىسكەندەر خۇسرەۋخاندىن:

— بۇ يىگىت كىم بولىدۇ؟ — دەپ سورىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



— ئەي بۈيۈك پادىشاھ، — بۇ پېقىرنىڭ ئوغلى، ئىسمى ئەمىرخاندۇر، — دېدى خۇسرەۋخان جاۋاب بېرىپ. ئىسكەندەر ئەمىرخاننى بىر كۆرۈش بىلەنلا ياقتۇرۇپ قالدى. ئىسكەندەر ئەمىرخاندىن بەھمەننىڭ خەزىنىسىنى تەلەپ قىلدى.

— مەن سىزنىڭ بەھمەن ئەۋلادىدىن ئىكەنلىكىڭىزنى بىلىمەن. بىراق بەھمەن ماڭا ۋەسىيەت قىلىپ: «بۇ خەزىنىلەرنى ساڭا تاپشۇردۇم. بۇنى مېنىڭ ئەۋلادىمدىن چىققان ئەڭ ئۇلۇغ پادىشاھقا بەرگىن» دېگەنىدى. مەن سىزنىڭ بەھمەن ئەۋلادى ئىچىدىكى ئەڭ ئۇلۇغ كىشى ئىكەنلىكىڭىزنى قانداق بىلىمەن؟ مۇبادا مۇندىن كېيىن يەنە بىر كىشى «مەن بەھمەن ئەۋلادى ئىچىدىكى ئەڭ ئۇلۇغ كىشى» دېسە، ئۇنىڭغا نېمە دەپ جاۋاب بېرىمەن، - دېدى خۇسرەۋخان.

— ئۇنداقتا بۇنى قانداق قىلغاندا بىلگىلى بولىدۇ؟ — دەپ سورىدى ئىسكەندەر. خۇسرەۋخان ئېيتتىكى:

— بۇنىڭغا ئەفلاتۇن ھېكىم بىر نەرسە دېسۇن. ئۇ ھېكىم قانداق ھۆكۈم قىلسا، شۇ بويىچە قىلايلى.

ئىسكەندەر:

— ئەفلاتۇن قايسى جايدا؟ — دەپ سورىغانىدى، خۇسرەۋخان:

— ئەي پادىشاھ، ئەفلاتۇن يۇناندا بىر تاغدا ماكانلاشقان. ئۇنىڭ ئەمىر ۋە ۋەزىر پەرزەنتلىرىدىن تۆت يۈز شاگىرتى بار، — دېدى.

— كېرەك يوق، بارايلى، — دېدى ئىسكەندەر. شۇندىن كېيىن لەشكەرلىرىنى جەمشىد مىسىرىگە تاپشۇرۇپ، مېھتەرباد ئەييار، خۇسرەۋخان ۋە ئەمىرخان قاتارلىقلار بىلەن بىللە يۇنانغا قاراپ راۋان بولدى. ئۇلار ئۇزۇن مۇساپىلەرنى بېسىپ ئۇ تاغقا يېتىپ كەلدى. شۇندىن كېيىن ئاتلىرىدىن چۈشۈپ، ئاتلارنى مېھتەرباد ئەييارغا تاپشۇرۇپ، خۇسرەۋخان ۋە ئەمىرخاننى ئېلىپ پىيادە ھالدا تاغقا چىقتى. ئىسكەندەر ئۆزىنىڭ ھەمراھلىرى بىلەن بىرگە ئەفلاتۇننىڭ كىتابخانىسىغا كىردى. كۆردىكى، ئاپئاق ساقاللىرى كۆكسىگە چۈشكەن بىر كىشى تېرىدىن ياسالغان تەخت ئۈستىدە ئولتۇراتتى. ئۇ بېشىغا تاج كىيگەن، بېلىگە يىگانىلىق كەمەرنى باغلىغانىدى. ئۇنىڭ ئەتراپىدا تۆتيۈز نەپەر دانىشمەن شاگىرت ئالدىغا ھەر خىل كىتابلارنى تىزىپ، مۇنازىرە ۋە مۇتالىئە قىلىشىۋاتاتتى.

دەل شۇ چاغدا ئەفلاتۇن ھېكىم بېشىنى كىتابتىن كۆتۈرۈپ:

— ئەي ئىسكەندەر، ئەي خۇسرەۋخان، ئەي ئەمىرخان، سىلەرنىڭ بۇ يەرگە نېمىشقا كەلگەنلىكىڭلارنى بىلىمەن. سىلەر بەھمەننىڭ خەزىنىسىنى ئۇنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ ئەۋلادىغا بەرمەكچى، شۇنى سورىغىلى كەلدىڭلار. بىلىڭلاركى، بەھمەننىڭ ئەڭ ئۇلۇغ ئەۋلادى ئىسكەندەردۇر، — دېدى.

— ئەي ھېكىم، — دېدى خۇسرەۋخان، — سىزگە ئاپىرىن، مەنمۇ دەل مۇشۇنى سورىغىلى كەلگەنىدىم.

ئىسكەندەر ئەفلاتۇننىڭ بۇ كارامىتىنى كۆرۈپ ھەيران بولدى ۋە مۇنداق دېدى:

— ئەي ھېكىم، مەن نەچچە يىل پادىشاھلىق قىلىمەن؟

— سېنىڭ شاھلىقىڭ تۆت يۈز يىل داۋام قىلغۇسىدۇر. يەتتە ئىقلىمنى قولۇڭغا كىرگۈزگەيسەن. ئاسمان چەرىمدەك بولغان، يەر تۆمۈردەك قىزىغان بىر چاغقا يەتكىنىدە ئۆمرۈڭ ئاخىرلىشىپ، ئۇ ئالەمگە سەپەر قىلغايسەن. يەجۇج ۋە مەجۇجلەرگە قارشى سېپىل سوقتۇرىسەن. ئەي ئىسكەندەر، مەن خېلى بۇرۇنلا ساڭا ئاتاپ بىر تىلسىملىق ناغرا ياسىتىۋىدىم. بۇ ناغرىنى ئىلىم- ھېكمەت بىلەن ئاجايىپ خاسىيەتلەرگە ئىگە قىلىپ تەييار قىلدۇردۇم. بۇ ناغرا ئون يەتتە قات چەرمدىن ياسالدى. ئۇنىڭ ئاۋازى يەتتە فەرسەڭ يەرگىچە ئاڭلىنىدۇ. قاچانكى غەلىبە- نۇسرەت ساڭا نېسىپ بولىدىغان بولسا، ئۇنىڭدىن ئاۋاز چىقىدۇ. ئەگەر دۈشمەن غالىب كېلىدىغان بولسا، بۇ ناغرىدىن ئاۋاز چىقمايدۇ. ساڭا يەنە بىر تۇمار تەييارلاپ قويغانىدىم. ھەرقانداق جايدا بىرەر مۇشكۈلگە دۇچ كەلسەڭ، تۇمارغا نەزەر سالغايسەن ۋە شۇ بويىچە ئىش تۇتقايسەن، — دېدى ئەفلاتۇن ناغرا بىلەن تۇمارنى ئىسكەندەرگە بېرىپ. ئىسكەندەر بۇلارنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلدى ۋە مۇنداق دېدى:

— ئەي دانىشمەن ھېكىم، — ماڭا سىزدەك دانا ۋەزىر كېرەك. سىز ماڭا ۋەزىر بولۇشنى قوبۇل قىلسىڭىز.

— مەن دۇنيانى تەرك قىلغان كىشىمەن. قانداق قىلىپ ساڭا ۋەزىر بولىمەن. چاپان تىككۈچىلەرنىڭ مىننىتىنى تارتماسلىق ئۈچۈن چاپانمۇ كىيمەي يۈرىۋاتقان ئادەممەن، — دېدى ئەفلاتۇن.

ئىسكەندەر ئۇنىڭدىن:

— قىش كۈنى قانداق قىلىسىز؟ — دەپ سورىدى. ئەفلاتۇن جاۋاب بېرىپ:

— ئىلىم - ھېكمەت ئارقىلىق بىر خىل ياغ تەييار قىلىپ، بەدىنىمگە سۈركەيمەن، بەدىنىمگە قوينىڭ يۇڭىدەك تۈكلەر ئۈنۈپ چىقىدۇ - دە، تېنىمگە سوغۇق تەسىر قىلالمايدۇ، ياز كۈنى بەدىنىمگە لۆڭگە ئوراپ يۈرىمەن، — دېدى.

— سىز ماڭا ۋەزىر بولمىسىڭىز، — دېدى ئىسكەندەر، — ئۇنداقتا شاگىرتلىرىڭىزدىن بىرىنى ۋەزىرلىككە بېرىڭ.

ئەفلاتۇن شاگىرتلىرىغا قاراپ:

— ئەي شاگىرتلىرىم، ئىسكەندەر سىلەردىن بىر كىشىنى ئۆزىگە ۋەزىر بولۇشقا تەكلىپ قىلىۋاتىدۇ. كىم ئىختىيار قىلسا ئورنىدىن تۇرسۇن، مەنسەپ ۋە ئابرويغا ئىگە بولىدۇ، — دېدى. ھېچ كىشى ئورنىدىن تۇرمىدى، ئىككىنچى قېتىم جاكارلىندى. يەنە ھېچكىم تۇرمىدى. ئۈچىنچى قېتىم قايتا جاكارلانغاندى ئەرەستۇ ھېكىم ئورنىدىن تۇردى. بۇنى كۆرگەن ئەفلاتۇن ۋە ئۇنىڭ شاگىرتلىرى ئەرەستۇغا غەزەپ بىلەن تىكىلدى. بۇ ئىش ئىسكەندەرگە ئېغىر كەلدى ۋە:

— نېمە سەۋەبتىن تىكىلىسىلەر؟ — دەپ سورىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئەفلاتۇن :
— شاگىرت ئىلىمدىن ئەمەل — مەنسەپنى ئەلا كۆردى، — دېدى.
ئەفلاتۇننىڭ شاگىرتلىرىمۇ تەڭلا چۇقۇرىشىپ :
— ئۇنىڭ ئەفلاتۇندەك ئۇستازنى تاشلاپ، ئەمەل - مەنسەپكە ئالدانغانلىقىغا تۇكۇرۇۋاتىمىز، — دېيىشتى. ئىسكەندەر :
— ئەرەستۇ مېنى دەپ مۇشۇنچە ھاقارەتلەندى. مەن ئۇنىڭ مەرتىۋىسىنى شۇنداق يۇقىرى قىلىمەنكى، بۇندىن كېيىن مېنىڭ يېنىمغا جاھاننىڭ ئەڭ ئۇلۇغ ئەللامىسى كەلگەن تەقدىردىمۇ ئەرەستۇدىن يۇقىرى ئورۇن بەرمەيمەن، — دېدى.
ئەفلاتۇن :
— ئەي ئەرەستۇ، سەن بۇ يەردىن نېمىنى خالىساڭ ئېلىپ كەتكىن، — دېدى.
— ئاۋۋال مېنىڭ ئۈچۈن بىر دۇئا قىلىسىڭىز، — دېدى ئەرەستۇ. ئەفلاتۇن ئېيتتىكى :
— بۇ سۆزۈڭدىن ئۆتكىن، دۇئا قىلمايمەن. بۇنىڭدىن باشقا ھەر نېمە تىلىسەڭ - تىلىگىن.
— ئۇنداق بولسا، سىزنىڭ ئورۇن باسارىڭىز جالىنۇس ھېكىم يېزىپ چىققان كىتابنى بەرسىڭىز، — دېدى ئەرەستۇ.
بۇ كىتاب ئىلمىي نۇجۇم ھەققىدىكى كىتاب ئىدى. يەتتە ۋارىقى ئۇستۇرلاب ھەققىدە ئىدى. كىتابنى ئېلىپ كېلىپ، ئەرەستۇغا بەردى.
ئەرەستۇ ئەرەستۇتالىس دەپمۇ ئاتىلىدۇ ھەم پۈتكۈل پەيلاسوپلارنىڭ ئۇستازى دەپ قارىلىدۇ. «ئەرەستۇتالىس» دېگەن بۇ سۆز يۇنانچە سۆز بولۇپ، «پەزىلەت ۋە كامالەت ئىگىسى» دېگەن مەننىنى بىلدۈرىدۇ. «پەيلاسوپ» دېگەن سۆزمۇ يۇنانچە بولۇپ، «ھېكمەتنى دوست تۇتقۇچى» دېگەن مەنىدە ئىكەن. ئەرەستۇ بەلىنە شەھىرىدە تۇغۇلدى. يىگىرمە يىل ئەفلاتۇننىڭ خىزمىتىدە بولۇپ، ئىلىم ۋە ھېكمەت ئۆگەندى. ئاندىن ئىسكەندەرگە ئىلىم - ھېكمەتلەرنى ئۆگەتتى. يۈز يىگىرمە كىتاب يېزىپ چىقتى. نۇرغۇن شەھەرلەردە ھېكمەت ئەھلىگە دەرس بەردى. پۈتۈن ھاياتىدا خۇداگويلار بىلەن بىللە بولدى.
ئىسكەندەر شۇندىن كېيىن ئەفلاتۇن بىلەن خوشلاشتى. ئەرەستۇنى ئېلىپ، خۇسرەۋخان ۋە ئەمىرخانلار بىلەن بىرلىكتە بۇ جايدىن قايتىپ چىقتى. ئەفلاتۇن بەرگەن ناغرىنى تۆگىگە يۈكلەپ، ئەلۋەندە كوھ شەھىرىگە قايتىپ كەلدى.
خۇسرەۋخان بەھمەننىڭ خەزىنىسىنى ئىسكەندەرگە تاپشۇردى. ئۇنىڭغا قوشۇپ يەنە ئىككى تۆگە ئالتۇن ۋە جاۋاھىراتلارنى سوۋغا قىلدى. ئىسكەندەر بۇ بايلىقلارنىڭ ھەممىسىنى ئەمىرخانغا بەردى. ئەمىرخان ئىسكەندەرنىڭ بۇ مەردانىلىقىغا كۆپ سۆيۈندى :
— ئەي ئاتا، مەن بۈگۈندىن باشلاپ ئىسكەندەرگە خىزمەتكار بولۇش قارارىغا كەلدىم، — دېدى ئەمىرخان ئاتىسى خۇسرەۋخانغا. ئاندىن كېيىن ئىسكەندەرگە

قاراپ سۆزىنى داۋام قىلدى، — ئەي پادىشاھ، جېنىم تېنىمدىلا بولىدىكەن سىزنىڭ يېنىڭىزدىن يىراق بولمايمەن.
ئىسكەندەر ئەمىرخاننى كۆپ ئىززەت - ئىكراملار قىلىپ، ئۇنى پۈتكۈل قوشۇننىڭ قوشبېگى قىلىپ تەيىنلىدى. ئاندىن خۇسرەۋخان ئەلۋەندە كوھى بىلەن خوشلىشىپ، ئەمىرخان ۋە مېھتەرباد ئەييار بىلەن بىللە باغدادقا قاراپ يولغا چىقتى. سۇلتان ئەبۇلفەزل باغدادى ئىتائەت كەمىرىنى بېلىگە باغلاپ، ئون ئىككى مىڭ لەشكەر بىلەن ئىسكەندەرنىڭ يېنىغا يېتىپ كەلدى. ئاندىن ئۇلار مەۋسىلگە قاراپ يولغا چىقتى. ئۇلار مەۋسىلگە يېتىپ كەلگەندە خۇسرەۋخان مەۋسىلى ئالتە مىڭ لەشكەر بىلەن ئالدىغا چىقىپ، ئىسكەندەرگە نۆكەر بولدى.
ئاندىن ئىسكەندەردىن سورىدى:
— ئەي بۈيۈك شاھ، ئەمدى قەيەرگە بارماقنى خىيال قىلىۋاتىسىز؟
— رۇمغا بېرىپ، بوۋام فەيلەقۇسنى كۆرسەم دەيمەن، — دېدى ئىسكەندەر.
خۇسرەۋخان مەۋسىلى ئېيتتىكى:
— بىھۇدە ئاۋارە بولىسىز، بارماڭ. بوۋىڭىز فەيلەقۇس ۋاپات بولدى. ئۇنىڭ ئورنىغا قەيسەرى رۇمى ئەۋلادىدىن يەنە بىرى چىقىپ رۇمغا پادىشاھ بولدى ۋە ئۆزىنى قەيسەر دەپ ئېلان قىلدى. قەيسەر مۇشۇ كۈنلەردە: «فەيلەقۇس مېنىڭ ئاتامنى ئۆلتۈرگەندى. ئەمدى مەن فەيلەقۇسنىڭ ئەھلى ئەۋلادىدىن قەيەردە بولسا، شۇ يەردە ئۆلتۈرىمەن» دەۋاتقۇدەكمىش. ئىسكەندەر ئەرەستۇدىن:
— ئەي ھېكىم، مەن قەيسەر بىلەن جەڭ قىلاي دېسەم ئاتلار بەك ئورۇقلاپ كەتتى، قانداق قىلىش كېرەك؟ — دەپ سورىدى. بۇنى ئاڭلىغان ئەمىرخان مۇنداق بىر خەۋەرنى يەتكۈزدى:
— ئەي ئۇلۇغ شاھ، بەھمەننىڭ ئون ئىككى مىڭ تۇياق ئېتى قەتران دېگەن تاغدا تۇرىۋاتىدۇ. بۇ ئاتلارنى فىرۇزشاھ باشقۇرىۋاتىدۇ. بەھمەندىن كېيىن بۇ ئاتلارنى ھېچ كىشى فىرۇزشاھتىن ئالالمىدى. فىرۇزشاھ ناھايىتى زەبەردەست پالۋان ئادەم. قولىدا كۆتۈرۈپ يۈرىدىغان گۈرزىسى بىر مىڭ ئىككى يۈز پاتمان كېلىدۇ. ئۇنىڭ قېشىدا يەنە ئون ئىككى مىڭ شەمشەرۋاز لەشكىرى بار.
— ئۇنداقتا بىز قەتران تېغىغا بارساق بولغىدەك، — دېدى ئىسكەندەر.
ئىسكەندەر شۇندىن كېيىن ئۆز ھەمراھلىرى بىلەن بىللە قەتران تېغىغا قاراپ يولغا چىقتى. ئۇزۇن ئۆتمەي بۇ تاغقا يېتىپ باردى. ئاندىن بىر جايدا توختاپ، فىرۇزشاھقا مەكتۇپ ئەۋەتتى. مەكتۇپنىڭ مەزمۇنى مۇنداق ئىدى: «ئەي فىرۇزشاھ، شۇنى بىلگىنكى، مەن دارابنىڭ ئوغلى ئىسكەندەر بولىمەن. بوۋام بەھمەننىڭ يىلقىلىرىنى ئالماقچىمەن. سەن ھەممە يىلقىلارنى ئېلىپ كەلگەيسەن. ماڭا ھازىر ئات بەك زۆرۈر بولۇپ قالدى. شۇڭا بوۋامنىڭ يىلقىلىرىغا موھتاج بولۇپ تۇرىۋاتىمەن. نامە تامام، ۋەسسەلام». بۇ مەكتۇپنى مېھتەرباد ئەييار ئېلىپ، فىرۇزشاھنىڭ ھۇزۇرىغا باردى. ئۇ تاغدا نۇرغۇنلىغان چېدىرلار بار ئىدى. فىرۇزشاھنىڭ چېدىرى بۇ چېدىرلارنىڭ ئوتتۇرىسىغا

ئورۇنلاشقانىدى. مىھتەرباد مۇھاپىزەتچىلەرنىڭ ئىجازىتى بىلەن فىرۇزشاھنىڭ بارگاھىغا كىردى. بارگاھ ئىچىدە فىرۇزشاھ ئولتۇراتتى. ئۇ ئىنتايىن بەقۇۋۋەت كىشى ئىدى. يۈزلىرىدىن نۇر يېغىپ تۇراتتى. مىھتەرباد ئىسكەندەر ئەۋەتكەن مەكتۇپنى فىرۇزشاھقا بەردى. فىرۇزشاھ مەكتۇپنى كۆرگەندىن كېيىن قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتتى:

— ئىسكەندەر مەندىن يىلقىلارنى ئالىمەن دەپ خىيال قىلىۋېتىپتۇ-دە، — دېدى فىرۇزشاھ مىھتەربادقا، — سەن بېرىپ ئىسكەندەرگە ئېيت، جەڭگە تەييار بولسۇن. كۈچى يەتسە بۇ يىلقىلارنى شەمشەرنىڭ كۈچى بىلەن ئالسۇن.

مىھتەرباد ئەييار قايتتى. فىرۇزشاھ ئورنىدىن تۇرۇپ چېدىردىن چىقتى. بىرلا بەلگە بەرگەنىدى، مۇكەممەل قوراللانغان ئون ئىككى مىڭ ئاتلىق لەشكەر تاغدىن چۈشتى.

مىھتەرباد ئەييار قايتىپ بېرىپ خەۋەرنى ئىسكەندەرگە يەتكۈزدى. ئۇزۇن ئۆتمەي فىرۇزشاھ لەشكەرلىرىنى باشلاپ كېلىپ ئىسكەندەرگە ئانچە يىراق بولمىغان بىر جايغا چۈشۈپ، چېدىر-بارگاھ تىكتى، ئىسكەندەر بۇنىڭدىن خەۋەر تېپىپ، ئەمىرخان بىلەن ئەرەستۇنى فىرۇزشاھنىڭ بارگاھىغا ئەۋەتتى.

فىرۇزشاھقا: «ئىسكەندەرنىڭ قوشۇن بېگى بىلەن ۋەزىرى كەلدى» دېگەن خەۋەر يەتتى. فىرۇزشاھ:

— ئۇلارنى باشلاپ كىرىڭلار، — دەپ پەرمان قىلدى.

ئەرەستۇ بىلەن ئەمىرخان بارگاھ ئىچىگە كىردى. فىرۇزشاھ ئۇلارنى ئۆزىنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى. ئاندىن:

— بۇ يەرگە نېمە زۆرۈرىيەت بىلەن كېلىپ قالدىڭلار؟ — دەپ سورىدى.

ئەرەستۇ ئېيتتىكى:

— ئىسكەندەر بىزنى «فىرۇزشاھنىڭ بۇ يەرگە لەشكەر باشلاپ كېلىشتىكى غەرىزىنى ئۇقۇپ كېلىڭلار» دەپ ئەۋەتتى.

— مېنىڭ غەرىزىم شۇكى، — دېدى فىرۇزشاھ، — مەن ئىسكەندەردىن بىر سوئال سورايمەن. ئەگەر راستلىق بىلەن جاۋاب بەرسە ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىمەن. ئەگەر توغرا جاۋاب بەرمىسە ئۇنىڭ بىلەن جەڭ قىلىمەن.

— ئورنۇڭدىن تۇرغىن، ئۇنداقتا ئىسكەندەرنىڭ ھۇزۇرىغا بارايلى، — دېدى ئەرەستۇ. شۇندىن كېيىن ئۇلار بىرلىكتە ئىسكەندەرنىڭ بارگاھىغا باردى. ئىسكەندەر فىرۇزشاھقا ناھايىتى ئىززەت-ئىكرام قىلدى. كۆرۈشۈشتىن كېيىن فىرۇزشاھ:

— بىر خىلۋەت ئورۇن بولسا، مەن سىزدىن سوئال سورايتتىم، — دېدى.

ئىسكەندەر بارلىق ئوردا ئەھلىنى سىرتقا چىقىپ تۇرۇشقا ئەمىر قىلدى. ئوردا خىلۋەت بولدى. بىراق ئەمىرخان ئىسكەندەرنىڭ ھاياتىدىن ئەنسىرەپ، ئۇنىڭ ئارقىسىدا شەمشەر تۇتۇپ، مۇھاپىزەت قىلىپ تۇردى. شۇندىن كېيىن فىرۇزشاھ سورىدىكى:

— ئەي ئىسكەندەر. سەن شۇنىڭغا جاۋاب بەرگىن، بوۋاڭ بەھمەن ئۆزىنىڭ قىزى ھۇماي بىلەن جىما قىلدى. ئۇ ياخشى قىلدىمۇ؟

— تەڭرى تەئالا ئۇ بەتكىردارنىڭ گۇناھىنى ھەرگىز مەغپىرەت قىلمايدۇ. ئۇ ناپاك ئىنتايىن يامان ئىش قىلدى، — دېدى ئىسكەندەر.

فىرۇزشاھ شۇ ھامان ئورنىدىن تۇرۇپ:

— توغرا ئېيتتىڭ، — دېدى ۋە ئىسكەندەرنىڭ پۇتىنى سۆيۈپ تۇرۇپ سۆزىنى داۋام قىلدى، — مەن سېنى ئاتا-بوۋىسىنىڭ تەرىپىدە تۇرامدۇ ياكى توغرىلىق تەرىپىدىمۇ دەپ بۇ سوئالنى سورىغانىدىم.

شۇ كۈنى فىرۇزشاھ ئۆزىنىڭ ۋەزىر-ئەمىرلىرى بىلەن بىللە ئىسكەندەر بارگاھىدا مېھمان بولدى. ئەتىسى فىرۇزشاھنىڭ پەرمانىغا بىنائەن يىلقىلار ئېلىپ كېلىنىپ، ئىسكەندەرنىڭ ئالدىدىن بىر-بىرلەپ ئۆتكۈزۈلدى. ئىسكەندەرنىڭ ئاتلار ئارىسىدا بىر ئارىلاشما نەسىللىك ئارغىماققا كۆزى چۈشۈپ قالدى. ئۇنىڭ بەدىنىدە مىڭ خىل رەڭ تاۋلىنىپ تۇراتتى. ئىسكەندەر فىرۇزشاھتىن بۇ ئاتنىڭ ئەھۋالىنى سورىدى.

— بۇ ئارغىماقنىڭ ئاتا تەرەپ نەسلى سۇ ئېتىدۇر، — دېدى فىرۇزشاھ.

ئىسكەندەر ئۇنىڭدىن:

— بۇنى قانداق قىلىپ قولغا چۈشۈردىڭىز؟ — دەپ سورىدى.

— بىر كۈنى، — دېدى فىرۇزشاھ، — دەريا لېۋىدە يىلقىلار ئوتلاۋاتاتتى. قارىسام دەريادىن بىر ئەركەك ئات چىقتى. بۇ سۇ ئېتى كېلىپ، دەريا لېۋىدە ئوتلاۋاتقان يىلقىلار ئىچىدىكى بىر بايتال بىلەن جۈپلەشتى. شۇندىن كېيىن سۇ ئېتى بۇ بايتالنى سۇغا بىرگە ئېلىپ كىرىپ كەتمەكچى بولدى. مەن بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، بۇ بايتالنى تۇتقۇزۇپ، ئايرىم باقتۇردۇم. بايتالدىن ئاخىر مۇشۇ ئارغىماق تۇغۇلدى. بۇ ئارغىماقنى ھازىرغىچە ھېچ كىشى مىنىپ باقمىدى.

ئىسكەندەر بۇ ئارغىماقنى توقۇپ، تەييارلاشنى بۇيرۇدى. ئىگەر-جابدۇقلار كەلتۈرۈلدى. ئارغىماقنى توقۇدى. ئىسكەندەر ئۈزەڭگىگە پۇتىنى ئېلىپ، شۇنداق مىنىشىگىلا ئارغىماق قويۇندەك چېپىپ كەتتى، ئۇ تېزگىنىنى قانچە تارتىپ باققان بولسىمۇ زادىلا توختىتالمىدى. ئارغىماق ئىسكەندەرنى ئېلىپ قاچقىنىچە دەريا لېۋىگە يېتىپ كەلدى ۋە ئۆزىنى دەرياغا ئاتتى. ئىسكەندەر قانچە تىرىشىپ-تىرماشقان بولسىمۇ پايدىسى بولمىدى. ئارغىماق ئىسكەندەرنى ئېلىپ، سۇدا ئۈزۈشكە باشلىدى. ئاخىر بىر ئارالغا يېتىپ كەلدى. ئارغىماق ئارالغا چىقىپ ئوتلاشقا باشلىدى. ئىسكەندەر ئارغىماقتىن چۈشۈپ، ئۇنى بىر دەرەخكە مەھكەم باغلىدى. ئاندىن كىيىملىرىنى سېلىپ قۇرۇتتى. بۇ ئارالدىكى مېۋىلەردىن ئازراق يېدى. ئاندىن ئارغىماققا مىنىپ قۇرۇقلۇق يولى بىلەن بىر يەرگە يېتىپ كەلدى. ئۇنىڭ ئالدىدا بىر قەلئە كۆرۈندى. ئۇنىڭ ئون ئىككى نۆقتىسى بار ئىدى، ھەر بىر نۆقتىدا بىردىن دېۋە بويىنىغا دۇمباق ئېسىپ، بىر نەچچە نەپەر زەڭگى كارناي تۇتۇپ ئولتۇراتتى. ئىسكەندەر بۇنى كۆرۈپ ھەيران

قالدى. قەلئەنىڭ تۆۋەن تەرىپىدە بىر تۈپ دەرەخ بار ئىدى. بۇ دەرەخنىڭ سايىسى كەڭ بىر پارچە يەرگە چۈشۈپ تۇراتتى. دەرەخنىڭ ئاستىدا بىر سۈزۈك بۇلاق بار ئىدى. بۇلاق يېنىدا بىر ئازادە كارىۋات قويۇلغان، كارىۋات ئۈستىگە تۇرلۇك ئېسىل بىساتلار سېلىنغانىدى. چەرمىدىن قىلىنغان بىر داستىخان دەرەخ شېخىغا ئېسىقلىق تۇراتتى. ئىسكەندەر ئۇ داستىخاننى ئېلىپ ئاچتى. ئىچىدىن تۇرلۇك - تۇرلۇك ئېسىل نازۇ - نېمەتلەر چىقتى. ئىسكەندەر بۇ نېمەتلەردىن ئېلىپ يېدى. بۇ چاغدا ئىسكەندەرنىڭ يېنىغا بىر ئەييار يېتىپ كەلدى. ئۇ ئۈستىۋېشىغا ساۋۇت كىيگەن، بېلىگە باغلىۋالغان كەمەرگە تۆت دانە خەنجەر ئاسقانىدى. بۇ ئەييار ئىسكەندەرنى كۆرۈپ سالام قىلدى. ئاندىن:

— سەن كىم بولىسەن؟ — دەپ سورىدى.

— مەن ئىسكەندەر رۇمى بولىمەن، — دېدى ئىسكەندەر. ئۇ كىشى ئېيتتىكى:

— ئەي پادىشاھ، مېنى مېھتەرى مەھمۇد ئەييار دەپ ئاتايدۇ. بىز بىر ئاتا - بىر ئانىدىن ئىككى بىر تۇغقاندۇق. قېرىندىشىمنىڭ ئىسمىنى مېھتەرى نەئىم دەپ ئاتايدۇ. بىز ئەرەبلەردىن بولىمىز. مەن قىرىق مىڭ ئۆيلۈك ئەرەبنىڭ كاتتىسىمەن. قېرىندىشىم ئەييارلىق ۋە خەنجەر ۋازلىقتا ماھىر ئىدى. بۇ تۇرغان قەلئەنى «غولان قەلئەسى» (دېۋە قەلئەسى) دەپ ئاتىشىدۇ. قېرىندىشىم مۇشۇ قەلئەگە بىر كىرىپ كەتكەنچە قايتىپ چىقمىدى. ئۇنىڭ كىرىپ كەتكىنىگە ئۈچ يىل بولدى. مەن بىرەر پالۋان ياكى دانىشمەن كېلىپ، بۇ قەلئەنىڭ تىلسىمىنى بىكار قىلىپ، قېرىندىشىمنى قۇتقۇزسا، قېرىندىشىم ئىككىمىز ئۆمۈر بويى ئۇنىڭغا چاكار بولۇپ خىزمەت قىلىمىز، دەپ قەسەم قىلدىم. ئۈچ يىلدىن بېرى مانا مۇشۇ يەردە ساقلاۋاتىمەن.

— ئەگەر قېرىندىشىڭنى ئېلىپ چىقىپ ساڭا تاپشۇرمىسام، پادىشاھ ئەۋلادى بولماي كېتەي، — دەپ قەسەم قىلدى ئىسكەندەر. شۇندىن كېيىن بىر پارچە خەت يازدى. خەتتە: «ئەي ئەرەستۇ، ئەي ھەممە سەركەردە - پالۋانلىرىم، مەن تىلسىملىق قەلئە ئىچىگە قەدەم قويدۇم. ئەگەر ئۈچ كۈنگىچە تاشقىرىغا چىقمىسام، ھەرقايسىڭلار ئۆزۈڭلار خالىغان شەھەرگە قايتىپ كېتىڭلار.» دەپ يېزىلغانىدى. ئىسكەندەر خەتنى مېھتەرى مەھمۇد ئەييارغا بەردى. ئەييار بۇ خەتنى ئېلىپ ئەرەستۇنىڭ يېنىغا يۈرۈپ كەتتى. ئىسكەندەر مۇكەممەل قوراللىنىپ قەلئە تەرەپكە قاراپ راۋان بولدى.

## ئىسكەندەر ساھىبقىراننىڭ جەمشىد تىلسىمىنى قولغا كەلتۈرگەنلىكى

«ئىسكەندەر نامە» نىڭ بىرىنچى جىلدىدە مەۋلانا مەنۇچېھرە ھەكىم مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ:

ئىسكەندەر قەلئەگە يېقىن كەلدى. بىردىنلا بۇ يەردىكى دېۋە ھەم ۋاقتىكى،

زەڭگىلەر كارناي - دۇمباقلىرىنى چېلىشقا باشلىدى. بۇ ۋاقىتتا ئىسكەندەرنىڭ قۇلىقىغا غايىبتىن بىر ئاۋاز ئاڭلاندى: «قەلئەنىڭ ئىشىكى ئېچىلىپ، ئۇنىڭ ئىچىدىن بىر قارا خىزمەتكار چىقىدۇ. ئۇنىڭغا بىرەر ئىلاج قىلساڭ، تىلسىمنىڭ ئاچقۇچى قولۇڭغا كېلىدۇ.» ئىسكەندەر غايىبتىن ئاڭلانغان بۇ سۆزدىن كېيىنلا قەلئەنىڭ ئىشكى ئېچىلغانلىقىنى كۆردى. ئىچىدىن بىر زەڭگى چاكار چىقتى. ئىسكەندەر مۇشتىنى تۈگۈپ بىرنى ئۇرغانىدى، ئۇ چاكارنىڭ بېشى يېرىلىپ، مېڭىسى چۇۋۇلۇپ كەتتى. شۇ هامان هاۋا گۈلدۈرلەپ، چاقماق چېقىشقا باشلىدى. يامغۇر سەلدەك تۆكۈلدى. بىر پەستىن كېيىن هاۋا ئېچىلىپ، يامغۇر توختىدى. قەلئەگە كىرىدىغان بىر تۆشۈك پەيدا بولدى. ئىسكەندەر بۇ تۆشۈكتىن بىر لەخمىگە كىردى. لەخمە ئارقىلىق بىر جايغا يېتىپ كەلدى. ئۇ يەردە بىر قېرى كىشى ئالدىدا كىتابنى قويۇپ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ ئالدىدا بىر چىراغ تۇراتتى. ئۇ كىشى ئىسكەندەرگە:

— ئەي ئوغلۇم، خۇدا هەققى، كەلگىن، چىرىغىمنى ياندۇرۇپ بەرگىن، مەن كىتابىمنى ئوقۇي، — دەپ يالۋۇردى. ئىسكەندەر ئۇنىڭ چىرىغىنى ياندۇرۇپ بەرمەكچى بولغانىدى، شۇ هامان ئىسكەندەرنىڭ قۇلىقىغا غايىبتىن: «چىراغنى هەرگىز ياندۇرمىغىن، بۇ قېرىنى ئۆلتۈرگىن» دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى. ئىسكەندەر شۇ هامان شەمشىرىنى ئۇ قېرىنىڭ كۆكسىگە تىقتى. قېرى شۇ جايدىلا ئۆلدى. هاۋا يەنە قايتىدىن گۈلدۈرلەپ، چاقماق چېقىلدى. بىردەمدىن كېيىن چاقماق ئاۋازى پەسەيدى. ئىسكەندەرنىڭ ئالدىدا بىر مەخلۇقنىڭ جەستى ياتاتتى. ئىسكەندەرنىڭ قۇلىقىغا: غايىبتىن «بۇ جەسەتنىڭ كۆكرىكى ئىچىدە مۇشۇ تىلسىمنىڭ لەۋھەسى بار. ئۇنى ئالغىن، شۇ لەۋھەدە نېمە يېزىلغان بولسا، ئۇنىڭغا ئەمەل قىلغىن» دېگەن سادا ئاڭلاندى. ئىسكەندەر خەنجىرى بىلەن جەسەتنىڭ كۆكرىكىنى ياردى. لەۋھەنى ئېلىپ كۆردى. لەۋھەگە: «ئالدىڭدا كۆرۈنگەن باغقا كىرگىن. ئۇ يەردە هەرقانداق نەرسىنى كۆرسەڭ ئۆلتۈرگىن» دېگەن خەت يېزىلغانىدى. ئىسكەندەر باغقا قەدەم قويدى. باغدا بىرمۇنچە دېۋىلەرنى كۆردى. بۇ دېۋىلەر ئاغزىدىن گويا ئەجدىهاغا ئوخشاش ئوت پۈركۈپ تۇراتتى. دېۋىلەر بىراقلا يۇپۇرۇلۇپ كېلىپ، ئىسكەندەرگە هۇجۇم قىلدى. ئىسكەندەر شەمشىرىنى غىلىپىدىن سۇغاردى - دە، ئۇلارنى ئۆلتۈردى. ئۇ دېۋىنىڭ قېنى تۆكۈلۈش بىلەنلا ئۇ قاندىن يەنە نۇرغۇن دېۋىلەر پەيدا بولدى. ئىسكەندەر بۇ ئىشقا هەيران بولۇپ قولىدىكى لەۋھەگە قارىدى. لەۋھەدە: «بۇ لەۋھەنى ئۇ دېۋىلەرنىڭ ئارىسىغا تاشلىغىن، قېنى نېمە كۆرسەنكىن» دېگەن خەت چىقتى. ئىسكەندەر لەۋھەنى دېۋىلەرنىڭ ئارىسىغا تاشلىدى. شۇ هامان بارلىق دېۋىلەر يوقالدى. ئىسكەندەر قارىسا كۆز ئالدىدا باغمۇ، قەلئەمۇ يوق. هەممىسى غايىب بولغانىدى.

ئىسكەندەردىن ئايرىلىپ قالغان ئەرەستۇ، ئەمىرخان قاتارلىقلار ئىسكەندەرنى ئىزدەپ، قۇرۇقلۇق يولى بىلەن بۇ قەلئەنىڭ يېنىدىكى دەرەخنىڭ تۈۋىگە يېتىپ كەلدى. بۇ چاغدا مىهتەرى مەهمۇد ئۇلارغا ئىسكەندەرنىڭ مۇشۇ قەلئەگە كىرىپ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



كەتكەنلىكىنى ئېيتتى. ئۇلار تەشۋىشلىنىپ تۇراتتى، قەلئەنىڭ ئېلىنغانلىقى تىلسىمنىڭ يوقالغانلىقى بىلىندى. قەلئە كۆزدىن غايىب بولدى. ئورنىدا بىر كارۋان ساراي پەيدا بولدى. ئىسكەندەر قايتىپ كەلدى. ئەرەستۇ قاتارلىقلار ئىسكەندەرنىڭ ئايىغىغا باش قويۇشتى. قەلئە ئورنىدا پەيدا بولغان كارۋان سارايدىن بىرمۇنچە قېرى كىشىلەر چىقىپ كەلدى. ئۇلاردىن بىر كىشى ئالتۇن ئاچقۇچنى ئېلىپ كېلىپ ئىسكەندەرگە بەردى ۋە:

— ئەي بۈيۈك شاھ، بۇ ھۇجرىلارنىڭ ئىشىكىنى ئاچقىن، بۇ جەمشىدنىڭ تىلسىمى ئىدى. بۇ يەردە جەمشىدنىڭ تۇغ - ئەلەمى ۋە بارگاھى بار، — دېدى.

ئىسكەندەر بىر ھۇجرىنىڭ ئىشىكىنى ئاچقانىدى، ئۇ يەردىن بىر ئەييار چىقتى - دە، ئىسكەندەرنىڭ ئايىغىغا يىقىلىپ، پۇتلىرىنى سۆيدى. مېھتەرى مەھمۇد بۇ ئەييارنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى.

— بۇ كىم ؟ — دەپ سورىدى ئىسكەندەر مېھتەرى مەھمۇدتىن.

— مېنىڭ قېرىندىشىم مېھتەرى نەئىم دېگەن مۇشۇ، — دەپ جاۋاب بەردى مېھتەرى مەھمۇد.

ئىسكەندەر شۇندىن كېيىن ھۇجرىلارنىڭ ھەممىسىنى ئېچىپ، جەمشىدنىڭ ئەسلىھەلىرىنى سىرتقا توشۇتقۇزدى. ھۇجرىدىن ناھايىتى قاماتلىك بىر كىشى چىقىپ كەلدى. ئىسكەندەر ئۇنىڭدىن:

— سەن نېمە ئادەم؟ — دەپ سورىدى. ئۇ كىشى جاۋاب بېرىپ:

— مەن جەمشىدنىڭ تۇغ - ئەلەملىرىگە مەسئۇل كىشىمەن. نەچچە زامانلاردىن بېرى مۇشۇ تىلسىمدا ئىدىم. مېنىڭ ئېتىمنى ھەردۇم دەپ ئاتىشىدۇ، — دېدى.

ئىسكەندەر شۇنىڭدىن كېيىن، «جەمشىدنىڭ چېدىر - بارگاھى تىكىلسۇن!» دەپ پەرمان چۈشۈردى. بارگاھ تىكىلدى. بۇ بارگاھ شۇ قەدەر چوڭ ئىدىكى، ئۇنىڭ بىر مىڭ تۆت يۈز تۈۋرۈكى بار ئىدى. ئىسكەندەر بۇ بارگاھنى كۆرگەندىن كېيىن ئەرەستۇغا:

— مېنىڭ قولۇمغىمۇ مۇشۇ بارگاھ تولغۇدەك پادىشاھلار، ۋەزىر - ۋۇزرالار ۋە سەركەردە - باتۇرلار كىرگەن بولسا نەقەدەر ياخشى بولاتتى - ھە، — دېدى.

— ئەي شاھىم، — دېدى ئەرەستۇ، — سىز خاتىرجەم بولۇڭ. سىزنىڭ ھۇزۇرىڭىزغا شۇ قەدەر كۆپ تاجدارلار ۋە باھادىرلار يىغىلىدۇكى، ئۇلارغا ئولتۇرۇشقا بۇ بارگاھتىن ئورۇن يېتىشمەي قالىدۇ. سىز پۈتكۈل مەغرىبتىن - مەشرىققىچە بولغان جايلارنىڭ ھەممىسىنى بويسۇندۇرىسىز.

ئىسكەندەر خۇشال بولۇپ، جەمشىد بارگاھىدا ئورۇنلاشتى. شۇ چاغدا بارگاھقا بىر پىيادە كىشى يېتىپ كەلدى. ئۇ:

— مېنىڭ گەردىنىمدە خەت بار، ئېلىپ كۆرۈڭلار، — دېدى - دە، ھوشىدىن كەتتى.

— ئۇنى ئاختۇرۇپ، خەتنى تېپىڭلار، — دەپ بۇيرۇدى ئىسكەندەر.

مۇلازىملا بۇ كىشىنى ئاختۇرۇپ، خەتنى تاپتى. ئىسكەندەر خەتنى ئوقۇتۇپ ئاڭلىدى. خەتتە مۇنداق دېيىلگەنىدى: «ئەي ئىسكەندەر، مەن ھامانىنىڭ ئوغلى ئىبراھىم خەلىلۇللاھ بولىمەن، مۇسۇلمانمەن. ھازىر مەككىنىڭ ئەتراپىنى شەدداد ناملىق پادىشاھ قورشىۋالدى. پات يېقىندا مەككە قولدىن كېتىپ قالىدۇ. شۇڭا بىزگە مەدەد بەرگەيسىز.»

ئىسكەندەر خەتنىڭ مەزمۇنىنى بىلگەندىن كېيىن، خەت ئېلىپ كەلگەن كىشىگە شەربەت ئىچكۈزۈپ، ھوشىغا كەلتۈردى. ئۇنىڭغا تائام بېرىپ، يول ئوزۇقلىرىنى بېرىپ قايتۇردى.

— سەن ھازىرلا قايتىپ، مەككە سەردارىغا خەۋەر يەتكۈزگىن، — دېدى ئىسكەندەر ئۇنىڭغا، — بىز سېنىڭ ئارقاڭدىن ئۇزاق ئۆتمەيلا يولغا چىقىمىز.

خەت ئېلىپ كەلگەن كىشى قايتىپ كەتتى. ئىسكەندەر لەشكەرلەرنى ھېسابلاپ كۆردى. ئاندىن مىسىر قوشۇنىدىن ئون ئىككى مىڭ، رۇم قوشۇنىدىن ئون يەتتە مىڭ، ئەمىرخان ئەلۋەندە كوھىنىڭ قوشۇنىدىن ئون ئىككى مىڭ، ئەبۇلفەزل باغدادنىڭ قوشۇنىدىن ئالتە مىڭ لەشكەرنى جەملەپ، مەككىگە قاراپ يولغا چىقتى.

ئىسكەندەر قوشۇنى بىلەن مەككىگە يېتىپ كەلدى. مەككىنىڭ ئەتراپى شەدداد لەشكەرلىرى تەرىپىدىن مۇھاسىرە قىلىنغانىدى. ئىسكەندەرنىڭ كەلگەنلىك خەۋىرى سېپىل ئىچىگە يەتكۈزۈلدى. مەككە ئۇلۇغلىرى خۇشال بولۇپ، شادلىق ناغرىلىرىنى چېلىشتى. بۇ تەرەپتە ئىسكەندەرمۇ شادلىق ناغرىلىرىنى چالدۇردى. بۇنىڭدىن غەزەپلەنگەن شەدداد سەپ تۈزۈپ، ئىسكەندەر بىلەن جەڭگە ھازىر بولدى. ئىسكەندەر قوشۇنىمۇ جەڭ سەپلىرىنى راستىلىدى. شەدداد گۈرزىسىنى كۆتۈرۈپ كېلىپ، ئىسكەندەرنىڭ ئالدىنى توستى. ئىسكەندەر ئۇنىڭ گۈرزىسىنى تارتىۋېلىپ، بىرلا ئۇرغانىدى، شەدداد ئىككى پارچە بولۇپ كەتتى. ئەمىرخان جەڭ قىلىپ مەككە قەسرىگە يېقىنلاشتى. بۇ چاغدا شەددادنىڭ بىر قېرىندىشى كېلىپ، ئەمىرخاننىڭ ئالدىنى توستى ۋە گۈرزە بىلەن بىر ئۇرغانىدى، ئەمىرخاننىڭ قولىغا تېگىپ، قولىنى سۇندۇرىۋەتتى. شۇ ھامان ئىسكەندەر يېتىپ كېلىپ، ئۇ مەلئۇننىڭ قولىدىن گۈرزىنى تارتىۋالدى-دە، ئۆز گۈرزىسى بىلەن ئۇنىڭ جېنىنى ئالدى. ئەمىرخاننىڭ بىر ئەييارى مۇشۇ پۇرسەتتە ئەمىرخاننى جەڭ مەيدانىدىن ئېلىپ چىقىپ كەتتى. ھەبەش پادىشاھلىرى ۋە زەڭگىبار لەشكەرلىرى شەددادنىڭ ۋە ئۇنىڭ قېرىندىشىنىڭ ھالاك بولغانلىقىنى كۆرۈپ، قېچىپ كېتىشتى. مەككىنىڭ پادىشاھى ھامان شەھەردىن چىقىپ، ئىسكەندەرگە تەزىم بەجا كەلتۈردى، ئىسكەندەرنى ئۆزىنىڭ قەسرىگە باشلاپ كىرىپ، مېھمان قىلىپ خىزمىتىدە بولدى. ئىسكەندەر ئەرەستۇغا ئەمىرخاننىڭ قولىنى داۋالاپ ساقايتىشنى بۇيرۇدى. ئەرەستۇ ئەمىرخاننىڭ قولىنى كۆرۈپ:

— بۇ قولغا داۋا كار قىلمايدۇ، بىر قولىنى كېسىۋېتىش كېرەك، — دېدى.

ئىسكەندەر بۇ ئىشتىن غەمگە چۆكتى. ئەمىرخان ئىسكەندەرگە:

— ئەي ئۇلۇغ پادىشاھىم، پەرمان چۈشۈرگىن، مېنى ھەرەمگە ئەكىرىپ قويسۇن. شۇ يەردە خۇدايى تائالا شىپالىق بەرسە ئەجەب ئەمەس، — دېدى.

ئىسكەندەر پەرمان قىلدى، مۇلازىملار پەرمانغا بىنائەن ئەمىرخاننى ھەرەمگە ئەكىرىپ قويۇشتى. ئەمىرخان ھەرەمدە كۆپ يىغلاپ، خۇدايى تائالادىن ئۆزىگە شىپالىق قىلدى. بىر مۇنچە ۋاقىتتىن كېيىن ئەمىرخاننىڭ كۆزى ئۇيقۇغا كەتتى. ئەمىرخان ئۇخلاۋاتقان مەزگىلدە مۇنداق بىر چۈش كۆردى: ئۇنىڭ ياستۇقى يېنىغا بىر ئۇلۇغ زات كېلىپ ئولتۇردى، ئۇ زات ئەمىرخانغا «كۆزۈڭنى ئاچقىن» دېدى. ئەمىرخان كۆزىنى ئاچسا، ئۇ كىشى ئېغىزىدىكى مۇبارەك سۇنى ئەمىرخاننىڭ سۇنغان قولىغا سۈركەۋاتقۇدەكمىش. ئۇ كىشى شۇندىن كېيىن ئەمىرخانغا: «شۇنى بىلگىنكى، مەن ئىبراھىم خەلىلۇللاھ بولىمەن. مەن ساڭا نەزەر قىلدىم. كۈچ - قۇۋۋىتىڭ ئاۋۋالقىدىنمۇ زىيادىرەك بولىدۇ» دېدى. ئاندىن مۇبارەك مويلىرىدىن تۆت تالنى يۇلۇپ ئېلىپ ئەمىرخانغا بەردى ۋە مۇنداق دېدى: «بۇنى ئىسكەندەرگە بەرگىن. ئۆزى بىلەن بىللە تۇتسۇن، دائىم كۈچلۈك ۋە غالىپ بولغۇسىدۇر».

ئۇ زات شۇ سۆزنى دەپلا غايىپ بولدى. ئەمىرخان ئويغاندى. ئۇنىڭ قولىدا تۆت دانە مۇبارەك موي تۇراتتى. قولى ئاۋۋالقىدىنمۇ كۈچلۈك بولۇپ ساقايغانىدى.

تاڭ ئاتقاندا ئەمىرخان بارگاھقا يېتىپ كەلدى. بولغان ۋەقەنى ئىسكەندەرگە بايان قىلدى. مۇبارەك موينى ئىسكەندەرگە بەردى. ئىسكەندەر باشلىق بارلىق دۆلەت كاتتىلىرى بۇ ئىشتىن بەك خۇشال بولۇشتى. شادلىق ناغرىلىرى چېلىندى. ئىسكەندەر مۇبارەك موينى خەزىنىچىگە تاپشۇردى.

مەككە شاھى ھامان ئىسكەندەرگە:

— ئوغلۇم نەۋفەل سىزگە خىزمەتكار بولۇشنى ئارزۇ قىلىدىكەن. ئۇنىڭغا خىزمەت بەرگەيسىز، — دېدى.

ئىسكەندەر نەۋفەلنى ئېلىپ كىرىشنى بۇيرۇدى. نەۋفەل ئېلىپ كىرىلدى. ئۇنىڭ يۈزلىرى گوياكى قىزىل ياقۇتتەك جۇلالىنىپ تۇراتتى. ئىسكەندەر ھاماننىڭ ئىلتىماسىنى نەزەرگە ئېلىپ، نەۋفەلگە مەنسەپ تەيىنلەپ، ئون ئىككى مىڭ لەشكەرنى ئۇنىڭغا تاپشۇردى. ئاندىن جەمشىد بارگاھىنى تىكتۇرۇپ، بارلىق سەركەردىلەرگە ئىنئام - ئېھسانلار قىلدى. شۇندىن كېيىن مەككە تەرەپتىن ئىسكەندەرنىڭ كۆڭلى ئەمىن تاپتى.

## ئەفلاتۇن ھېكىم بىلەن فەرىدۇن شاھنىڭ ۋەقەسى ۋە باشقا ۋەقەلەرنىڭ بايانى

«ئىسكەندەرنامە» نىڭ بىرىنچى جىلدىدا مەۋلانا مەنۇچېھرە ھەكىم مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ:

ئىسكەندەر يۇنان مەملىكىتىدىن كېتىدىغان چاغدا، بۇ مەملىكەتكە فەرىدۇن شاھ يۇناننى پادىشاھ قىلىپ تەيىنلەپ قويغانىدى. بىرنەچچە مۇددەتتىن كېيىن فەرىدۇن شاھ ئەفلاتۇننى كۆرمەكچى بولۇپ، ئەفلاتۇن تۇرۇۋاتقان تاغقا باردى. ئەفلاتۇن فەرىدۇن شاھقا ئەسلا قارىمىدى. فەرىدۇن شاھنىڭ غەزىپى كېلىپ،

ئەفلاتۇنغا بىرمۇنچە دەشنەم بەردى. ئەفلاتۇنمۇ ئاچچىقى كېلىپ، شاگىرتلىرىغا بۇيرۇپ، فەرىدۇن شاھنى تۇتقۇزدى ــ دە، زىندانغا سالدى. ئۆزى فەرىدۇن شاھنىڭ تەختىگە چىقىپ ئولتۇرۇپ، پادىشاھلىق ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولۇپ كەتتى. فەرىدۇن شاھنىڭ مۇلازىملىرىدىن بىر نەچچىسى بۇ خەۋەرنى ئىسكەندەرگە يەتكۈزدى. ئىسكەندەر بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ھەيران قالدى ۋە ئەرەستۇغا مۇنداق دېدى:

— ئەفلاتۇن ئۆز ۋاقتىدا «مەن دەرۋىشمەن، دۇنيا ئىشلىرى بىلەن كارىم يوق» دېمىگەنمىدى. ئەمدى ئەفلاتۇنغا دەككە بېرىپ قويىدىغان يەرگە يېتىپتۇ.

ئىسكەندەر شۇندىن كېيىن نەۋفەلنى ئون ئىككى مىڭ ئەرەب نەيزىۋازلىرى بىلەن ئالدىن يولغا سالدى. ئۆزى بارلىق قوشۇننى ئېلىپ ئارقىدىن يولغا چىقتى.

ئۇلار يۇنان مەملىكىتىگە كېلىپ شەھەرنى قورشىدى. چېدىر ــ بارگاھلارنى تىكتۇرۇپ، لەشكەرلەرنى جەڭگە تەييار قىلدى. ئىسكەندەرنىڭ كەلگەنلىكىنى بىلگەن ئەفلاتۇن شەھەر سېپىللىرىنى مۇستەھكەملەپ، سېپىل ئەتراپىدىكى خەندەكلەرگە سۇ توشقۇزۇۋەتتى. بۇ شەھەرنىڭ ئۈچ تەرىپى دەريا، بىر تەرىپى ئېگىز تاغ ئىدى. سېپىللىرى ناھايىتى ئېگىز ئىدى. ئىسكەندەر ھىندان ھەمەداننى ئەلچى قىلىپ بەلگىلەپ:

— سەن ئەفلاتۇنغا بېرىپ ئېيتقىن، فەرىدۇن شاھنى زىنداندىن چىقىرىپ، تەختتە ئولتۇرغۇزسۇن. ئەگەر ئۇنداق قىلمىسا، شەھەرنى خاراب قىلىمەن. ئەفلاتۇننى زىندانغا سالىمەن، ــ دېدى.

ھىندان ھەمەدانى سېپىلنىڭ دەرۋازىسىغا يېقىن باردى. ئەفلاتۇن بۇ ۋاقىتتا دەرۋازا ئۈستىدە قاراپ تۇراتتى. ھىندان ئەفلاتۇنغا ئىسكەندەرنىڭ سۆزلىرىنى يەتكۈزدى.

— ئىسكەندەرگە بېرىپ ئېيت، ــ دېدى ئەفلاتۇن، ــ قولىدىن كەلگىنىنى قىلسۇن.

ھىندان قايتىپ كېلىپ، ئەفلاتۇننىڭ جاۋابىنى ئىسكەندەرگە ئېيتتى. ئىسكەندەر شۇندىن كېيىن شەھەرنى مۇھاسىرە قىلىپ بىر يىل ياتتى. بىراق شەھەرنى ئالالمىدى. بىر كۈنى شەھەرنى قانداق ئېلىش ھەققىدە بارلىق ۋەزىر ۋە ئەمىرلەر بىلەن مەسلىھەتلەشتى.

— ئەي شاھىم، ــ دېدى ئەمىرخان سۆز ئېلىپ، ــ بۇ شەھەرنى قورال كۈچى بىلەن ئېلىش مۇمكىن ئەمەستەك تۇرىدۇ.

— شۇنداق، دېدى ئەرەستۇمۇ سۆز قىستۇرۇپ، ــ ئەمىرخان توغرا ئېيتىدۇ. بۇ شەھەرنى زورلۇق كۈچ بىلەن ئالغىلى بولمايدۇ. ئەگەر ماڭا قىرىق كۈنلۈك مۆھلەت بېرىلسە، بۇ شەھەرنى ئېلىشنىڭ ئىلاجىنى قىلىمەن.

ئىسكەندەر ئەرەستۇغا قىرىق كۈنلۈك ئىجازەت بەردى. ئەرەستۇ دەرۋىش سىياقىدا ياسىنىپ، ھىيلە بىلەن شەھەرگە كىردى. ئەفلاتۇننىڭ قەسرىگە يېقىن جايدا بىر ئۆي بار ئىدى. شۇ يەردە ئورۇنلاشتى. ئەفلاتۇن ھەر كۈنى كەچ بولغاندا شاگىرتلىرىغا دەرس بېرەتتى. ئەرەستۇ ئۇنىڭ جالىنۇسقا ئېيتقان سۆزلىرىنى ئېسىدە مەھكەم تۇتۇۋالدى. بۇ شەھەرنىڭ بارلىق ئەھۋالى ئەرەستۇغا ئايان

بولدى. ئەرەستۇ قىرىق كۈن توشقان كۈنى ئىسكەندەرنىڭ ھۇزۇرىغا كېلىپ

— ئەمدى شەھەرگە يۈرۈش قىلايلى، ئۇنى ئېلىش ئاسان بولىدىغان بولدى، — دېدى.

ئەرەستۇ ئىسكەندەرنى ۋە بارلىق ئۇلۇغلارنى باشلاپ، سۇ يولى بىلەن شەھەرگە ئېلىپ كىردى. ئەفلاتۇن ئىسكەندەرنىڭ شەھەرگە كىرگەنلىكىنى بىلىپ ھەيران قالدى. ئىسكەندەر ئەفلاتۇنغا كايىپ:

— ئەي ئەفلاتۇن، سىز نېمىشقا بۇنداق ئىشلارنى قىلىسىز؟ فەرىدۇن شاھنى نېمىشقا زىندانغا سالدىڭىز؟ — دېدى. ئەفلاتۇن:

— مەن ئەرەستۇنىڭ شەھەرنى قانداق تەدبىر بىلەن ئالىدىغانلىقىنى كۆرەي دەپ، سىناپ بېقىش ئۈچۈن مۇشۇنداق قىلدىم. ئەي ئىسكەندەر، جالىنۇس مېنىڭ ئىنىم باسارىمدۇر. ئۇ ئەرەستۇدىن قابىلىيەتلىك، بەلكى ئەرەستۇغا ئۇستاز بولۇشقا لايىق، شۇڭا ۋەزىرلىكنى جالىنۇسقا بېرىڭ، — دېدى.

— خۇدانىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، — دېدى ئىسكەندەر ئەفلاتۇنغا، — ھېلىغۇ جالىنۇسكەن، ۋەزىرلىكنى سىز تەلەپ قىلغان تەقدىرىڭىزدىمۇ بەرمەيمەن. چۈنكى ئۆز ۋاقتىدا سىز ئەرەستۇنىڭ ۋەزىر بولۇشىنى تەلەپ قىلغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ يۈزىگە شاگىرتلىرىڭىز بىلەن بىللە تۈكۈرگەنىدىڭىز. شۇ چاغدا گويا مېنىڭ يۈزۈمگە تۈكۈرۈلگەندەك ھېسسىياتتا بولغانىدىم.

جالىنۇس ئېيتتىكى:

— ئەي ئىسكەندەر، ئەفلاتۇننىڭ سۆزىگە ئۇنىمىدىڭ. بۇندىن كېيىن سەن قايسى شەھەرگە بارساڭ، مەن سېنىڭ ئالدىڭدا بارىمەن، ھېچ ۋاقىتتا ساڭا ئاسانلىق بەرمەيمەن.

بۇنى ئاڭلىغان ئىسكەندەر شۇ ھامان:

— جالىنۇسنى تۇتۇڭلار! — دەپ ئەمىر قىلدى.

جالىنۇس ئىلىم - ھېكمەت بىلەن ئۆزىگە قانات ياسىغانىدى. ئىسكەندەرنىڭ ئادەملىرى ئۇنى تۇتۇۋالغۇچە فەرەڭ مەملىكىتى تەرەپكە ئۇچۇپ كەتتى.

ئىسكەندەر ئەفلاتۇنغا شەھەرنى بوشىتىشنى تاپشۇرۇپ، ئۆز بارگاھىغا قايتىپ كەلدى. ئاندىن مېھتەرى نەئىمنى شەھەرگە كىرىپ، ئۇزۇق - تۈلۈك سېتىۋېلىپ كېلىشكە ئەۋەتتى. مېھتەرى نەئىم شەھەر دەرۋازىسىغا يېتىپ كەلدى. قارىسا، دەرۋازا تاقالغان. يۇنانلىقلار مېھتەرى نەئىمنى كۆرۈپ، سېپىل ئۈستىدىن ئوق ياغدۇرۇشتى. مېھتەرى نەئىم نېمە ۋەقە ئىكەنلىكىنى سورىغانىدى، سېپىلدىكى خالايىق ئىچىدىن بىرى مۇنداق دېدى:

— سەن بېرىپ ئىسكەندەرگە ئېيتقىن، بىز ئۇنىڭغا دۈشمەن بولدۇق. ئۆزىمىزگە ئەفلاتۇننى پادىشاھ قىلدۇق. بىزنىڭ پادىشاھىمىز ئەفلاتۇن تۇرغان يەردە باشقا پادىشاھقا ئۇزۇق - تۈلۈك بەرمەيمىز!

مېھتەرى نەئىم بۇ خەۋەرنى ئىسكەندەرگە يەتكۈزدى. ئىسكەندەر ئېيتتىكى:

— ئەي ئەرەستۇ ھېكىم، ئاۋۋال ئەفلاتۇن يۈز ئۆرۈگەنىدى، ئەمدى شەھەر خەلقى دۈشمەن بولدى. قانداق قىلماق كېرەك؟

— ئەمدى نەچچە يىل ھەپىلەشسەكمۇ بۇ شەھەرنى ئالغىلى بولمايدۇ، — دېدى ئەرەستۇ، — بۇ شەھەر خەلقىنى سۇغا باستۇرۇۋېتەيلى. ئاندىن شەھەرنى ئالغىلى بولىدۇ.

شەھەرگە ئىككىنچى قېتىم ئادەم كىرگۈزۈپ نەسىھەت قىلدى. شەھەر خەلقى ئەسلا بويسۇنمىدى.

ئەرەستۇ شۇندىن كېيىن:

— مەن ئىلىم - ھېكمەت بىلەن بىر تۈرلۈك ياغنى تەييارلاي. بۇ ياغنى تاغقا سەپكەندە تاغ ئېرىپ، سۇغا ئايلىنىدۇ. سۇ شەھەرنى باسىدۇ. ھەممە خەلق سۇدا ھالاك بولىدۇ، — دېدى. ئىسكەندەر ئىجازەت بەردى.

ئەرەستۇ يەتتە يۈز نەپەر شاگىرتى بىلەن بىللە يەتتە كۈن ۋاقىت ئىچىدە ياغنى تەييار قىلدى. ئاندىن ياغنى تاغ ئۈستىگە ئېلىپ چىقىپ، تاغقا سەپتى. تاغ شۇ ھامان ئېرىشكە باشلىدى. شەھەرنى سۇ بېسىپ خاراپ قىلدى. ئون مىڭ بۆشۈك سۇ ئۈستىدە لەيلەپ ئاقتى. پۈتكۈل خەلق سۇغا غەرق بولدى. ئەفلاتۇن شاگىرتلىرى بىلەن كېمىگە ئولتۇرۇپ، مەغرىپ زېمىنىغا يۈرۈپ كەتتى.

ئىسكەندەر بۇ شەھەرنى قۇرۇقلۇقتا يۆتكەپ قايتا بىنا قىلدۇرۇپ، بىر نەپەر سەركەردىسىنى ئۇ يەرگە ھۆكۈمدار قىلدى. ئاندىن لەشكەرلەرنى باشلاپ يۇناندىن يۈرۈپ كەتتى. ئۇلار بىر جايغا كەلگەندە يول ئىككىگە ئايرىلدى. ئۇ يولنىڭ بىرى مىسىرغا يەنە بىر گەردۇسىيەگە باراتتى.

ئىسكەندەر ئەرەستۇ، ئەمىرخان ۋە باشقا لەشكەر - سىپاھلارنى مىسىرغا يولغا سېلىپ، ئۆزى بىرنەچچە ھەمراھ بىلەن گەردۇسىيەگە قاراپ ماڭدى.

— گەردۇس شاھ، — دېدى ئىسكەندەر ئەرەستۇ بىلەن خوشلىشار ۋاقىتتا، — ئاتام فەيلەقۇسنىڭ خەزىنىچىسى ئىدى، ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشىدىغان مۇھىم ئىشىم بار. سىلەر مىسىرغا بېرىپ تۇرۇڭلار.

ئىسكەندەر يولغا راۋان بولدى. بىر قانچە كۈن يول يۈرگەندىن كېيىن بىر تۆپىلىككە يېتىپ كەلدى. ئۇ يەردە بىرقانچە كىمخاپ ۋە ئەتلەس چېدىرلارنى كۆردى. چېدىرلارنىڭ ھەممىسى چىمەنزار ئىچىگە تىكىلگەنىدى. ئۇ چېدىر ئەتراپىدا بىرمۇنچە گۈزەل قىزلار سەيلە قىلىشىپ يۈرەتتى. ئىسكەندەر ئۇلارنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بىلىپ كېلىش ئۈچۈن مېھتەرى نەئىمنى ئەۋەتتى. نەئىم چېدىرغا يېقىنلاپ كەلدى. ئۇنىڭ كۆزى قىزلار ئىچىدە بىر نازىنىنغا چۈشتى. گۈزەللىكتە بۇ قىزنىڭ تەڭدىشى يوق ئىدى. قىزنىڭ كۆزىمۇ نەئىم ئەييارغا چۈشتى. نەئىم كەمىرىگە تۆت پىچاق ئېسىۋالغانىدى.

— ئەي يولۇچى، سەن نېمە ئادەم؟ — دەپ سورىدى قىز. نەئىم جاۋاب بېرىپ:

— مەن ئىسكەندەرنىڭ ئەييارىمەن. ئىسمىم مېھتەرى نەئىم. ئۆزىڭىز كىم بولىسىز؟ — دېدى. قىز ئېيتتىكى:

— مەن گەردۇس شاھنىڭ قىزى. ئىسكەندەرگە ئېيتقىن، بۇ يەرگە كەلسۇن. ئۆزۈمنىڭ كىم ئىكەنلىكىمنى ئۇنىڭغا تەپسىلىي ئېيتىمەن.

نەئىم يېنىپ بېرىپ، ئىسكەندەرگە مەلۇم قىلدى:

www.uyghurkitap.com



— ئەي شاھىم، ئۇ گەردۇس شاھىنىڭ قىزى ئىكەن، سىزنى ئۆز چېدىرى تەكلىپ قىلدى.

ئىسكەندەر مىھتەرى نەئىم بىلەن بىللە ئۇ نازىنىننىڭ چېدىرىغا كەلدى. قىز ئىززەت - ئىكرام بىلەن تەزىم بەجا كەلتۈرۈپ، ئىسكەندەرنى يۇقىرى ئورۇندا ئولتۇرغۇزدى. ئاندىن شاھانە بەزمە تۈزۈپ، مەي ئىچىپ، كۆڭۈل ئېچىشتى. گەردۇس شاھ ئىسكەندەرنىڭ كەلگەنلىكىدىن خەۋەر تېپىپ، كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى. ئاندىن ئىسكەندەرنى شەھەرگە تەكلىپ قىلىپ ئېلىپ كەلدى. گەردۇس شاھ خىزمەت كەمىرىنى بېلىگە مەھكەم باغلاپ، ئىسكەندەرنى ئىززەت - ھۆرمەت بىلەن كۈتۈۋالدى، ئۇنىڭ ھال ئەھۋالىنى سورىدى. ئىسكەندەر ئۆز ئەھۋالىنى قىسقىچە مەلۇم قىلدى.

نەچچە كۈندىن كېيىن گەردۇس شاھ ئىسكەندەرگە:

— ئەي بۈيۈك شاھىم، قىزىم نازۈكئەندامنى ئۆزلىرىگە ھەدىيە قىلدىم. نىكاھلىرىغا ئالغايلا، - دەپ ئىلتىماس قىلدى.

ئىسكەندەر قوبۇل قىلدى. شەھەرنى ياساپ، توي باشلاندى. ساز- نەغمىلەر، توي - بەزمىلەر بىرقانچە كۈن داۋام قىلدى. شۇنداق قىلىپ، نازۈكئەندام ئىسكەندەرگە نىكاھلاپ بېرىلدى. ئۇ كېچىسى ئۇلار بىر - بىرىنىڭ ۋىسالىغا يېتىشتى. ئىسكەندەردىن نازۈكئەندام ھامىلدار بولدى. بۇ ھامىلىدىن سۇلتان تەيفۇر ۋۇجۇدقا كەلدى. سۇلتان تەيفۇرنىڭ ۋەقەلىرى كېيىن بايان قىلىنغۇسىدۇر.

بىر كۈنى ئىسكەندەر ھاممامدىن قايتىپ، نازۈكئەندامنىڭ ھۇجرىسىغا كەلدى. نازۈكئەندام پەرمان چۈشۈرۈپ، باغنىڭ ئىچىدىكى ئېقىن لېۋىگە بىساتلارنى سالدۇرۇپ، شۇ يەردە ئىسكەندەر بىلەن بەزمە تۈزدى. مىھتەرى نەئىم ئىسكەندەرنىڭ نۆكىرى بولغاچقا ئۇنىڭ يېنىدا ئىدى. ئۇلار پاراغەت بىلەن سۆھبەت قۇرۇپ ئولتۇرغىنىدا، بۇ يەرگە يەنە بىر نازىنىن قىز يېتىپ كەلدى. ئۇ قىز ئۇستىۋېشىغا ئەييارلىق كىيىملىرىنى كىيگەنىدى. ئۇ قىز نازۈكئەندامنىڭ ئالدىغا كېلىپ تەزىم بەجا كەلتۈرگەندىن كېيىن ئۇنىڭ يېنىدىن ئورۇن ئالدى. مىھتەرى نەئىم بۇ قىزنى كۆرۈپ ئاشىق - بىقارار بولدى. ئىسكەندەر نازۈكئەندامدىن:

— بۇ قىز كىم بولىدۇ؟ — دەپ سورىدى.

— بۇ مېنىڭ ئەييارىم، — دىدى نازۈكئەندام جاۋاب بېرىپ، — ئىسمى فەتنىنە.

مىھتەرى نەئىم ئىسكەندەرگە:

— ئەي پادىشاھىم، ماڭا فەتنىنەنى ئېلىپ بەرگەن بولسىڭىز، مەن ئۇنىڭغا ئاشىق بولۇپ قالدىم، — دەپ ئىلتىماس قىلدى.

ئىسكەندەر نازۈكئەندامغا:

— فەتنىنەنى مېنىڭ ئەييارىم نەئىمگە نىكاھلاپ قويساق قانداق؟ — دېدى.

نازۈكئەندام ئېيتتىكى:

— ئەي شاھىم، بۇنى فەتنىنەنىڭ ئۆزىدىن سورىغايسىز.

— ئەي فەتىنە، — دېدى ئىسكەندەر، — مەن سىزنى مېھتەرى نەئىمگە نىكاھلاپ قويسام رازى بولامسىز؟

فەتىنە ئېيتتىكى:

— ئەي شاھىم، ئالدى بىلەن نەئىم بىلەن ئىككىمىز ئەييارلىقتا بەسلىشىپ باقايلى. ئەگەر مەن نەئىمنى باغلىۋالسام، ئۇنى نېمە قىلىشنى ئۆزۈم بىلىمەن. ئەگەر ئۇنىڭ ئەييارلىقى ئۈستۈن كېلىپ مېنى باغلىۋالسا، مەن ئۇنىڭغا خوتۇن بولاي.

ئىسكەندەر نەئىمدىن سورىدى:

— بۇنىڭغا نېمە دەيسەن؟

— ئۇنىڭ شەرتىنى قوبۇل قىلدىم، — دېدى نەئىم.

شۇنىدىن كېيىن فەتىنە بىلەن نەئىم ئىككىسى باغدىن چىقىپ كەتتى. ئىككىسى ئىككى تەرەپكە ئايرىلدى. فەتىنە بىر دەرەخنىڭ تۈۋىگە كېلىپ، يۈزلىرىنى يۆگەپ يىغلاپ ئولتۇردى. مېھتەرى نەئىم ئايلىنىپ، فەتىنەنى ئىزدىدى. دەرەخ تۈۋىگە كەلسە، فەتىنە بىچارىلەرچە يىغلاپ ئولتۇرۇپتۇ. نەئىم فەتىنەنىڭ: «مەن ناھايىتى خاتا شەرتلىشىپ قاپتىمەن. ئەمدى نەئىمگە قانداق تەڭ كېلەرمەن، ئۇنى قانداق باغلارمەن» دەپ نالە قىلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدى. نەئىمنىڭ فەتىنەگە ئىچى ئاغرىپ، ئۇنىڭ يېنىغا كەلدى.

— ئەي فەتىنە، — دېدى نەئىم، — سېنىڭ ئۈچۈن ئۆزۈمنى قۇربان قىلىشقا رازىمەن. كەل، مېنى باغلا. «نەئىمنى مەن باغلاپ كەلدىم» دەپ، ئىسكەندەرنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بار.

— مەن ھەرگىز بۇنداق ئىشنى قىلمايمەن. چۈنكى مەن سېنىڭ بىر ئاددىي كېنىزىكىڭمەن. قانداقمۇ سېنىڭ قولۇڭنى باغلايمەن. كەل، يېنىمدا ئولتۇر، بىر دەم مەي ئىچكەچ پاراڭلىشايلى، — دېدى فەتىنە.

نەئىم فەتىنەنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇردى. بىر نەچچە قەدەھ مەي ئىچتى. تۇساتتىنلا نەئىمنىڭ بېشى ئايلىنىپ، ھوشىدىن كەتتى. فەتىنە نەئىمنىڭ قولىنى باغلاپ، ئىسكەندەرنىڭ قېشىغا ئېلىپ كەلدى. نازۇكئەندام بۇنى كۆرۈپ كۈلدى:

— ئەي شاھىم، مېنىڭ ئەييارىم ئەلۋەتتە نەئىمنى باغلاپ كېلەلەيدۇ، — دېدى.

ئىسكەندەر فەتىنەگە:

— نەئىمنى ھوشىغا كەلتۈرگىن، — دېدى. فەتىنە شۇ ھامان نەئىمنى ھوشىغا كەلتۈردى. ئىسكەندەر نەئىمگە:

— ئەي يارىماس ئوغرى، سەن مېنى نازۇكئەندامنىڭ ئالدىدا ئەجەب خىجالەتچىلىكتە قويدۇڭغۇ، — دەپ كايىدى.

— ئەي شاھىم، — دېدى نەئىم، — فەتىنە بۇ قېتىممۇ مېنى باغلىۋالالىسا، ئۇنى تەڭداشسىز ئەييار كەن دەپ قول قويىمەن.

فەتىنە بۇ سۆزنى ئاڭلىغاندىن كېيىن:

— بۇ قېتىم نەئىمنى باغلىۋالسام، ئۇنىڭ بىر قولىقىنى كېسىمەن. ئەگەر

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



ئۇ مېنى باغلىۋالسا، ئۇنىڭ تەلپىنى قوبۇل قىلىمەن، — دېدى. پەتىنە شۇندىن كېيىن باغدىن چىقىپ بىر دەرەخنىڭ تۈۋىدە ئولتۇردى. شۇ چاغدا نەئىم چىقىپ كەلدى. پەتىنە نەئىمگە:

— ئەي نەئىم، ھازىر سېنىڭ مەن بىلەن مەي ئىچمەيدىغانلىقىڭنى بىلىمەن، بىراق بىر دەم سۆھبەتلىشىپ ئولتۇرايلى. لېۋىمنىڭ تەمىنى تېتىپ كۆرگىن. مېنىڭ لېۋىم قەنتتىنمۇ تاتلىقتۇر، — دېدى. نەئىم بۇ سۆزنى ئاڭلاپ، چايغا سالغان قەنتتەك ئېرىپ كەتتى. ئەقلىي - ھوشىنى يوقىتىپ، ئەييارلىق قىلغۇدەك زېھنى قالمىدى. ئىختىيارسىز ھالدا پەتىنەنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇردى. پەتىنە بىر كېنىزەكنى چاقىرىپ:

— مەن سېتىۋالغان بىر قۇر ياقۇتنى ئېلىپ چىققىن، نەئىم ئەييار ئۇنى كۆرۈپ، باھالاپ باقسۇن، — دېدى.

كېنىزەك بىر قۇتىنى ئېلىپ چىقىپ پەتىنەگە بەردى. پەتىنە نەئىمگە قۇتىنى بېرىپ:

— بۇ قۇتىنى ئېچىپ، ئىچىدىكى ياقۇتنى كۆرۈپ، باھاسىنى ئېيتىپ باققىن، — دېدى.

نەئىم قانچە ھەپىلەشكەن بولسىمۇ قۇتىنى ئاچالمىدى. پەتىنە ئۇنىڭغا:

— قۇتىنىڭ ئېغىزىنى چىشىڭ بىلەن چىشلەپ، سول تەرەپكە بۇرىغىن، — دېدى.

نەئىم قۇتىنى چىشلەپ بۇرىغانىدى ئېچىلدى. قۇتا ئېچىلىش بىلەنلا ئۇنىڭدىن بىر خىل چاڭ - توزان چىقتى - دە، نەئىمنىڭ دىمىقىغا كىرىپ كەتتى. نەئىم شۇ ھامان ھوشىنى يوقاتتى. پەتىنە نەئىمنىڭ قوللىرىنى باغلاپ، ئىسكەندەرنىڭ يېنىغا ئېلىپ كەلدى. ئاندىن ئۇنى ھوشىغا كەلتۈردى.

— ئەي پەتىنە، — دېدى ئىسكەندەر غەزەپلىنىپ، — نەئىمنىڭ قولىقىنى كەسكىن!

پەتىنە خەنجىرىنى ئېلىپ، نەئىمنىڭ قولىقىنى كەسمەكچى بولدى. بۇ چاغدا نازۇكئەندام ئۇنى توسۇپ:

— ھاي پەتىنە، قولۇقىنى يىغقىن، — دېدى.

پەتىنەمۇ دەرھال قولىنى يىغىپ، ئىسكەندەرگە:

— ئەي شاھىم، نەئىم ماڭا ئاشىق بولغاچقا، مېنىڭ باغلىقىمدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ. ئەگەر ئۇنى يۈز قېتىم باغلا دېسەڭ، يۈز قېتىم باغلاپ كېلەلەيمەن، — دېدى.

شۇندىن كېيىن كۆپ سۆلھى - سالا بىلەن پەتىنەنى نەئىمگە نىكاھلاپ قويدى. بۇ ئىككىيلەننىڭ ئارىسىدىن مېھتەرى نەسىم ئەييار ۋۇجۇدقا كەلدى. تەڭرى خالىسا، مېھتەرى نەسىم ئەييارنىڭ ۋەقەلىرى ئۆز نۆۋىتى كەلگەندە بايان قىلىنىغۇسىدۇر.

# غەزەللەر

## مەۋلانا ئۇبەيدۇللاھ لۇتفى

نەشرگە تەييارلىغۇچى: **ئابدۇۋەلى خەلپەتوۋ**

كۆزۈڭنىكى هارۇت ئاڭا شاگىردى كەمىندۇر،
چولپان دېدىم، ئول ۋەجھ ئىلەكىم تاڭغە يەقىندۇر.
ئول تۇررەئى تەرراردا كۆڭلۈمنى سېزىپمەن،
باشىن كۆرەدۇرمەن قويى ئەگرىلىكى چىندۇر.
كافىر دېسە غەمزەڭنى، ئوق ئۇچى بىلە سۆزلەر،
مېهراب ئىچىدە قان قىلادۇر قانى نەدىندۇر؟
شەك نۇقتەسىدۇر لەئل ئۇزە خال ئاغزىڭ ئۇچۇنكىم،
نې بارى مۇئەييەندۇرۇ نې يوقى يەقىندۇر.
مەنئ ئەتمە كۆزۈڭدىن تىلەسەم بىر نەزەر ئاخىر،
ئەلگە نەزەر ئەيلەر كىشىكىم، گۇشە نىشىندۇر.
كەۋسەر سۇيىدۇر ئەرنىڭۇ يۇز تۇبى ئۇزە هۇر،
هەر قايدەكى سەنسەن ماڭا فىردەۋسى بەرىندۇر.
ئول غەمزەنىڭ [ئەشكالىنە] كۆز سالغالى لۇتفى،
تەسخىر ئۇچۇن ئەشئارى بارى سېهرى مۇبىندۇر.

* *

كۆزۈڭ قاراسى فىتنە، ۋەلې ئاقى بەلادۇر،
جانلار ئالادۇر، ۋەھ، نې بەلا كۆزى قارادۇر.
كۆز ئۇستىدە جان ئالغۇچىدۇر خالىيۇ قاشى،
بىر - بىرىگە بارى فىتنە قاتىلغان نې بەلادۇر؟
هەمدەردتۇر ئايتاي ئاڭا هالىمكىم، ئىنانغاي،
گۇلشەندىن ئوشۇل بۇلبۇلى مىسكىنكى جۇدادۇر.

---

* بېشى ئالدىنقى ساندا

«باش ئۇينايىنۇ جان بېرەيىن ۋەسل ئۇچۇن» ئايتتىم،
خۇش - خۇش كۈلۈپ ئايتۇر ماڭاكىم: «ياخشى بەھادۇر».
كۆپ قىلما ئانىڭ جەۋرىدىن، ئەي لۇتفى، شىكايەت،
كىم ھۇسن ئېلىنىڭ شىۋەسى پەيۋەستە جەفادۇر.

* *

گۇل قاشىڭدە خۇب ئەمەس، گەرچە جەمالى باردۇرۇر،
شەھ قاشىندە خاركەشنىڭ نې مەجالى باردۇرۇر.
ئاي يۈزۈڭنىڭ خىجلەتىندىن گۇل قىزاردى، ھالىيا،
خەندە بىرلە ئۆتكەرۇر، چۇن ئىنفىئالى باردۇرۇر.
ئەيب ئەمەس قىلسە كۆڭۈل ئول ئىنچكە بەلنىڭ فىكرىنى،
باشىدە كىم بولسە سەۋدايى، خەيالى باردۇرۇر.
ھەر بىرى بىر داغ ئېرۇر مۇڭلۇق جانىمغە تا ئەبەد،
لالە ياڭلىق يۈزىدە ھەر نېچە خالى باردۇرۇر.
سەنسىزىن قىلماس كۆڭۈل مەيلى تەماشايى بەھار،
زەۋقى گۇل يوق ئانداكىم، ئاشۇفتە ھالى باردۇرۇر.
شەمئى مېھرۇ گۇلنى نىسبەت قىلسە بولماس سىزگەكىم،
ئۆمرى گۇل بىر ھەفتە، كۈننىڭ ھەم زەۋالى باردۇرۇر.
ئەي فىراق، ئۆلتۈرمەگىل بىچارە مىسكىن لۇتفىنى،
كىمكى قىلسە خۇنى ناھەق، كۆپ ۋەبالى باردۇرۇر.

* *

گۇل چېھرەلەر ئاجۇندە ئەگەر سەد ھەزار ئېرۇر،
سەير ئەتكۈچى جانىم قۇشىنى بىر نىگار ئېرۇر.
زۇلفىيۇ قاشلارىيۇ كۆزى فىتنەدۇر بارى،
ئول شوخ باشىدە نې بەلا فىتنە بار ئېرۇر.
ئەي سەرۋى گۇلئۇزار، ياڭاقىڭدىن ئۇفتانىپ،
يابانغە شەھرىدىن قاچىبان لالە زار ئېرۇر.
رەنجىدە بولماسۇن ئېشىكىڭگە سەن، ئەي سەبا،
خاكىمنى ئېلتىسەڭ ئايماكىم ئول نې غۇبار ئېرۇر.
سەرۋى قەدىڭ خەيالى تەمەنناسىدىن، بېگىم،
باق لۇتفى كۆزىگەكى، نې خۇش جويبار ئېرۇر.

* *

كۆزۈم نەزەرى تاكى يۈزۈڭۈز بىرلە تۇشۇپتۇر،

جان بىرلە كۆڭۈل ئىشقىڭ ئوتى ئىچرە كۆيۈپتۇر.
يار ئەرىنى بىلە ئۇرماڭىز، ئەي قەندۇ شەكەر، لاف!
چۈن ئابى ھەيات ئۇفتانىپ ئاندىن ياشۇنۇپتۇر.
زەنبۇرى ئەسەل ئاغزى تولا شەھد ئىكەنىندىن،
ئەرىنىڭنى كۆرۈپ، بىمەزە دەپ بالنى تۆكۈپتۇر.
ھەر قايسى پەرى سۇرەتىڭىز ئەكسىنى كۆردى،
دىۋانە بولۇبان ئىلىكىن تىشلەپ ئۆتۈپتۇر.
قەددىڭنى بۇ لۇتفى دىمەگەي سەرۋى سىھىكىم،
يۈز سەرۋ ئانىڭ ئالدە خىدمەتتە تۇرۇپتۇر.

* *

كىرپۈكۈڭ نەشتەر ئۇرۇپ ھەر دەم باغىردىن قان ئالۇر،
سىھر ئېتەر جادۇ كۆزۈڭ تۈيغۇنچە تەندىن جان ئالۇر.
گەرچە دۇشۋار ئول ئەزىز جان بەرمەك ئادەم ئوغلىغە،
غەمزەڭە قىلغىن تەفەررۇجكىم، نې خۇش ئاسان ئالۇر.
ناگەھان بىر كۈن كۆلەردە دۇر تىشىڭنى كۆرگەلى،
ھەر كېچە ئىككى كۆزۈمدىن يۈز سەبەق ئۇممان ئالۇر.
جان سېنىڭدۇر، تەن داغى، سەن خاھى كۆيدۇر، خاھى ئال،
مۇئتەقىد قۇل شاھىدىن تەن - جان بىلە فەرمان ئالۇر.
شىۋەڭىز قەسد ئەتتى كۆڭلۈم ئالسە، قويمىش تاپمادى،
لۇتفى قۇلنۇڭ ئاڭلاسام جانىن ئاڭا تاۋان ئالۇر.

* *

لەئلىغە باقسام بىلۇركىم كۆڭلۈم ئول يان تارتادۇر،
ناز ئىلە ئۆلتۈرگەلى ئايتۇر: «سېنى قان تارتادۇر».
چەشمى مەستۇ جامى لەئلىن كۆرگەي ئېردى خىزر ئەگەر،
ئىچكەي ئېردى بادە، ئولكىم ئابى ھەيۋان تارتادۇر.
ساھىرى بابىلكى سىھر ئىچرە مۇسەللەمدۇر بۇ كۈن،
غەمزەڭىزنىڭ سەھمىدىن يۈزگە قالقان تارتادۇر.
گەرچە ئۆمرۈم كەچتى نالە بىرلە ئول گۈل دەردىدىن،
سورمادىكىم: «بۇ نې بۇلبۇلدۇركى، ئەفغان تارتادۇر»؟
ئول سېنىڭ ئايتەك جەمالىڭنى يىراقتىن دۇنيىدا،
گۆرگەمەن دەپ بەندە دائىم مىننەتى جان تارتادۇر.
زۇلفۇڭىز ئېلتۇر مېنى گەھ كەئبە گاھى دەيرغە،
بەندەنى ھەر يەرگە روزئى پەرىشان تارتادۇر.

www.uyghurkitap.com

باردى بەرمەي شەربەتى ۋەسلىن بۇ خەستە لۇتفىغە،
ئۆمر بارديۇ ھەنۇز ئول رەنجى ھىجران تارتادۇر.

* *

نارتەك ياڭاقىڭ شەۋقىدىن جانلار بارى ئەفكار ئېرۇر،
كۆڭلۈم قاچان تاپسۇن مۇراد، «بىر نارۇ مىڭ بىمار ئېرۇر.»
مەن خۇد ئەجەلدىن ئىشقىڭىز يولىندا قايغۇرمەن ۋەلې،
يۈزۈڭنى كۆرمەي ئۆلگەنىم ھەجرىڭدە بەس دۇشۋار ئېرۇر.
ئەرنىڭ خەيالىن گەر نىھان تۇتسام كۆڭۈلدە، نې ئەجەب،
مۇفلىس كىشى تاپماس گۇھەر ياشۇرماغى ناچار ئېرۇر.
تا زۇلفۇڭىزدىن باغلادىم زۇننار تەرسالار بىكىن،
ئىمانىم ئارتار دەم بەدەم، بۇ نې ئەجەب زۇننارى ئېرۇر.
كۆرسەڭ ئىشكىڭدە مېنى بىخۇد تۇشۇپ، ئەيب ئەتمەكىم،
ئەقلىمنى غارەت قىلغۇچى ئول غەمزەئى ئەييار ئېرۇر.
ئىيسا فەلەككە ئاشتى چۇن بولدى لەبىڭ جان بەرگۇچى،
شەرمەندەلىقتىن كەتمەسە كۆكتە ئاڭا نې بار ئېرۇر.
كەلدىم ئىشىككە، ئارزۇم يۈزۈڭدۇرۇر، كۆرگۇز چىقىپ،
كەلگىلىكى، لۇتفى ھاجەتى ئۇچماق ئەمەس، دىيدار ئېرۇر.

* *

نېچە باغرىم ئوت [ئۆزە] نارتەك ياڭاقىڭ كۆيدۇرۇر؟
نېچە جانىم جەۋھەرىن سىيمتەك ساقاقىڭ كۆيدۇرۇر؟
نېچە مىھراب ئىچرە مېنى ھەر كېچە تاڭغە تېگىن،
شەمئىتەك باشتىن ئاياق ئول جۇفتۇ تاقىڭ كۆيدۇرۇر.
قاشۇ كۆزۈڭ، زۇلفۇ يۈزۈ قامەتىڭ قەسدىمدەدۇر،
قايسىنى ئايتاي، مېنى باشتىن ـ ئاياقىڭ كۆيدۇرۇر.
ھەجر ئوتى بىرلە رەقىب جەۋرى باغرىنى كۆيدۇرۇپ،
قاغانىم گاھ ـ گاھ بىرەر ھال سورماماقىڭ كۆيدۇرۇر.
كۆيمەدى چۇن ئىشق ئوتىندە سىپەنداندەك ۋۇجۇد،
لاجەرەم ئۇدتەك ئانى ھالى فىراقىڭ كۆيدۇرۇر.
يەتمەس ئېردى بىزگە ئول فىلفىل ياڭاقىڭ ئوتىدە،
كىم يانا ئەفسۇن بىلە جادۇ قاراقىڭ كۆيدۇرۇر.
ئوت ئەگەر سۆۋنى كۆيۈرمەس بولسە، ئەي جانۇ جەھان.
نې ئۇچۇن بۇ لۇتفىنىڭ جانىن دۇداغىڭ كۆيدۇرۇر.

* *

نارتەك ياڭاقلارىڭنىڭكى فىردەۋس باغىدۇر،
شەمئى فەلەك دىمەنكى، تەجەللى چەراغىدۇر.
دۇنياكىم ئىردى مەن كەبى شەھباز قۇدسىغە،
بىزنى بەلاغە سالغۇچى زۇلفۇڭ تۇزاغىدۇر.
زۇلفۇڭ چۇ باش كۆتەردى، يۈزۈلدى كۆڭۈل ئىلى،
قايدىن تاپىلسۇن ئەمنكى بۇلغاغ چاغىدۇر.
مەخمۇر كۆزلەرىڭ كەبى مەست ئەيلەگەن مىنى،
شول ساقىئى ئەلەست ئىچۇرگەن ئاياغىدۇر.
كۆز ئۈستىدە تۇتۇپ نىچە ياشنى ئاغىرلاسام،
ئەلگە چاقار مىنىيۇ ھەمۇل خۇنى ياغىدۇر.
لۇتفىغە ھەجر يۈكىنى قىلمە ھەۋالەكىم،
ئاندىن قىل ئۈچى مىڭ ئۇھۇدۇ قاف تاغىدۇر.

* *

نەرگىس كۆزۈڭنۇڭ ئوخشاشى [قايسى] چەمەندە بار،
يۈزۈڭ تەراۋەتى قاچان، ئەي گۈل، سۇمەندە بار؟
گۈلدا تاپىلماسە، ني ئەجەب، خەددىڭە مىسال،
قەددىڭنىڭ ئىستىقامەتىمۇ نارۋەندە بار.
بىلىڭنى يوق دىسە كىشى، ھىچ سۆز ئاندا يوق،
ئاغزىڭنى بار دىسە، ۋە لىكىن سۆز ئەندا بار.
يۈزۈڭ قۇياش دىدىم. شەكەردەك ئەرنىڭنى مەي،
خۇرشىد ئىچىندە زەررەئى شىرىنى قەندە بار.
ئىنچۇ تىشىڭ بىلە شەكەر ئەرنىڭ مۇشابىھى،
دۇررى ئەقىق ني ئەدەنۇ ني يەمەندە بار.
تىيلەتتى ئەقلى كۆل ئاغزىڭۇ يۈزۈڭ كۆرۈپ،
چۇن ئايەتىيۇ، نۇكتە بۇ سىررى ئەلەندە بار.
يالغۇز ھىرىيدە يوقكىم، ئانىڭ زۇلفى ۋەسفىندە،
شىئىرىڭ شىئارى، لۇتفى، خىتاۋۇ خوتەندە بار.

* *

ھەر كۈن ماڭا يۈز قاتلە گەر ئول ئاي كۆرۈنۇر،
ئۈيلە ساغىنۇر كۆزگە مەگەر ساي كۆرۈنۇر.
يۈز باش بارۇر يەلگە شۇكۇفە كەبى ھەردەم،
گۈل يۈزىدە چۇن زۇلفى سۇمەنساي كۆرۈنۇر.

www.uyghurkitap.com



ھەر كېچە يۈزى يادى بىلە يىغلارەم ئانچە،
كىم، ئىككى كۆزۈمنىڭ سۇيىدە ئاي كۆرۈنۇر.
نې بولغاي ئەگەر قىلسە زىيارەت بۇ كۆڭۈلنى،
ھەج قىلسە كىرەك ھۇسن ئىلە چۇن باي كۆرۈنۇر.
ئول تاش كۆڭۈللۈك غەمىدە لۇتفى كۆزىندىن،
ھەر سارىكى، كۆز كار قىلۇر ساي كۆرۈنۇر.

* *

ھەركىم ئانىڭ زۇلفى بىلەن ناگاھ بىرەر سەۋدا قىلۇر،
كۇچ بىرلە ئۈزىن ئول كىشى شورىدەۋۇ شەيدا قىلۇر.
قان يىغلاماقدىن دەم بەدەم ئەل ئارا سىررىم بولدى فاش،
ئاشىقنىڭ ئۆرتۈكلۈك ئىشىن كۆز ياشى كۆپ رەسۋا قىلۇر.
رەھم ئەتتى سارىغ يۈزۈمۇ كۆز ياشىمە ئول شەھ، بەلى،
بىر كۈن ياراغاي دەپ كىشى ئالتۇن، كۈمۈش پەيدا قىلۇر.
زۇلفى چەرىكىنى ياساپ قارشۇمغە ناگەھ يۈرۈسە،
كۆڭلۈم ئېلىن تاراج ئېتىپ، جان مۈلكىنى يەغما قىلۇر.
ئىككى قاشى باش بىر قىلىپ بىلمەن نې سۆز سۆزلەشتىلەر،
بارى كۆزىگە غەمزەسى جان ئالغالى ئىما قىلۇر.
جانىم ھەدەف بولسۇن سىنىڭ جەۋرۇڭ ئوقىغە نىچەكىم،
پەيۋەستە قاشىڭ ئەگمەسى ئوقتەك بويۇمنى يا قىلۇر.
ئەقلىم كېتىبان لۇتفىتەك دىۋانە بولغۇم ئاڭلاغىل،
ئىشقىڭ كېلىپ كۆڭلۈم ئېلى ئىچرە ئىكەن غەۋغا قىلۇر.

* *

ھەر نېچە يامانلىقكى قىلۇر، ياخشى كۆرۈنۇر.
نازۇك كىشىدىن ھەر نې كېلۇر، ياخشى كۆرۈنۇر.
گۈلنىڭ يىغاچى ئاستىدە ئولتۇركى، قوپار يەل،
گۈل باشىغە چۇن گۈل ساچىلۇر، ياخشى كۆرۈنۇر.
چۇن تىشلەسە ئەرنىن كۆرۈنۇر شىۋەسى شىرىن،
سۇت بىرلە چۇ شەككەر قاتىلۇر، ياخشى كۆرۈنۇر.
خەت ھۇسنىنى ئارتتۇردىيۇ ھىچ قىلمادى نۇقسان،
كاغەزغە چۇ خەتلەر يازىلۇر، ياخشى كۆرۈنۇر.
ساچىڭ بىلە يۈز ياپماغىلۇ لۇتفىغە كۆرگۈز!
كۈن، ئارى، بۇلۇتتىن ئاچىلۇر، ياخشى كۆرۈنۇر.

*          *

ھەرگەھكى كىش جۇببەنى ئۇل دىلرەبا كىيەر،
گويا كى تۇن لىباسىنى ماھى سەما كىيەر.
نەسرىن ئەجەب بەگۇلمۇكى، سۇنبۇل قىلۇ لىباس،
ئىرمەسمۇ تاڭكى، چىن بۇتى مۇشكى ختا كىيەر.
كۆڭلەككە ئىنجۇ توپچى مۇنۇڭتەك نى خۇب ئىمىش،
يا خۇد كېلۇر لەتىف نېكىم مەھلىقا كىيەر.
ئۇل تاشى سەدەف سەبز يەۋلك ئەيشلەر قىلۇر،
دەۋلەتلىق ئۇل نېمەكىم ئانى پادشاھ كىيەر.
ئەشھەب نېچۇن ئەرەڭ كۆتەرۇر نازەنىن بويى،
ئۇل رۇھتەك بەدەن بىلە تون مۇنتەھا كىيەر.
جان كۆڭلەكى قەبا بولۇر، ئەلبەتتە، غۇنچەتەك،
يۇز ئالى بىرلە ئانداكى، گۇلگۇن قەبا كىيەر.
بەسكىم قاشىندە لۇتفى بىكمىن ئالەمى ئۇلەر،
ئۇششاق ماتەمىندە ئوشۇل كۆز قارا كىيەر.

*          *

لاف ئۇرسە كۇن يۇزۇڭ بىلەن ئەينى گەزاف ئېرۇر،
كۆركلۇك سەن ـ ئوقسەن، ئۆزگە كىشى سۆزى لاف ئېرۇر.
كۆڭلۇم ھەمىشە تال كەبى تىترەر ئانىڭ ئۇچۇن،
كىم ۋەئدەڭىز مېنىڭ بىلە دائىم خىلاف ئېرۇر.
قانىمنى تۆكمە غەيرەت ئىلە، ئۆزگەگە باقىپ،
ئۆلتۇر مېنى نې ھاجەتى مۇنچە مەساف ئېرۇر.
ئەي «مىم» ئاغىزنى بېلىڭگە كۆڭلۇم قويۇپ دېدىم،
رەھمىم كېلۇركى قىلچە بېلىڭ يۇكى قاف ئېرۇر.
ئۇل تار ئاغىزكى سۆز ئاڭا سىغماس ئەدەم ئۇچۇن،
گەر بولسە لۇتفى ۋەسفىدە ئاجىز، مەئاف ئېرۇر.

*          *

يا رەب، ئۇل دىلبەر مەلەك يا ھۇر، يا خۇد جان ئېرۇر،
ھەق نەزەر ئاندىن كۆتەرمەس، خەلق ئاڭا ھەيران ئېرۇر.
شەككەر ئاغزىڭكىم كىچىكلىكتە ياشۇردى زەررەنى،
ئۇل قۇياش يۇز ئۆزرە گاھ پەيداۋۇ گاھ پىنھان ئېرۇر.

www.uyghurkitap.com



ئايۇ كۈن يۈزۈڭ بىلە لاف ئۇرسەلەر، يوقتۇر ئەجەب،
ئارى، لاف ئۇرماق يىراقتىن بارچەغە ئاسان ئىرۇر.
ئاغزىڭ ئۆلتۈردى تەبەسسۇم بىرلە بىزنى، تانماغىل،
گەر كىشى ئۆلتۈرمەسە، ئول نې ئۇچۇن پىنھان ئىرۇر؟
قويماغىل ھەردەم رەقىبىڭنى قاشىڭدە، سۇر، بېگىم،
كىم قوتۇر ئىتنىڭ دەمىندىن بارچەغە نۇقسان ئىرۇر.
گەرچە زۇلفۇڭ چىنىدە كافىر بولۇپ ئىردى كۆڭۇل،
بۇرقەئ ئالغىل چېھرەدىنكىم تالىبى ئىمان ئىرۇر.
دەۋرى ھۇسنۇڭدا جەفا بىرلە بۇ لۇتفى كۆڭلىن ئال،
يادكارى ھۇسن، ئارى، دۇنيىدا ئىھسان ئىرۇر.

* *

يۈزۈڭۈزدە ئوغان نۇرى ئەياندۇر،
كۆزۈڭىز فىتنەئى ئاخىر زەماندۇر.
خۇدا سىررىدۇر ئاغزىڭ، ئانى بىلمەك،
نې ھەددى ئەقلۇ فەھمۇ خۇردەداندۇر.
قاشىڭ، ئەرنىڭ، يۈزۈڭ، ئەي رەشكى رىزۋان،
ھىلالۇ كەۋسەرۇ باغى جىناندۇر.
مېنى سەۋدى دەبان يازغۇرماغىلكىم،
سېنى كىم سەۋمەسە دىنغە زىياندۇر.
سېنىڭ شىرىن دۇداغىڭ ھەسرەتىندىن،
مۇھىبلار جانى سۇۋۇ باغرى قاندۇر.
لەبىمگە يەتتى جان، ئەرنىمگە يەتكۈر
لەبىڭنىكىم، ماڭا پەيۋەندى جاندۇر.
نې غەم گەر دەردۇ ھەسرەت بىرلە ئۆلسەم،
چۇ دىلبەر ئۆلگەنىمدىن شادماندۇر.
فىراقىڭ تۆكتى بىر دەم ئىچرە قانىم،
ئەجەل يەتسە كىشىگە بىر زەماندۇر.
بۇ لۇتفى جانى ئاغزى سارى باردى،
مەقامى رۇم، ئارى، لامەكاندۇر.

* *

ياز فەسلى بارچە شادۇ كۆڭلۈمىز غەمناك ئىرۇر،
گۈل بىكىن جان كۆڭلەكى ھىجران ئىلىندىن چاك ئىرۇر.
ئەي فىراق ئۆلتۇر مېنى فىلھالۇ قۇتقار قايغۇدىن،
يارسىز ئاچچىق ئۈمرى زەھرىبۇ ئەجەل تەرياك ئىرۇر.
ئەرز قىلما گۈللارىڭنى بىزگە ئانسىز، ئەي بەھار،
قايسى گۈلنۇڭ ئىتەكى ئاخىر،ئانىڭتەك پاك ئىرۇر.
جان ئەگەر ئول ئارەز ئۇچۇن بارسە، يوق كۆڭلىدە رەھم،

سۈۋسىزىن يۈز بالىق ئۆلسە بەھرغە نې باك ئېرۇر،
تۇربەتىمنى تاشغە مۇنداق بىتىڭكىم: «لۇتفى قۇل
تاش باغىرلىق يار ئۇچۇن پەرسۇدە بولغان خاك ئېرۇر.»

*　*

ياغلىق تېگەر لەبىڭگە، نې فەرخۇندە فالى بار،
مەن مۇبتەلايى ھەجرۇ ئانىڭ خوش ۋىسالى بار.
تەگسە يۈزۈڭگە بىخۇد ئولۇپ يەرگە باش قويار،
ياغلىق باشىندە ئۆزگە نې مۇشكىل خەيالى بار؟
كىرپۈك ئىگنەسى بىلە تەھرىر ئېتەر كۆزۈم،
ئول ياغلىغىكىم ئىلكىڭ ئىلە ئىتتىسالى بار.
ياقلىقنى كۆپ يۈزۈڭگە يەقىن تۇتمە، فىكر قىل،
پەرتەۋ چۇ سالسە كەتانىڭ زەۋالى بار.
ھەر لەھزە ياغلىغىڭغە ئەرەقتىن سىپەر گۇلاب،
گۇلتەك يۈزۈڭكىم، ئاندا لەتافەت كەمالى بار.
جان مىسرىنە كىرىپ دىلى مېھنەتكەشدەدىن،
سورغىلكى، ياغلىقىڭ ھەسەدىندىن نې ھالى بار!
ياغلىق ئۆپەر لەبىڭنىۇ ئول ھەم خەيال ئىلە،
فىكر ئەيلە، لۇتفىنىڭكى نې ھەددۇ مەجالى بار.

*　*

سۇنبۇل ساچىڭكى ئال ئىلە گۇلبەرگى تەر قۇچار،
دەۋلەت كۆزۈڭ باشىندەكى شەمسۇ قەمەر قۇچار.
نەسرىن بىلە بىنەفشە كۆر تەكيە قىلغانىن،
ھىندۇغە باقكى تۇركى خىتانى نېلەر قۇچار.
لەئلىڭمۇ يا سۇھەيلۇ سۇرەييا قىراندۇر؟
يا خۇد ئەقىقى نابمۇدۇركىم گۇھەر قۇچار؟
ھەيرەتتە مەنكى تۇررە پەرىشانلىقى نېدۇر،
قىلتەك بېلىڭنى چۇن كېچەلەر تا سەھەر قۇچار.
مەن بىر كۆرەرگە مۇڭلۇقۇ تالېئلىق ئول نىقاب،
سۇرتەر يۈزىن يۈزۈڭگەۋۇ خوش - خوش ئۆپەر - قۇچار.
ھەرگىز ئۆلەرمۇ ئول كىشىكىم يىلدا بىر كېچە،
تاڭغە دېگىنچە سەن كەبى بىر سىيمبەر قۇچار؟

uyghurkitap.com



لۇتفى، يۈز ئالتۇنى بىلە ۋەسل ئىستەمە، فەقىر،
كىم ئاقچە يۈزنى ئەر كىشى قۇچماسكى، زەر قۇچار.

* *

پىستەدەك ئاغزىڭە شەكەر دېدىلەر، *
غەيب سىررىن نې مۇختەسەر دېدىلەر،
دېدىلەر ئارەزىڭنى ئاي ئىلە كۈن،
تەڭرىنىڭ نۇرىنە نېلەر دېدىلەر؟
يۈزۈڭ ئالىڭ قىيامەتىنى كۆرۈپ،
جەمئىئۇش - شەمسۇ ۋەل - قەمەر دېدىلەر.
قىل ئۇچى بار دېمىشلەر ئاغزىڭنى،
كۆركى، يوق يەردە نې خەبەر دېدىلەر.
ۋەھدەت ئەھلى سەفاۋۇ تەلئەتىڭە،
پەرتەۋى مەبدەئۇس - سۇۋەر دېدىلەر.
ۋەسفى زۇلفۇ رۇخىڭدە تۇشمەدىلەر،
ھەر نېچە شام ئىلە سەھەر دېدىلەر.
كىم قاشىڭنى ھىلالە مەڭزەتتى،
ئانى ئىشق ئەھلى كەج نەزەر دېدىلەر.
ئەھلى سەۋدا كۆڭۈل ئىلاجى ئۈچۈن،
لەبى لەئلىڭنى گۈلشەكەر دېدىلەر.
تۇت قۇلاق لۇتفىنىڭ ئىبارەتىغە،
كىم ئانىڭ لەفزىنى گۆھەر دېدىلەر.

* *

زەمانە ئەھلى كۆزۈڭ سېھرىنە ئەسىر بولۇر، *
خۇدايىرا، بۇ نې ئەشكالى دىلپەزىر بولۇر.
كۇمۇش بىلەكلەرىڭىزنى يەڭ ئىچرە ياشۇرماڭ،
كىشىنىڭ ئىلكى ئاچۇق بولسە بىنەزىر بولۇر.
كۆزۈم يۈزۈڭ سارى بىخاست باقسە، مەنئ ئەتمە،
كى ھۇسن ئېلى نەزەر ئەھلىنە ناگۇزىر بولۇر.
قىل ئۇچى سۆزلەسەم ئول تار ئاغزى كىنايەتىنى،
ۋۇجۇدى زېھنى سارى راجىئۇز - زەمىر بولۇر.
ھەرىس ئۈچۈن يۈزۈڭە خارۇ زار بولمىشمەن،
ھەرىس بولسە كىشى، خار ھەم ھەقىر بولۇر.
جەمالى قايدەكى بولسە، جەفاسى جانغە تېگەر،
مەگەركى ھۇسنۇ جەفا ئىتتىپاقى بىر بولۇر.
نېچەكىم ئول شەھ ئۈچۈن لۇتفى سۆزى دۇر بولدى،
قاچان قۇلاقىدە بۇ قىسسە جايگىر بولۇر.

* *

ئول زۇلفى تۇزاقىكى كۆڭۈل سەيدى ئۈچۈندۇر، *

هەر هەلقەسى سەرمايەئى ئەسبابى چۇنۇندۇر.
يىللار كېرەك ئول غەمزەگە شاگىردلىق ئەتسە،
هارۇتكى، ئۇستادى تىلسىماتى فۇسۇندۇر.
چۇن ئەقل كىچىكلىكدە ئول ئاي ياڭى ئىكەندە،
هۇسنىڭداغى بۇ دەردى دىلىم روزى فۇزۇندۇر.
بۇرقەڭنى كۆتەر تەڭرى ئۇچۇن، ئەل سېنى كۆرسۇن،
بۇ هۇسنۇ مەلاهەت يەنە قايسى كۇن ئۇچۇندۇر؟
لۇتفىكىم ئاجۇن خانلارىنى ئىلمادى كۆزگە،
قۇل بولدى جەمالىڭغەۋۇ ئىشقىڭدە زەبۇندۇر.

* *

چېهرەڭ چەراغى نۇرى مۇسەۋۋەر دەگۇلمۇدۇر؟ !
ئەنۋارى لايەزالغە مەزهەر دەگۇلمۇدۇر؟ !
لەئلىڭكى سەلسەبىل زىلالىنە سۇۋسامىش،
رەشكى شەراب، غەيرەتى كەۋسەر دەگۇلمۇدۇر؟ !
زۇلفۇڭ سەۋادىدەكىم ئېرۇر هەلقە ـ هەلقە رۇه،
ئىشرەت سائەتى ئېرمەسۇ مەهشەر دەگۇلمۇدۇر؟ !
ئەسرارى لامەكاننىڭ ئەمنىيۇ مەهرەمى،
ئاغزىڭ قاتىندە خالى مۇدەۋۋەر دەگۇلمۇدۇر؟ !
لەئلى لەبىنكى رۇهى مۇقەددەس ئانىڭ بىلە،
قايىم دۇرۇر ئارەز كەبى، جەۋهەر دەگۇلمۇدۇر؟ !
يۇزۇڭ خەيالى غەم كېچەسى خەتتۇ خال ئىلە،
جان خىلۋەتىندە شەمئى مۇنەۋۋەر دەگۇلمۇدۇر؟ !
لۇتفىنى ئايتقالى بىر ئاغىز ۋەسفى شۇكر ئىلە،
سۆزى قاشىندە قەندى مۇكەررەر دەگۇلمۇدۇر؟ !

* *

هەر قايدە بىر جەفاچى داغى باغرى تاش ئېرۇر، *
ئاندا جەمالۇ هۇسن قارا كۆزۇ قاش ئېرۇر.
قاندۇر ئوقۇڭ نىشانى ئۇچۇن هەر دەم ئورتادە،
جانۇ كۆڭۇل ئاراسىدە بەسكىم تالاش ئېرۇر.
باش بىر قىلىپدۇر ئىككى قاشىڭ قەسدى جانىمە،
قانىم بىهىل، نې هاجەتى مۇنچە كېڭاش ئېرۇر؟

بولماس باشىم مۇشەررەف ئاياغىڭغە زۇلفتەك،
يا رەب، بۇ بەختۇ دەۋلەتى يوقتۇركى، ياش ئېرۇر.
لۇتفى كۇن ئېلتۇر ئاي يۇزى نەززارەسى بىلە،
بۇ تويماغۇرغە كۆركى نې ۋەجهى مەئاش ئېرۇر.

* *

گۇلچىھرەلەرنىڭ جەۋرىدىن قات - قات بۇ باغرىم قان ئېرۇر،
دۇر تىشلىلەرنىڭ نارىدىن ئىككى كۆزۇم ئۇممان ئېرۇر.
قانىمنى سوردى ئەرنىگۇ سورمادى ئانى ھېچ كىشى،
دەئۋا قىلۇر بولسە ئاڭا ئايتۇركىم: «ئىككى قان ئېرۇر.»
زۇلفۇڭ ئۇزاتۇر ئېردى كۆپ زۇلم ئىلكىن، ئانى يىغمادىڭ،
ھالى ئۇيالماقتىن باشىن ئاستىن سالىپ نەربان ئېرۇر.
باشتە قىلۇر ئېردى قاشىڭ كۆڭلۇم ھەقىندە ئەگرىلىك،
كۆز قاققىل، ئۇزىن ئاڭلاسۇنكىم، نەۋبەتى ئېھسان ئېرۇر.
بىر كۇن جەمالىن كۆرمەيىن ھەسرەتتە قالدى گويىيا،
بىچارە مىسكىن لۇتفىغە روزى بارى ئىھسان ئېرۇر.

## فىر - رەدىفۇز - زائ

ئۇل سانئىكى، خىلقەت ئىشىن قىلدى ياشۇ كۆز،
ھېچ كىمگە سەنچە بەرمەدى ئەييارە قاشۇ كۆز.
ھەيران قالۇر يۇزۇڭدە كۆزۇ ياش خەبەر بېرۇر،
بولدى مېنىڭ جانىمغە بەلا پەيكى قاشۇ كۆز.
قالسە يۇزۇڭدە كۆز، نې ئەجەب، خىيرەكىم نەزەر،
قاسىر ئېرۇر چۇ بولسە مۇقابىل قۇياشۇ كۆز.
سەۋدى كۆڭۇل سېنىيۇ كۆزۇم ساچتى دۇررى ئەشك،
سىررىمنى ئالەم ئىچرە كۆڭۇل قىلدى فاشۇ كۆز.
ئۇل كۆزۇ ئاغزىنى لۇتفى دېمەس نەرگىسۇ نەبات،
ئاغزىڭ كۆزۇڭ قاشىندە ئالارغە نې باشۇ كۆز.

## فىس - سىن

جان ھەسرەت ئىلە كۆيدىيۇ، دىلدار تاپىلماس،
بارچە تاپىلۇر، بىزگە ۋەلې يار تاپىلماس.
گۇل كەلدى يۇزۇڭ دەۋرىدەكىم ھۇسن ساتاي دەپ،
ئايلاندىيۇ، ھېچ يەردە خەرىدار تاپىلماس.

ئەغيار بىكىن جانۇ كۆڭۈل كەتتى قاشىمدىن،
غەمدەك ماڭا بىر يارى ۋافادار تاپىلماس.
ئەي ساقىئى مەجلىس، سال ئىلىكتىن قەدەھۇ جان،
كىم كۆزلەرىنىڭ دەۋرىدە ھۇشيار تاپىلماس.
دېدىمكى: «رەقىبىڭنى قاشىڭدىن كېتەر» ئايتۇر:
«بىر گۇل قانىكىم، ئالىدە يۇز خار تاپىلماس؟»
ئەي ھەجر، كېتەر ياش ئىلە كۆزۈم قاراسىنى،
كۆزنى نىتەيىن دەۋلەتى دىيدار تاپىلماس.
قىل مۇھر ئاغىز خاتەمىدىن لۇتفىنىڭ ئاغزىن،
كىم دۇنيىدە بىر مەھرەمى ئەسرار تاپىلماس.

* *

دىلبەر ئىشىكىندە تۇرسا بولماس،
بۇرقەئىسىز ئول ئاينى كۆرسە بولماس.
قانىمنى تۆكەر لەبى يازۇقسىز،
ئاندىن نېتەيىنكى، سورسە بولماس.
بىردەم رەقىب ئىلكىدىن، قاشىندا،
كۆز ياشى مەڭىزلى تۇرسە بولماس.
ئەل يۇزىگە باقسەلەر ئۆلەرمەن،
خۇرشىدنى نېتەي ياشۇرسە بولماس.
ئىشق ئوتىدە لۇتفى، يىغلامە كۆپ،
سۆز بىرلە ئانى ئۆچۈرسە بولماس.

* *

دۇنيىنى كەزدىمۇ زىيبا سېنى ـ ئوق كۆردۈم، بەس،
بۇ مەلاھەت بىلە، ھەققا، سېنى ـ ئوق كۆردۈم، بەس.
راست چۇن بولدى ئەزەلنىڭ كۇنى سەف ـ سەف ئەرۋاھ،
بارچەدىن ھۇسن ئىلە يەكتا سېنى ـ ئوق كۆردۈم، بەس.
دىلرەبالىق قەنىكىم قىلدىن ئېرۇر نازۇكراق،
مەن ئوشۇل ئىلمىدە دانا سېنى ـ ئوق كۆردۈم، بەس.
ئانداكىم بولدى يىغىن ھۇسن ئېلىنىڭ مەجمەئىدە،
شەمئىتەك ئەنجۇمەن ئارا سېنى ـ ئوق كۆردۈم، بەس.
يەتتى ئىقلىم ئىچىدە دەر ـ بەدەرۇ شەھر ـ بەشەھر،
ھۇسن ئۇچۇن كەزدىمۇ رەئنا سېنى ـ ئوق كۆردۈم، بەس.
قالدى قىل ئۇچى ئەدەم بولغالى جان ئاغزىڭ ئۇچۇن،
ئولكى بىلگەي بۇ مۇئەمما، سېنى ـ ئوق كۆردۈم، بەس.
لۇتفىنى تىرگۇزەدۇر ھەر نەفەس ئول لەئلى لەبىڭ،
ئۇشبۇ دەم ئىچرە مەسىھا سېنى ـ ئوق كۆردۈم، بەس.

www.uyghurkitap.com

* *

سىنىڭ شىرىن لەبىڭ جاندىن قالىشماس،
ساچىڭنىڭ كوفرى ئىماندىن قالىشماس.
خىتا تۈركى ئانىڭكىم نىچە بولسا،
كۆزۈڭنىڭ شىۋەسى ئاندىن قالىشماس.
رەۋامۇكىم مىنى ئۆلتۈرسە تەشنە،
لەبىڭكىم ئابى ھەيۋاندىن قالىشماس.
ئىشىكىڭ ئىتىنەكىم بولسە قولداش،
ئانىڭ ئىقبالى سۇلتاندىن قالىشماس.
كۆزۈم ياشىندىن ئىيمەنگىل ئاخىر،
كى ھەر بىر مەۋجى تۇفاندىن قالىشماس.
يازۇقتۇر، تۆكمەسۇن ياشىمنى لەئلىڭ،
كىم ئۇشبۇ ئال ياشىم قاندىن قالىشماس.
قىلىڭ تەھسىن بىلە لۇتفىنى دىلشاد،
كى رەڭگىن شېئرى سەلماندىن قالىشماس.

## فىش ـ شىن

مەن خەستە قانىنە كەمەر ساھىب جەمالى باغلامىش،
قەسدى غەرىبى ئەيلەمىش، نازۇك خەيالى باغلامىش.
ئىلمى نەزەر ئىچرە كۆزۈم دەريا ئەگەر بولمايدۇرۇر،
كىرپۈكلەر ئۈزرە قاندىن ئول مەنشۇرى ئالى باغلامىش.
چەۋگانى زۇلفى دال ئىرۇر، مەن گويتەك سەرگەشتەمەن،
سۇفى ئۆزۈنگە زەرق ئىلەگەر ۋەجدۇ ھالى باغلامىش.
دىۋانە بولسام نى ئەجەب مۇنداقكى قاشىڭ تاقىدىن،
قۇدرەت ئىلە خۇرشىد ئۈزە مۇشكىن ھىلالى باغلامىش.
گۇلكىم سىغىنمىش غۇنچەغە، سەندىندۇرۇر ئەندىشەسى،
يۈز پەردە، يەئنى ۋەجھ ئۈزە بىئىنفىئالى باغلامىش.
ئول ئاي خەيالى كەچكەلى سىلى سىرىشكىم مەۋجىنە،
كىرپۈك قامىشىندىن كۆزۈم ھەر سارى سالى باغلامىش.
مۇشكىن ساچۇ تار ئاغزىدىن لۇتفى كۇشاد ئىستەر، ۋەلې،
فىكرى خەتادۇر ئاڭلادىم، نەقشى خەيالى باغلامىش.

* *

دىلبەر ساغىنماغان جىھەتى بۇ فىراق ئىمىش،*
«كۆزدىن يىراق بولسە كۆڭۈلدىن يىراق» ئىمىش.
تىنماس خەيالى كىيىنچە كۆز ياشى قەترەدىن،
يۈز سارىنە يۈگۈرگۈچى گۈلگۈن بۇراق ئىمىش.
بولماس ۋىسال بىرلە كۆڭۈل دەردۇ داغى كەم،
ئول تويماغۇردا، ۋەھ، نى بەلا ئىشتىياقى ئىمىش.
قان باغلادى جىگەرلەرى ئول غەمزە سەھمىدىن،

چىنۇ خىتادە نېچەكىم ئاھۇ قاراق ئىمىش.
يايدەك بويۇمنى ئەگدى قاشىڭ بارى غەم بىلەن،
كىم ئەگرىلىكدە دەۋرى قەمەر ئىچرە تاق ئىمىش.
بۇزدى قارا چەرىك بىلە كۆڭلۈم ۋىلايەتىن،
ئول كۆزكى، تۇركلەردەك ئىشى تالاماق ئىمىش.
لۇتفى ھىرىدە قالمادى شېئرىڭگە مۇشتەرى،
ئەزمى ھىجاز قىلكى، مەقامىڭ ئىراق ئىمىش.

## فىل - قاف

ئەي سىنىڭ جەۋرۇ جەفاڭ مىھرۇ ۋەفادىن ياخشىراق،
ئول سىنىڭ ئايدەك يۈزۈڭ بولسۇن يامان كۆزدىن يىراق.
ھۇسن ئېلىندىن تاق ئېرۇر مېھرابتەك ئىككى قاشىڭ،
كۆرمەدى يەر يۈزىنى كەزگەن مۇنىڭدەك جۇفتۇ تاق.
[كەچتى ئۇمرۇ كىرمەدى تۈشكە خەيالىڭ بىر كېچە،
قوينىمىزدە، قايدەدۇر ئول بەختكىم، كىرگەي قۇناق.]
ھەر يامان سۆزى بىلە ئۆلتۈرمە بىزنى خارۇ زار،
رەسم ئېرۇر شەھلەر ۋەفالىق قۇلنى ياخشى ئاسراماق.
ھەر سەھەر «يا رەب» دىن ئىلكىمنى كۆتەرسەم يىغلايۇ،
ئۆرتەنۇر ئاھىم ئوتىندىن يەتتى فىرۇزى رەۋاق.
لۇتفى كۆڭلى بەھرىدىن ۋەسفىڭ دۇرىن دەرج ئەيلەدى،
بىر زەمان نېچە ئاغىر كەلسە، ئاڭا تۇتقىن قۇلاق.

* *

ئاھۇ كۆزۈڭكىم ئۆزىدە بىر دەم قەرارى يوق،
بىر گۇشە يوقكى دۇنيىدە يۈز مىڭ شىكارى يوق.
يا رەبكى، ئۇمر خۇشلۇغىدىن نې كۆرۈپ تۇرۇر،
بىچارەئىكى سەنتەك ئانىڭ غەمگۇزارى يوق.
مەيدانغە گويى ھۇسن فەلەك سالغالى بېرى،
كۇن گەردىشىندە سەن كەبى چابۇك سەۋارى يوق.
كۆزۈڭ غەزالەسى كىزەر ئول لالەزار ئارا،
كىم رەۋزەنىڭ ئانىڭ كەبى خۇش لالەزارى يوق.
خانى ۋىسالىدىن ماڭا تەگمەس نەۋالەئى،
كىم مەۋتى ئەھمەر ئاتلىق ئانىڭ ئىنتىزارى يوق.
كۆز ئويناتىپ كۆڭۈلنى قىلۇر ئىختىيارسىز،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ھېچ كىمنىڭ ئانچە ئۆز كۆزىنە ئىختىيارى يوق،
ئىچ بولغالى رەقىب، تۇرۇر لۇتفى ئورنى تاش،
ئاشىقنىڭ ئىتىچە ھەم قاشىدە ئىئتىبارى يوق.

* *

ئول سىيم تەنكى، رۇخ ئانگئتەك لەتىف يوق،
گەر ھۆللە بولماسە ئاڭا كۆگلەك زەرىف يوق.
ئايتەك يۈزىنى كۆردى شەرەف ئىچرە ئافتاب،
سەنتەك جەھاندا دېدىكى، زاتى شەرىف يوق.
ئاشىققە جان باغىشلار ئوشۇل كۆز باقىش بىلە،
ئۆسرۈكلەر ئىچرە كۆزۈڭە ھېچ كىم ھەرىف يوق.
گەر مۇستەھىق تىلەرسەن، ئايا شاھ، زەكات ئۇچۇن،
مەنتەك جەھاندا ھېچ گەدايى زەئىف يوق.
قىلغاي نې تىل بىلە سېنىڭ ئاغزىڭنى لۇتفى ۋەسف،
چۇن تار ئېرۇر قەۋافىيۇ بولدى رەدىف يوق.

* *

بىزگە نېدىن ئول ئاھۇ قاراقىنىڭ نەزەرى يوق،
شىشلانسە باغىر، كۆيسە يۈرەك ھەم خەبەرى يوق.
ھەرگىز قەدىدىن تاپمادى جان مۇۋەئى مەقسۇد،
ئول سەرۋدۇرۇر، سەرۋنىنىڭ ئارى، سەمەرى يوق.
ھەيفىم كېلۇر ئول ئايىنكى ئاھ ئوتىنە ياقسام،
سىز ئۆيلە ساغىنماڭكىم، ئاھىمنىڭ ئەسەرى يوق.
ۋەسلىڭنى دۇئا بىرلە سەھەر ئىستەگەي ئېردىم،
ئەي ۋايكى، ھىجران كېچەسىنىڭ سەھەرى يوق.
لۇتفىنى سېۋەر دەپ مېنى كۆپ قاۋلاماغىلكىم،
جاندىن گۈزەرى باردۇرۇر، سىزدىن گۈزەرى يوق.

* *

تا جەمالىڭدىن تۇشۇپتۇرمەن يامان كۆزدەك يىراق،
بىر تىرىكلىكتىن كۆرەرمەن كۆپ ئەجەلنى ياخشىراق.
ياش فەرزەندىن يۇگۇرتۇپ يۈز سارى ھەردەم كۆزۈم،
چۇن سېنىڭ ئىزىڭنى تايماي چاپتۇرۇر گۈلگۇن بۇراق.
قاشلارىڭ يادىندا كۆپ مېھرابقە قارشۇ تۇرۇپ،
فال تۇتتۇم، كەلدى فالىم گاھ جۇپتۇ گاھى تاق.

ئاھۇ ۋاۋەيلاۋۇ ئۆرتەنمەكۇ ئۆلمەك ئاتى - ھەجر،
ھەسرەتۇ رەنجۇ ئەناۋۇ دەردۇ غەم ئاتى - فىراق.
يەرگە كىرسەم كاشكى، چۇن يەتمەس ئول ئايغە ئىلىك،
مۇشكىل ئەھۋالى تۇشۇپتۇر: «يەر قاتىقۇ كۆك يىراق.»
فۇرقەتىڭدە تۆكتى، شاھىم، كۆزلەرىم دۇررى يەتىم،
ئول ئاداقىڭغە تۇشۇپ ھالىنى ئايتسە، تۇت قۇلاق.
سالدى تۈركىستان ئېلىغە لۇتفىنى كافىر كۆزۈڭ،
نې مەجالى باركى قىلسە راست ئاھەڭگى ئىراق.

* *

ئىشق تۇشسە ھەر كۆڭۈلگە، دەردۇ غەمدىن چارە يوق،
يەتسە چۇن نەشتەر جەراھەتقە ئەلەمدىن چارە يوق.
ئەي ۋۇجۇد، ئول تار ئاغىزدىن ھېچ بولساڭ نې ئەجەب،
ئۇشبۇ يولدە يۈرۈگەنلەرگە ئەدەمدىن چارە يوق.
بىر تۇتۇپ زۇلفۇڭنى يۈزىمىڭ زەھر تاپتىم زۇلمىدىن،
ئارى - ئارىكىم، يىلان تۇتقانغە سەمدىن چارە يوق.
يۈزۈڭە باقسام كۆزۈم ياشىن كۆرۈپ ئەيب ئەتمەگىل،
ياز بولۇتى بولسە پەيدا، گۈلگە نەمدىن چارە يوق.
مەن بۇ سەۋدادە نەدامەتتىن ئۆگۈن سۇد كۆرمەدىم،
كىم تىجارەتتە زىيان قىلسە نەدەمدىن چارە يوق.
ئاي يۈزۈڭە زۇلف ئۆزىن سالسە نې تاڭ بولغاي، بەلې،
تۇن ئۇزۇن بولسە نېچەكىم، سۇبھى دەمدىن چارە يوق.
ئىشكىڭدىن قاۋلامە، بۇ لۇتفىنىڭ جۇرمىن كۆرۈپ،
كىم بۇ باب ئىچرە كەرىملەرگە كەرەمدىن چارە يوق.

* *

قاراقچى كۆزىنىڭ ئول ئالى كۆپ قارا سىنە باق،
كۆمىش سىپايەنىڭ ئۇستىندە ئىككى ياسىنە باق.
ئەگەر دەلىل تىلەرسەن مەسىھنىڭ دەمىنە،
تەبەسسۇم ئىچرە ئانىڭ لەئلى جانفەزاسىنە باق.
ساقاقى خالى مېنى ئەسرۇ مۇبتەلا قىلدى،
قەمەرنىڭ ئاخىرى دەۋرىندەگى بەلاسىنە باق.
ناغۇ بارۇرسەن ئېلىكتىن دېمە، گۇناھىم يوق،
كۆز ئۇچى بىرلە ئۆتەر چاغدا مەرھەباسىنە باق.
كەل ئى مۇقلە بىتكەن مۇۋەججەھۇ رەۋشەن،

www.uyghurkitap.com

يۈز ئۈزرە ئىككى كۆزۈم ياشى ماجەراسىنە باق.
يۈزۈڭدە نۇرى تەجەللى، لەبىڭدە جەۋھەرى رۇھ،
مۇئايىنە كۆرەدۇرمەن، كۆڭۈل سەفاسىنە باق.
ساچىڭ، يۈزۈڭ ھەۋەسى ئىچرە لۇتفى سارى كېلىپ،
قاراڭغۇ كېچەكى ياشۇ سەھەر دۇئاسىنە باق.

* *

كۆڭۈل تا ئارەزىڭغە بولدى مۇشتاق،
كۆزۈمدە گەھ قىزىل گۈلدۇر، گەھى ئاق.
مېنى كۆيدۈرگەلى ئول كۆزى ئوتلۇق،
كۆڭۈلنى تاش ئېتەر، غەمزەنى چاقماق.
شەكەردۇر ئول ئاغىز يا پىستە بىلمەن،
دۇداغىڭدىن ئەمەستۇر ئەيب سورماق.
فىراقىڭدا تۆكەيىن ياش نەقدىن،
قارا كۈنلەر ئۈچۈندۇر ئاق يارماق.
ئەقىقىڭنى سورايىن دېسەم، ئايتۇر:
«يامان ئەندىشەلىكنىڭ فىكرىنە باق.»
تىلەپ كۆڭلۈم سېنىڭ ئاغزىڭنى تاپماس،
كىچىك ئۈچۈن مەگەر ئوينار ياشۇنماق.
سېنىڭ ئىشقىڭ كۈچىندىن لۇتفى سۆزى،
جەمالىڭ چاۋى ياڭلىق تۈتتى ئەۋراق.

* *

نارتەك ياڭاقلارىڭ كەبى شەمئ ئەنجۇمەندە يوق،
سەرۋى قەدىڭ مەڭزىلى سەنەۋبەر چەمەندە يوق.
سەنسىز چەمەندە ياز ئاچىلماس كۆڭۈل لەبى،
نازۇ كەرەشمە سەرۋۇ گۈلۇ ياسۇمەندە يوق.
ھەردەم جەمالىڭ ئارتارۇ ھۇسنۇڭە يوق نەزىر،
مېھرۇ ۋەفا دەرىغكى، ئەي ئۆمر، سەندە يوق.
يۈزۈڭنى گۈل چۇ تاپمادى كۆڭلەكنى قىلدى چاك،
يۇسۇفنۇڭ ئىدى، ئارىكى، ھەر پىرەھەندە يوق.
جانىم چىقار جەمالىڭە قىلغاندە بىر نەزەر،
دەرداكى، باققالى يانا بىر جان بەدەندە يوق.
قويغىل خىتا يولىن داغى مۇشك ئىزدەمە، سەبا،
چىن ساچىدەك چۇ مۇشك خىتاۋۇ خوتەندە يوق.
تىشىڭ دۇرىنى لۇتفى سىفەت قىلغالى بېرى،
بىر دۇررى قىيمەتى سۆزى ياڭلىق ئەدەندە يوق.

* *

ئەي پەرى رۇخسارلار، بىزگە نىگاھ ئەيلەپ ئۆتۈڭ،
بىر نەزەر بىرلە گەدانى پادىشاھ ئەيلەپ ئۆتۈڭ.

گەرچە ئۆتكەندە كىرەسىز كۆپ كىشىنىڭ قانىنە،
بۇ گەدا كۆڭلى ئۇچۇن مۇنچە گۇناھ ئەيلەپ ئۆتۇك.
خارلىق ھەددىن ئاشۇرماڭ، چۇنكى ئىززەت يولدادۇر،
ئاتىڭىز نەئلىندە بىزنى خاكى راھ ئەيلەپ ئۆتۇك.
ھەر قاچان جان بەرسەم ئول قەددۇ ئاغىز يادى بىلە،
ئەي مۇھىبلار، تۇربەتىم ئۇستۇندە «ئاھ» ئەيلەپ ئۆتۇك.
ھەر نېچەكىم، سىزگە زەھمەتتۇر، زەكاتى ھۇسن ئۇچۇن،
ئىلتىفاتى لۇتفى سارى گاھ ـ گاھ ئەيلەپ ئۆتۇك.

* *

جانىم چىقادۇر دەرد ئىلە، جانانىمە ئايتىڭ،
مەن خەستە گەدا ھالىنى سۇلتانىمە ئايتىڭ.
ئۆرتەنمەكۇ كۆز ياشىيۇ ئۆلمەك تۇرۇر ئىشىم،
بۇ قىسسەنى ئول شەمئى شەبىستانىمە ئايتىڭ.
قات ـ قات يۇرەكىم باغلادى قان غۇنچە مەڭىزلىك،
بۇ دەردى دىلىمنى گۇلى خەندانىمە ئايتىڭ.
قان ياشىم ئېرۇر يۇز ئۇزە يۇلتۇز كەبى سانسىز،
ئول كۆزلەرى چولپان مەھى تابانىمە ئايتىڭ.
لۇتفىئى دىل ئەفگار تىلەر ھەجر ئېلىدىن داد،
ئەھۋالىنى ئول بېگىمەۋۇ خانىمە ئايتىڭ.

* *

خۇش ياراشۇر يۇزى بىرلە زۇلفى پۇرتابى ئانىڭ،
ئەي خۇش ئول تۇنكىم، تەجەللى بولسە مەھتابى ئانىڭ.
كۆڭلۇمىز ۋەيرانۇ قاشۇ كۆزدە چىندۇر بۇ مەسەل
كىم «قالۇر مەسجد ئەگەر بۇزۇلسە مىھرابى ئانىڭ.»
جان ئەدەم سارى قىلۇر پەرۋاز شىرىنلىك بىلە،
قىلسە سۆزلەردە تەبەسسۇم شەككەرى نابى ئانىڭ.
نې بەلالىق كۆزى باركىم، ئەقلۇ دىن يەغماسىنە،
ئۇيغاتۇر ھەر گۇشەدىن يۇز فىتنەنى خابى ئانىڭ.
خالى ئېرمەستۇر مەڭىزىنىڭ ئەكسىدىن دەريا كۆزۇم،
تۇرفە دەريايىكى ئەنبەر بولسە گىردابى ئانىڭ.
گەر ئىشىڭ شەۋقىنى شەرھ ئەيلەسەم، بۇ فەسلدە،

يۇز رىسالە چىقىقاي ئارتۇق، بەلكى ھەر بابى ئانىڭ.
ئىشق لۇتفىنى ئانىڭدەك ھالغە يەتكۇردىكىم،
يوقتۇر ئول ئايىنى كۆرەرگە تاقەتۇ تابى ئانىڭ.

* *

خۇبلاردا سىنىگتەك بىر مەھبۇب قەنى نازۇك،
باشتىن ئاياقى زىبا، بەلۇ بەدەنى نازۇك.
نازۇكلۇك ئىلە ئالدىڭ كۆڭلۇمنى باقىپ ئوغرىن،
نازۇك كىشىلەرنىڭكى، ھەر نې قىلەنى نازۇك.
ئالما ياڭاقىڭ كۆرگەچ، مەن يىگدە نېچۇك ئۆلمەي!
بادام كۆزى فىتنە، پىستە دەھەنى نازۇك.
يەرگە تۆكۈلۈر ئۆلگەن قانى يەرە ھىچ تۆكمەي،
بىر غەمزە بىلە ئول شوخ ئۆلتۇردى مەنى نازۇك.
غەمزەڭ ئوقىغە قارشۇ جان لۇتفى ھەدەف قىلدى،
نامۇس ئۇچۇن گەھ - گەھ سەن ئاتقىن ئەنى نازۇك.

* *

كەرەشمە بىرلە نېچە جانۇمە جەفا قىلغۇڭ،
نېچەگە تەگرۇ مېنى زارۇ مۇبتەلا قىلغۇڭ.
ياۋۇشتى چىققالى جان ئىنتىزار دەردى بىلە،
نې كۇن، نې ۋەقت، نې سائەتقە بىر دەۋا قىلغۇڭ.
كۆزۈڭ جەفاداۋۇ دىۋانەلىقتىن ئۇشبۇ كۆڭۈل،
تەمەئ تۇتاركى، مەگەر ئاقىبەت ۋەفا قىلغۇڭ.
ھەيات كەچتىيۇ، بىگانەمەن ۋىسالىڭدىن،
قاچان ئۆزۈڭ بىلە بۇ قۇلنى ئاشنا قىلغۇڭ؟
بۇ ئال بىرلەكى لەئلىڭ تەبەسسۇمىن كۆردۇم،
ياشىم ئەقىقۇ چىرايىمنى كەھرەبا قىلغۇڭ.
ئىتابۇ جەۋرۇ جەفاغە داغى كىرەك ئىنساف،
ئايىتكى، نېچە مېنىڭ جانىمە جەفا قىلغۇڭ؟
فىراق ئەمگەكىدىن لۇتفى قۇلنى ئۆلدى ساغىن،
ئانىڭ قىزىل قانىغە نېچە كۆز قارا قىلغۇڭ.

* *

قارا قىنغە مېنى سالدى قاراقىلىڭ،
نې ھاجەت قىيناسە ئەمدى قاراقىلىڭ.
تەكەببۇردىن بىلۇرمەن، تەگمەگەي ھېچ،
مەزارىم باشىغە قۇتلۇق ئاياقىلىڭ.
ۋەلې مۇنچە ئۇمىدىم باركى، بىلسەڭ،
كىم ئۆلتۇردى بۇ قۇلنى ئىشتىياقىلىڭ.
بولۇر جانىم سۇۋۇ ئوتتەك تۇتاشۇر،

چۇ يادىمغە كېلۇر شىرىن دۇداقىلىڭ.
نە دەب ھەجر ئىلكىدىن سەندىن تىلەي داد،
كى ھىجران بىرلە بىردۇر ئىتتىفاقىلىڭ.
غەمۇ ھەسرەت بىلە باشىم ئاقاردى،
چۇ بىر دەم كۆرمەدىم سىيمتەك ساقاقىلىڭ.
ھەم ئول دەم كۆيدى لۇتفى شەمئ ياڭلىق،
كى كۆردى ناگەھان نارتەك ياڭاقىلىڭ.

* *

نېچە كۆيگەي بۇ يانار ئوتقە زەئىف جانىم مېنىڭ،
قالمادى سەبر ئەتكەلى بىر زەررە ئىمكانىم مېنىڭ.
كەس باشىمنى گويتەك، خەيلىڭ ئاداقى ئىچرە سال،
قويمە سەرگەردان مېنى، ئەي زۇلفى چەۋگانىم مېنىڭ.
چۇن كىشىنىڭ قانىن ئايتۇرلاركى، ياتماس، ئەي ئەجەب،
لەئلىڭىزدە نې ئۇچۇن مۇنداق ياتۇر قانىم مېنىڭ؟
مەقدەمىڭدە ساچقالى يۇزدىن ئۆگۈن يوق ئالتۇنۇم.
بار، ۋەلې كۆز بەھرىدە كۆپ دۇررى غەلتانىم مېنىڭ.
مەن گەدانى ناتەۋانلىق بىرلە ئۆلتۇردى كۆزۇڭ،
كىمگە بولغاي ئاخىر، ئەي سۇلتان، بۇ تاۋانىم مېنىڭ؟
ئايۇ كۇن يۇلتۇز كەبى يەرگە ئۆزىن سالماق تىلەر،
چىقسە خىرگەھتىن بىرەر ئول ماھى تابانىم مېنىڭ.
جان بارىنچە قىلماغاي لۇتفى فىغان بىدادىدىن،
دادكىم بەرسۇن، قىلۇر چۇن جەۋر سۇلتانىم مېنىڭ.

* *

نې نازۇ نې شىيۋەدۇرۇر، ئەي جادۇ كۆزلۇك شوخ ـ شەڭ؟
كەبكى دەرىي، تاۋۇستە يوق، ئەلبەتتە، بۇ رەفتارۇ رەڭ.
ئال ئەڭدە مەڭنى قوندۇرۇپ، زۇلفۇڭنى كۆز بازى بىلە،
كۆڭلۇم ھۇمايى بوينىغە تويغۇنچە نې سالدى غەرەڭ؟
ئول راست قەددىڭ سەرۋەتەك ئىگراتتى نەينى ھەر نەفەس،
شىرىن لەبىڭ ئاغزىڭ بىكىن قىلدى شەكەر ئەيشىنى تەڭ.
كۆرسە بۇ باغرىمدا مېنىڭ ئول كىرپۇكۇڭ تىلگەنلەرىن،
ھېچ بولدى دەپ ئالما سېنى دەرياغە تاشلاغاي فەرەڭ.

گەرچە سەنەملەر ئاغزىنى ئوخشاتتى ساغەر پىستەگە،
ئول پۇچ ئېرۇر ھېچ مەغزى يوق ئاغزىڭغە ئۆزىن تۇتسە تەڭ.
قان يىغلاماغىم دەم بەدەم جانۇ جىگەرنى كۆيدۇرۇر،
ئوت تۇشكەي ئىكى كۆزىنە بىر لەھزە ھەم قىلماس دەرەڭ.
گەر لۇتفىغە ئىت ئاتاسام ھېچ كۆڭلى قالغايمۇ دېدىڭ؟!
نې كۆڭلى قىلىپتۇر ئانىڭكىم، ئىستەگەي نامۇسۇ نەڭ.

* *

باشىمغە سايە سال، ئەي سەرۋى چالاك، *
كى گۇلدەكتۇر ياقام ھەجر ئىلكىدىن چاك.
قەدەم باس كۆز ئۆزە كىرپۈككە باقماي،
تىكەن پاتماس ئاياققا، بولسە نەمناك.
نې شىرىن جەۋھەرى فەردىدۇر ئاغزىڭ،
كى قىلماس ئەقل ئانى بىر زەررە ئىدراك.
جەفاۋۇ ئىشۋەۋۇ فەن ئىلمى ئىچرە،
كۆزۈڭ شاگىردىدۇر دەۋرانۇ ئەفلاك.
جەھانده نازەنىن كۆپتۇر ۋە لېكىن،
سېنىڭدەك كىمدە باردۇر دامەنى پاك.
نەزەر مەندىن ئايار غەمزەڭ، ئەجەبتۇر،
كىم ئۆسرۈكلەردە بولماس رەسمى ئىمساك.
يىراق سالغۇنچە ئۆلتۇر لۇتفى قۇلنى،
مەسەل باردۇركى: «ئۆلمەكتىن تىرىلماق.»

* *

ئەي كۆزۈڭنىڭ شىيۋەسى ئالەمنى مەدھۇش ئەيلەمەك،
زۇلفۇڭ ئىشى چىن ئېلىنى ھەلقە دەرگۇش ئەيلەمەك.
بېلىڭنۇ ئاغزىڭ خەيالى بىرلە بولغۇمدۇر ئەدەم،
كى، بولۇر مەن قۇلگە فىكرى بۇسۇ ئاغۇش ئەيلەمەك.
كۆڭلۈمىز مۇنداقكىم، ئۆرگەندى سېنىڭ يادىڭ بىلە،
تا قىيامەت كەلمەگەي بىزدىن فەرامۇش ئەيلەمەك.
ئەي كۆڭۈل، نۇش ئەيلە يۈز مىڭ مۇندەئى ئاچچىق سۆزىن،
كىم، كېرەك ئول لەئل ئۈچۈن خۇنابەلەر نۇش ئەيلەمەك.
ئىشقدىن مەنئ ئەتسە زاھىد بولماغىل مەشئۇف ھېچ،
كىم، ئېرۇر ئەھمەق جەۋابى، لۇتفى، خامۇش ئەيلەمەك.

* *

ئەي ئەزەلدىن تا ئەبەد كۆڭلۈم گىرىفتارىڭ سېنىڭ، *
چارە قىلغىل، بولدى جانىم ئەسرۇ ئەفگارىڭ سېنىڭ.
دىلبەرىمنىڭ مەزھەبىندە يوق تۇرۇر رەسمى ۋەفا،
ئەي كۆڭۈل، نې يەرگە يەتگەي نالەئى زارىڭ سېنىڭ.
جان بېرەر چاغدە قاشىمغە، تەڭرى ئۈچۈن، كەل، بېگىم،
بارى كۆرمىش بولغامەن بىر لەھزە دىدارىڭ سېنىڭ.

شەرئ ئىچىندە بولسە ئۆسرۆك، سۆزىگە يوق ئىئتىبار،
قانىمە بەرگەي تانۇقلىق، ئىككى ئەيىيارىڭ سىنىڭ.
هەر قاچان لۈتفىنى ئۆلتۈرسەڭ جەفا تىغى بىلە،
ئاندە هەم بولغاي مىنىڭ رۈهىم مەدەدكارىڭ سىنىڭ.

## فىر ـ رەدىفۇل ـ لام

ئەي ئايەتى رەهمەت يۈزۈڭۈز شەئنىدە نازىل،
بولغاي قاچارىڭ بىرلە قاچان مىهر مۈقابىل.
سىزدىن كېرەك ئۆگرەنسە پەرى ئادەمىيلىقنى،
يۈسۈف داغى تەئلىم كېرەك ئالسە شەمايىل.
هارۈت كۆزۈڭ سېهرىنى كۆردى، خىجىل ئولدى،
ئاندىن ياشۇنۇپ ئىختىيار ئەتتى چەهى بابىل.
يالغۇز مەن ئەمەسمەن هەۋەسىڭ بىرلە گىرىفتار؟
هۈسنۈڭغە تۈرۈر هۈرۈ مەلەك جان بىلە مايىل.
ئول ساچمۇدۇرۇر سۈبهە يەقىن يا خۇد ئۈزۈن تۈن،
يا غالىيەدىن دىلۇ كۆڭۈللەرگە سەلاسىل.
[جان] مۈسهەفىسى پارە بولۇر قايغۇدە هەر دەم،
يەڭگىل ئىلىكى بۈيىنىنە تا بولدى هەمايىل.
هەجرىڭدە تىلەر هەر دەم ئەجەل لۈتفىئى مىسكىن،
سەنسىز كەچۈرەن ئۆمردىن، ئەي دوست، نې هاسىل؟

* *

ئەي سەرۋى سىهى قامەتىڭە جان بىلە مايىل،
نې خۇش ياراشۇر قەددىڭە ئول شەكلۇ شەمايىل.
زۈلفۈڭدۇدۇر ئول يا مىنىڭ ئاهىم تۈتۈنىمۇ،
يا ئەنبەرى سارامۇدۇر ئىگىنىڭدە هەمايىل؟
گەر كۆرسە ئىدى يۈزۈڭ ئۈزە زۈلفى مۈسەلسەل،
لەيلى دېمەس ئېردى ئەرەبى شاهى قەبايىل.
مەنئ ئەتمە كۆزۈم ياشى ئىشىكىڭدە ساچىلسۇن،
مەهرۇم كەرىم ئىشىكىدىن يانمادى سايىل.
فازىل ئېرۇر ئول زۈلفۇ يۈزۈڭ سۈنبۈلۈ گۈلدىن؛
بەرىمىش ساڭا هەق فەزلى بىلەن بارچە فەزايىل.
لۈتفى كۆرەر ئېردى خۇد ئول ئاي يۈزىنى بىركۈن؛
بەختى بەدۇ تالىئ ئارادە بولماسە هايىل.

* *

ئەي جەمالىڭ لايەزالۇ بىبەدەل هۈسنۈڭ جەمىل،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئاي يۈزۈڭدۇر ئەھسەنى تەقۋىم ئۇچۇن رەۋشەن دەلىل.
زۇلفۇڭىز ھەيرانىمەنكىم، يىلدا بىر يەلدا بولۇر،
ئايدەكىم كۆرمىش ئىكى يەلدا تۈنى مۇنداق تەۋىل؟
ئاغزىڭۇ بىلىگىنىڭ ئەسرارىن كەماھى بىلمەيىن،
مۇ شىكافۇ خۇردەبىنلەر ئىچرە تۈشتى قالۇ قىل.
چۇن قارا بادام تابۇت ئۇزرە رەسمىدۇر قەدىم،
كۆز جەنازەم سارى سالكىم سەنسىزىن بولدۇم قەتىل.
ئىشق مەھۋ ئەتتى مىنى، سەن ئورتادىن كەت، ئەي سەبا،
لى مەئەللاھىنىڭ مەقامىندا نى ھاجەت جىبرەئىل.
سۇنبۇلۇڭدۇر ئۇقدەئى رەئسۇ يۈزۈڭ ماھى تەمام،
ئارەزىڭ فىردەۋسۇ قەد تۇبىيۇ لەئلىڭ سەلسەبىل.
جان بىرۇر لۇتفىيۇ قىلماس بىر نەزەر كافىر كۆزى،
تالىئىمغە، ئاھكىم، ئۆسرۈك ئىكەچ بولدى بەھىل.

* *

ئەي سىھى قەد، بەندەنى ھەجر ئىلكىدىن ئازاد قىل،
قايغۇلۇق كۆڭلۈمنى ۋەسلىڭ بىلە بىردەم شاد قىل.
جانىمە ھەردەم كېلىپ ئايتۇر فىراقىڭ ئەلچىسى،
كى: «رەۋان تەن مۇلكىدىن چىقماققا ئىستىئداد قىل.»
تاغدەك ئاشىقنى كۆيدۈردۈڭ بۇ شىرىنلىك بىلە،
مۇندىن ئارتۇقراق مىنى بىر يولى سەن فەرھاد قىل.
قامەتىڭنىڭ قۇللۇغىندە ياش ئىدى، ئۇلغايدى سەرۋ،
باشى تىترەر ئەمدى خىجلەتتىن ئانى ئازاد قىل.
ھالىكىم جاندىن ئەسەر باردۇر، ساغىنغىل بەندەنى،
مەن چۇ ئۆلسەم خاھ ئۇنۇتقىل، ئاندا خاھى ياد قىل.
گۈل يۈزۈڭ قىلدى چۇ بۇلبۇلتەك كۆڭۈلنى بىقەرار،
ئاسىغ ئەتمەس نىچەكىم ئايتۇرلەر: «ئاز فەرياد قىل».
نىچەكىم، ھۆكمۈڭ ئېرۇر، شاھىم، رەۋان لۇتفى ئۇزە،
چۇن ھەر ئىش سورۇلغۇسى، ئەلبەتتە، ئەدلۇ داد قىل!

* *

دەۋرۈڭىزدە ئالىمۇ ئابىد قويۇپ ئىلمۇ ئەمەل،
بولدى فىكرۇ زىكرى ئالارغە دائىما سەۋتۇ غەزەل.
قاشۇ كۆزۈڭ ئىشۋەسى ئەلنى بارىن زار ئۆلتۇرۇر،
بىر بەھانە بىش ئەمەستۇر ئادەم ئوغلىغە ئەجەل.
ئىشق ئىچىندە چارە ئايتۇرلار بەدەلدۇر يا سەفەر،
نى بارۇرغە بىزگە باردۇر يولۇ نى سىزگە بەدەل.
ئول ئاغىزدۇر يا ئەسەلنىڭ ئەرەسى گۈلبەرگ ئۇزە،

نىش ئىلە نازۇك نىشان قىلدىيۇ، تولدۇردى ئەسەل.
گەر مۇسۇلمانسەن بۇ لۇتفى كۆڭلىن ئالغىل جەھد ئىلە،
«كاھىلىيۇ كافىرى» دەپ باردۇرۇر، ئارى، مەسەل.

* *

ئاي يۇزۇڭدىن يەتتى كىشۋەر خۇبلارىغە ئىنفىئال،
دىلرەبالىق فەنى ھۇسنۇڭ دەۋرىدە تاپتى كەمال.
ئول ئاغىز مىھرىندىن ئۆزگە كەلمەگەي مەندىن جەۋاب،
ئانداكىم، مەھشەر كۈنى ھەر زەررەدىن بولغاي سۇئال.
گەر ئىلىندىم زۇلفۇڭە، كۆرمەڭ مەنى ئاشۇفتەدىن،
دانەخۇر ئەتتى تۇزاققا بىزنى ئول لەئل ئۆزرە خال.
ئەي مۇنەججىم، يار ئاتى بىرلە مېنى تەكبىر قىل،
ئاتىم ئاتى بىرلە ياندىشسۇن، ماڭا خۇد يوق ۋىسال.
كۈن يۇزۇڭ دەۋرىندە ئۇفتانماي چىقار، نې ۋەجھ ئىلە،
ئاڭلادىمكىم، تىزلىكىندىن تاپقۇسى ئاخىر زەۋال.
غەفلەت ئەھلىندىن مۇسەللەم يوق تۇرۇر دەئۋىئى مىھر،
بارماغىل ئۇيقۇغە، ئەي كۆز، [سەن] خەيالىندىن ئۇيال!
لۇتفى كۆرمەس ئول يۇزۇڭ كۆرسە داغى بىخۇد بولۇر،
دۇشمەنىڭغە تۇشمەسۇن، ئەي دوست، يا رەب، ئۇشبۇ ھال.

* *

خۇبلار جەفاسى ئىلكىدىن ھەر نېچە بىرياندۇر كۆڭۈل،
ياناماس ئالارنىڭ مىھرىدىن، ۋەھ، نې ئەجەب جاندۇر كۆڭۈل؟!
ھەددىڭنى بىلمەيىن مېنى سەۋدۇڭ دەبان يازغۇرماغىل،
سەن ھەم بىلۇرسەن، ئەي بېگىم، بىر ئەركلى سۇلتاندۇر كۆڭۈل.
ئۆلكىم كۆڭۈل قىلدى ماڭا سەن تاش باغىرلىق يار ئۇچۇن،
مۇئمىنغە كافىر قىلماغاي، يەئنى مۇسۇلماندۇر كۆڭۈل.
سەنتەك ۋەفاسىز ئايدىن ئۆز تالېئىن يىللار كۆرۈپ،
مىھرۇ مۇھەببەت كۆز تۇتار، كۆركىم نې ناداندۇر كۆڭۈل.
بىرلەھزە سەنسىز سەبر يوق، ئايلاردا بىر دىدار ھەم،
ئارتار دەما دەم شەۋق ئىشى ئىشىمدە ھەيراندۇر كۆڭۈل.
كۆڭلۈم قارا يەرگە نېچە ئولتۇرسۇن ئول زۇلف ئىلكىدىن،
جەمئ ئەيلە نازۇك ۋەجھ ئىلەكىم، بەس پەرىشاندۇر كۆڭۈل.
لەئلى لەبىڭ سورماسلىغى يەتكۈردى جانغە لۇتفىنى،
سۆز بىرلە كۆرگۈز لۇتفىكىم، يوق قايغۇدىن قاندۇر كۆڭۈل.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



* *

نىگارا، سەنسىزىن مەندىن نې هاسىل؟
ئەگەر جان بولماسە، تەندىن نې هاسىل؟
چۇ گۇلدىن رەڭ ئەمەس، بۇلبۇلغە بۇيى،
بەهارۇ باغۇ گۇلشەندىن نې هاسىل؟
جەفاۋۇ ئىشۋەلەرنى فەن تۇتۇپسەن،
مۇنىڭتەك ئىشۋەۋۇ فەندىن نې هاسىل؟
كىشىكىم، يوق تۇرۇر مىهرۇ ۋەفاسى،
ئەگەر خۇرشىدتۇر، ئەندىن نې هاسىل؟
بۇ تۇرلۇك هۇسن ئىلە لۇتفى قۇلۇڭغە،
ئىنايەت قىلماساڭ، سەندىن نې هاسىل؟

## فىر - رەدىفۇل - مىم

ئەي لەتافەت بوستانى ئىچرە سەرۋى خۇشخىرام،
تاپتى رۇخسارىڭ گۇلىندىن هۇسن باغى ئىهتىرام.
ئاي يۇزۇڭنى كۇنگە ئوخشاتسام مۇۋەججەهدۇر دەلىل،
ئابى هەيۋان دېسەم ئاغزىڭنى ئېرۇر مالاكەلام.
زەر ۋەرەقتەك بولمىشەم سىيمىن ساقاقىڭ شەۋقىدىن،
كۆركى نې زەردۇ نىزار ئەتتى مېنى سەۋداي خام.
قامەتىڭ تۇبى نىهالىدۇر، لەبىڭ كەۋسەر سۇۋى،
يۇزۇڭ ئول هۇرى بىهىشتى، تۇتتى بۇ ئالى مەقام.
بولسە دەۋزەختە خەيالىڭ، تەنگە كۆيمەكلىك هەلال،
بولماسە جەننەتتە يادىڭ، جانغە ئاسايىش هەرام.
گەرچە مەهرەمدۇر رەقىبىڭ، هەقتىن ئۈزمەسمەن ئۇمىد،
بەردى كافىرنىڭ مۇرادىن، بەرمەگەيمۇ بىزگە كام؟
«ۋەز - زۇها»، «ۋەل - لەيل» ئوقۇرمەن زۇلفۇ يۇزۇڭنى كۆرۇپ،
كەچتى لۇتفى ئۇمرىيۇ ۋىردى ئېرۇر بۇ سۇبهۇ شام.

* *

ئەدگۇ تۇرۇر ئەرتە يۇزۇڭە باققالى فالىم،
بىهراق ئېرۇر ئالمە ساقاقىڭ كۆرگەلى هالىم.
زۇلفۇڭغە مەگەر تاڭ يەلى هالىمنى ئايىتقاي،
چۇن ۋاقىف ئېرۇر، يوق مېنىڭ ئانچە مەجالىم.
يىڭنەك ئۇچىنى بىر كۆزۈمە سۇرمەگە ئىستەپ،
مەن يىڭنە كەبى بولدۇمۇ مۇشكىل بۇ خەيالىم.
كۆزدىن تۆكۈلۈر يەرگە كۆرۇپ ئەرنىڭۇ تىشىڭ،
باغرىم قان ئېتىپ تاپقانىم ئول لەئلى زۇلالىم.
لۇتفى يۇزىدە ئۇلتۇرۇبان كۆز ياشى ئايتۇر:
«ياپشۇنغۇم ئېتەكىڭە، ئەي قان تۆككۈچى زالىم.»

* *

ئاينى يۇزۇڭگە نىسبەت ئېتەر ۋەجھ ئىلە ھەكىم،
بىر قۇرس ئېرۇركى قۇدرەت ئەلى ئەيلەمىش دۇ نىم.
جاندۇر نەھىفۇ كۆڭلۇم ئېرۇر ئەسرۇ ناتەۋان،
ھەمدەرد دەپ ئالارنى سورار ھەر سەھەر نەسىم.
بىمار ئېرۇر كۆزۇڭكى بولۇر رەنجە غەمزەدە،
نازۇك كىشى ئۆكۇش ھەرەكەتتىن بولۇر سەقىم.
ئايتەك يۇزىندە ئاغزى مۇۋەججەھ تۇشۇپ تۇرۇر،
ھەر قايداكىم قەمەر ئولا تۇشكەي ئارادە «مىم».
ھەر نېچەكىم قۇلاقىڭا ياقماسە، ھەجر ئىلە،
ئۆلتۇرمە لۇتفىنىكى بولۇر سۆزى دۇررى يەتىم.

* *

ئەلمىننەتۇ لىللاھكى، يانا يارە ساتاشتىم،
ئول قامەتى تۇبى، يۇزى گۇلنارە ساتاشتىم.
باشتىن يانا ئىقبالى چەمەنلەرى كۆكەردى،
مەن بۇلبۇلى ئاشۇفتە چۇ گۇلزارە ساتاشتىم.
ئانداقكى، دۇئا بىرلە مەسىھ ئاشتى فەلەككە،
دىلبەر ئىشىكىگە مەنى بىچارە ساتاشتىم.
يۇز شۇكرىكى، ئۇمر ئانچە ۋەفا قىلدى، ئەزىزىم،
كىم سەن كەبى دىلدارى ۋەفادارە ساتاشتىم.
لۇتفى دىلۇ دىن نەقدىدىن ئاندا تەمەئ ئۇزدى،
كىم كۆزى قارا سەن كەبى ئەييارە ساتاشتىم.

* *

ئايا جەفادا بىر ئالتۇن نىگار سىيمتەنىم،
ئىنايەتىڭ يوقى ئەسرۇ جانىمغە تەگدى مەنىم.
جەفاغە يوق ھەدۇ ھەسرەت ئوتىنە چۇن پايان،
نېچەگە تەگرۇ كۆيەر جانۇ ئۆرتەنۇر بەدەنىم.
مەزارىم ئۇزرە خىرامان قىيا باقىپ ئۆتسەڭ،
لەھەددە لالە مەڭىزلىك ئولا مېنىڭ كەفەنىم.
يۇزۇڭنىڭ ئايى ھەۋاسىدا ئاھ ئىلە ھەمراھ،
فەلەككە يەتكۇسى بىركۇن بۇ جانى مۇمتەھەنىم.
بۇ لۇتفى قانىنى تۆكسە قويۇڭ ئىشىكىندە،
كى ھەشر چاغى غەلەت بولماسۇن مېنىڭ ۋەتەنىم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



* *

ئەي جان چەمەنى ئىچرە بويى سەرۋى رەۋانىم،
ۋاله ئېرۇر ئول سۇرەتىگە رۇھى رەۋانىم.
[تۈن كېچە سىزنىڭ كۈن يۈزۈڭىز يادى ئىچىندە،
كۆيدۈردى فەلەك گۈنبەزىنى ئاھۇ فىغانىم.
يۈز فىتنە بىلە كۆزلەرىڭ، ئەي دىلبەرى رەئنا،
بىر دەمدە كىشى كۆرمەدىكىم، تۆكمەدى قانىم.]
تولا ئېتەكىم لەئلۇ گۆھەر پارچە بەھاسىز،
سەررافمەنۇ ئىككى يۈزۈم بولدى دۇكانىم.
باغرىم قانىدىن لاله بىتىپ تۇپراغىم ئۈزرە،
بىر - بىر ئوقۇغاي قالماسە ھېچ نامۇ نىشانىم.
سەن بار ئەي رەقىب، جانىم ئېرۇر ئۇشبۇ ئەۋ ئىچرە،
مەن كەتمە ئىشىكىندە ئەگەر چىقماسە جانىم.
لۇتفى جانى ھەر نېچەكى ھەسرەت بىلە باردى،
سەن تازەۋۇ خۇش قالغىن، ئايا سەرۋى رەۋانىم.

* *

ئەي مەلاھەتقە يۈزۈڭ ماھىيەتىندە ھەد تەمام،
مەنتىق ئىچرە كۆرمەدىم ئاغزىڭ كەبى ساھىب كەلام.
ھۇسن ياڭلىق بىۋەفاسەن، ئىشقتەك ھەم جان گۇداز،
جان مەڭىزلىك ناگۈزىرۇ ئۆمرەدەك چابۇك خىرام.
قامەتىڭ بارىندە شىرىنلىك تالاشسە نەيشەكەر،
نەيشەكەرنى بەندۇ بەند ئېتىپ يىگەيلەر خام - خام.
جەۋھەرى فەرد ئاغزىڭىزگە تا كۆڭۈلنى بەرگەلى،
تىلتەك ئەل ئاغزىندە تۈشتۈم تاپمايىن بىر زەررە كام.
ئەقل ئىستەر ئېردىكىم، كۆرسە رەۋان جان سۇرەتىن،
قامەتىڭ سەرۋى بۇ ئىشگە راست كۆرگۈزدى قىيام.
ئول ئەلىف بويلۇق سەنەمنىڭ ھەلقە - ھەلقە زۇلفىدىن،
نېچەكىم چەكتىم بەلالار دېمەدىم يۈزىندە لام.
جان بېرۇر لۇتفىيۇ ئالىندە خەيالىڭدۇر مۇقىم،
كەل خەيالىڭدىن ۋەفا ئۆگرەن، داغى مىھر ئەيلە دام.

* *

ئەي بۇتى خىرگاھى، ئايدۇر بەندەئى ھۇسنۇڭ تەمام،
كۈن قىلۇر ھەر سۇبھىدەم يۈزۈڭگە تۆڭلۇكدىن سەلام.
قاشۇ كۆزۈڭگە قىلۇر گۇشەنىشىنلەر ئىقتىدا،

تۇرفه مىهرابىكى بولغاي ئاندا ئۆسرۆكلەر مۇدام.
تاپمان ئاغزىڭدىن نىشان قىلسام نېچە يۈز ئىهتىيات،
خۇردەبىنلەرغە مەگەر يوقتۇر قەمەر دەۋرىندە كام.
ئەشهەب ئىگنىڭگە هەمايىل قىلدى گۇستاخانە ئەل،
زۇلف تەقلىدىن قىلۇر، كۆر باشىدە سەۋدايى خام.
خۇبلاردا سىز كەبى كانى مەلاهەت كۆرمەدىم،
ئۆزگەنى گەر كۆزگە ئىلسام، تۇزۇڭۇز بولسۇن هەرام.
بىر نەفەس ناز ئۇيغۇسىندىن باش كۆتەرمەس نەرگىسىڭ،
گويىيا قىلمىش قارا بەختىمدىن ئول ئۇيغۇنى ۋام.
لۇتفىنى تىرگۇز مەسىه ئەنفاسىدەك بىر دەم بىلە،
ئەي لەبىڭ شەئنىندە نازىل ئايەتى يۇهيىل - ئىزام.

* *

تا قىلدى بۇ ئاشۇفتە كۆڭۇل زۇلفىدە ئارام،
مەجمۇئى پەرىشان ئىشىنى قىلدى سەرەنجام.
شەككەر لەبىدىن كىم تىلەسە شەربەتى شىرىن،
هەسرەت بىلە فەرهاد كەبى ئۆلگۇسى ناكام.
ئاشىقمۇ بولۇر گۇل ياڭاقى شەۋقىدە مەردۇم،
يەر يۈزىنى كۆز قانى بىلە قىلماسە گۇلفام؟
سىيم ئالماسىۇ لەئلى مەيىنى كۆڭۇل ئىستەر،
ئارى، بولۇر ئول ئاشىقى مىسكىن تەمەئى خام.
ئەي دوستلارىم، ئاهۇ كۆزىن كۆرمەيىن ئۆلسەم،
زىنهار، ساچىڭ تابۇتۇم ئۈزرە قارا بادام.
يۈز فاتىهەنى يۈزۈڭە هەر سۇبه ئوقۇرمەن،
چۇن «لەيلەتۇل - قەدر» ئايەتىنى زۇلفۇڭا هەر شام.
لۇتفى كەبى گەر سەرۋى سىهى كۆرسە قەدىڭنى،
ئازاد ئۆزىنى قۇل قىلۇر ئول سەرۋى گۇلئەندام.

* *

تا ئول ئاينىڭ ۋادىئى ئىشقىندە تۇشتى مەنزىلىم،
دەم بەدەم هۇسنى كەبى ئارتار مېنىڭ دەردى دىلىم.
مەن هەۋاسىندا يىراقتىن زەررەتەك ئاشۇفتە مەن،
ئول قۇياش يۈزلۈك ۋەلى بىر زەررە بولماس مايىلىم.
ماتەمىمدە بارچە كۆك ئەهلى قارا كىيگۇسىدۇر،
چۇن سېنىڭ قان تۆككۇچى كافىر كۆزۈڭدۇر قاتىلىم.
ئارەزىڭ شەمئىنە ئاشىق بولغالى پەرۋانەتەك،
كۆيمەكۇ سەرگەشتەلىكدىن ئۆزگە يوقتۇر هاسىلىم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كەچتى ئۆمرۈم لۇتفى ياڭلىق كۆرمەيىن شادىئى ۋەسل،
گويىيا قايغۇ بىلە تەخمىر قىلمىشلار گىلىم.

* *

جەمالىڭ شەمئىنە پەرۋانە كەلدىم،
فىراق ئوتىنە يانە ـ يانە كەلدىم.
فىراقىڭ زۇلمىدىن داد ئىستەمەككە،
سېنىڭدەك نازەنىن سۇلتانە كەلدىم.
پەرى رۇخسارە، سەنتەك دىلرەبانى،
كۆرەيىن دەپ، مەنى دىۋانە كەلدىم.
لەبىڭدىن سورغالى كەلدىم تاپۇقدا،
خىزىرتەك چەشمەئى ھەيۋانە كەلدىم.
يۈزۈڭنۈڭ ھەجرىدىن جانىمغە يەتتىم،
ئانىڭ ئۈچۈن سېنىڭتەك جانە كەلدىم.
قاشىڭ ياسىن كۆرۈپ ئىيد ئايىدۇر دەپ،
قاشىڭدا لۇتفىتەك قۇربانە كەلدىم.

* *

[ھۆسنۈڭە باققان سايىن ئارتار مېنىڭ ھەيرانلىغىم،
تويماق ئىستەرمەن جەمالىڭدىن، زىھى نادانلىغىم.]
سۈنبۈلۈڭنى گۈل ئۈزە تارغىتما ئاشۇب ئەتكەلى،
تابەكەي بولغاي مۇنىڭدەك بىسەرۇ سامانلىغىم.
لەئلىڭ ئۆلتۈردى مېنى ئال بىرلە، ئەي سۇلتانى ھۆسن،
قويكى دادىمنى ئالاي ئاندىنكىم ئولدۇر قانلىغىم.
[يەر يۈزىندە كەزدۈرۈر ئول زۇلفى سەۋداسى مېنى،
كۆر پەرىشان روز ئۈچۈن سەن مۇنچە سەرگەردانلىغىم.
بەرمەن ئىككى دۇنيىغە مۇشكىن ساچىڭ ھەر تارىنى،
چىنلىغىمگە ئانت ئىچەيكى، يوق تۇرۇر يالغانلىغىم.]
قوللۇغۇڭغا بەخت يارىسى بىلە تۇشسەم قەبۇل،
چەرخ ئەيۋانىدىن ئۆتكەي نەۋبەتى سۇلتانلىغىم.
كەئبەئى ۋەسلىڭغە يەتكۈر لۇتفىئى گۇمراھنى،
ھەسبەتەن لىللاھكى، ھەددىن ئاشتى سەرگەندانلىغىم.

* *

زۇلفىتىن قەتئ قىلىپ يۈزۈڭە ھەيران بولدۇم،
مەن ئەگەر كافىر ئىدىم، ئەمدى مۇسۇلمان بولدۇم.
لەئلىڭىز سۆزىدىن ئول رەمزكى مەن فەھم ئەتتىم،
بارلىغىمدىن بۇ جەھان ئىچرە پۇشەيمان بولدۇم.
باش كۆتەردى ساچىڭ ئوغرىسى قەمەر دەۋرىندە،
ئول تەتاۋۇلنى كۆرۈپ ئەسرۇ پەرىشان بولدۇم.
مىڭ ياشاپ نۇھ ئەگەر بىر يولى تۇفان كۆردى،
كۆندە بۇ ياش بىلە مەن غەرقەئى تۇفان بولدۇم.

مەلەكۇل ـ مەۋت ئەگەر بولسا رەقىبىڭ، نې زىيان،
چۈن لەبىڭ ئىشۋەسىدىن باشتىن ئاياق جان بولدۇم.
مەن كۆڭۈل بەرمەس ئىدىم ھۆسن ئېلىگە زالىم دەپ،
غەمزەڭ ئۇستادلىغىنى كۆردۇمۇ نادان بولدۇم.
بىر ئاغىز لۇتفى كۆڭۈل تارلىغىن سورمادى ھېچ،
گەرچە ئول پىستە ئاغىز فىكرىدە بىريان بولدۇم.

* *

شەكەردەك ئاغزىنى پىستە دېدىم، يەمەن قىلدىم،
ئەسىز، ئاغزىنى قۇرۇق تۆھمەتىگە، مەن قىلدىم.
يۈزۈڭ گۈلى ھەۋەسى ئىچرە كۆز يېتەر يەرنى،
نەززارە قىلكى، يۈرەك قانىدىن چەمەن قىلدىم.
چۇ مەجلىسىڭدە ئۆزىن شەمئ دەر مىيان كۆردى،
تىلىن كېسىپ ئانى رەسۋايى ئەنجۇمەن قىلدىم.
كۆرۈپ نىقابىڭىم، ئۇچماقدەك ئىشىكىڭدە،
نىيازلار بىرلە دىيدار ئۈچۈن ۋەتەن قىلدىم.
كۆڭۈل بەلا ئىدى سەن زالىم ئىلكىگە سالدىم،
مەن ئول يامان ھەقىدە، كۆر نې ياخشى فەن قىلدىم.
قۇلاقىگە قانى يەتكۈرگۈچىكى بىر سۆزدە،
كۆزۈم ياشى قەتەراتىن دۇررى ئەدەن قىلدىم.
ئەدەمگە چۈن مېنى تېكۈردى ئول ئاغىز، لۇتفى،
ۋۇجۇددىن كېچىبان تەركى ماۋۇ مەن قىلدىم.

* *

كەلگىنكى، فىراقىڭ ئوتىدا قالمادى ھالىم،
بۇ ئوتنى ئۆچۈر ۋەسل ئىلە، ئەي ئابى زۇلالىم.
جان ئەرنىمە يەتتىيۇ، رەقىبلەر ئىلكىدىن،
سۆزلەشكەلى يوقتۇر، نېتەيىن، ھېچ مەجالىم.
بىر كۈنكى، يىراق تۈشتۈم ئوشۇل ئاي يۈزۈڭدىن،
ھىجران تۈنى جان سۆھبەتىدىن تۈتتى مەلالىم.
ياردىن، ئەي رەقىب، بىزنى نېچە باشقا تۈتارسەن،
جان بەرسەم ئىراغلىق بىلە بوينۇڭدا ۋۇبالىم.
يار ئۆلتۈرەدۇر لۇتفىنىيۇ چارەسى يوقتۇر،
كۆركلۈك كىشى دەرمانسىز ئېرۇر تۈشتىسە زالىم.

*

مەقسۇدقە تېگۈرمەي ئول گۇل ئەندام،
ئاشىقنى قىلۇر جەھاندا بەدنام.
يۈز كۆرگۈزۈبان تىلەكنى بەرمەس،
چۈن دانەسى يوق، نېتەر قويۇپ دام؟
سيمتەك ياڭاقىڭ دېدىم: «ئۆپەرمەن»،
ئايتۇر: «تەمەئىڭ ئېرۇر بارى خام».
جان قەسدى ئۈچۈن كېلۇر دەما دەم،

*

كەلمەس ماڭا رەھم ئۈچۈن دىلئارام.
كىم زۇلفۇ يۈزىنى كۆردى، ئايدى:
«بىر - بىرگە قاتىلدى كۇفرۇ ئىسلام.»
جەيرەن نې دەپ ئايتايىن كۆزۈڭنى،
ئىنسان ئىلە چۈن مۇدام ئېرۇر رام.
جاندىن كۆڭۈل ئۆكىن ئەمدى، لۇتفى،
چۈن ھاسىلى يوق تۇرۇر سەرەنجام.

*     *

نېچە نارتەك ياڭاقىڭدىن قىزىل ئوتقە يانار جانىم،
ئاق ئالماتەك ساقاقىڭدىن سۇرارغە يوق ھېچ ئىمكانىم.
سەن ئايتۇرسەن: «نېچۈك بولۇر قۇل ئۆز سۇلتانىغە ئاشىق؟»
كۆڭۈل پەندىم ئىشىتمەس ھېچ، نېتەيىن، ئەي بېگىم جانىم.
كۆزۈم چۈن قىلدى كۆركلۈكلەر يۈزى بىرلە ئۆزىن سىغماس،
تۆكۈلگەي ئاخىرى ئاندىن يەر ئۈزرە سۇۋ بىكىن قانىم.
دۇداغىڭ ھەسرەتى دەردى جانىم ئەرنىمگە يەتكۈردى،
ئايىت قىلسۇن كۆزۈڭ، ئاخىر ئۆگۈن قالمادى دەرمانىم.
ئۇزۇن ئۇمرۇم ئىدى زۇلفۇڭ پەرىشان ئەيلەدىڭ ئانى،
بەلا جانىمغە جەمئ ئەتتى ئوشۇل ئۇمرى پەرىشانىم.
كۆزۈم ياشىغە ئايتۇرمەن: «سارىغ يۈز ئۈزرە ئاز يۈرى،
ئەي ئالتۇن ئۈزرە ئاسىغسىز يۈگەرگەن دۇررى غەلتانىم.»
كۆڭۈل لۇتفى كەبى زۇلفۇڭ كۆرۈپ تۈشتى بۇ سەۋداغە،
ئانىڭ ئول ئىشىدۇر ھالى قارا قايغۇغە قالغانىم.

*     *

يا رەب، نې ئەجەب يارى جەفاكارە يولۇقتۇم.
كۆزىيۇ قاشى جادۇۋۇ مەككارە يولۇقتۇم.
شۇكرانەغە جان بەردىم ئوشۇل چىھرەنى كۆرگەچ،
ھەقتىن نې تىلەي ئۆزگەكى، دىلدارە يولۇقتۇم.
نې تالىئ ئىلە مەن تىلەيىن مىھر ئول ئايدىن،
چۈن بۇيلە جەفاچى بۇتى ئەييارە يولۇقتۇم.
ھېچ يەردە قەرارىم يوق ئىدى، كويىدە تۇردىم،
جەننەتتە مۇقىم ئۆلدىمۇ دىيدارە يولۇقتۇم.

يار ئىستەر ئىدىم، ئۇچرادى ناگاھ رەقىبى،
گۆلنى تىلەدىم، لۇتفى، ۋەلى خارە يولۇقتۇم.

* *

بىھەمدىللاھكى، كەلدى دىلنەبايىم،
ئەزىزان كۆزى چولپان، تولۇن ئايىم.
سىۋەر جانىم، پەرى پەيكەر ھەبىبىم،
ۋىسالى - راھەتىم، ھەجرى - بەلايىم.
يۈزى گۆل، ساچى سۇنبۇل، باغرى تاشىم،
مۇھىبلارنى ئۇنۇتقان بىۋەفايىم.
مۇرادىم دەۋلەتى، بەختىم لەتىفى،
سۆزى شىرىن نىگارى جانفەزايىم.
يەنە تەن سارى بارغان رۇھ ياندى،
بۇيان كەلگەچ سەفەردىن مەھلىقايىم.
قانىمنى ھەجر ئىلە تۆكتى يازۇقسىز،
دۇداغىڭدىن تىلەرمەن خۇنبەھايىم.
فەرەھ قىل، لۇتفىكىم، دىلدار كەلدى،
ئىجابەت بولدى ھەزرەتتە دۇئايىم.

* *

نىقاب ئالكى، يۈزۈڭدىن سەفا تىلەي كەلدىم، *
كۆڭۈل ئىلىغە لەبىڭدىن شىفا تىلەي كەلدىم.
ئەدەمدە باغلاپ ئىدىم ئول ئاغىز خەيالىنى مەن،
كى مۇندا خىزردەك ئابى بەقا تىلەي كەلدىم.
غۇبار تۇتتى فىراقىڭدا كۆزنى كۆپ يىغىدىن،
بىرەر ئىزىڭ توزىدىن تۇتىيا تىلەي كەلدىم.
قانىمغە خەت چىقارىپ كىردى ئال بىلە دۇداغىڭ،
بۇ يەرگە سورا - سورا خۇنبەھا تىلەي كەلدىم.
ئەزەلدە بىر ساچىنغە جاننى ئەيلەدىم سەۋدا،
يۈزۈڭدىن ئەمدى ئاڭا ئاشنا تىلەي كەلدىم.
ۋەفاۋۇ مىھر ماڭاكىم بولۇر بۇ تالىئ ئىلە،
نې ياشۇراي، ئىشىكىڭدىن جەفا تىلەي كەلدىم.
جەمالۇ ھۇسن ئىلە سەن بايۇ لۇتفى ئەسرۇ فەقىر،
زەكات ئۇچۇن سەدەقەڭدىن نەۋا تىلەي كەلدىم.

* *

دىدىڭكى: «باقايىم ساڭا»، لۇتف ئىلە باق، ئايىم، *
ئول ۋەئدە ۋەفاسىغە بىگىم، نىچە باقايىم.
چولپان كۆزۈڭ ئول دەمكى قىيا باقسە ئۆلەرمەن،
ئىنانماساڭ، ئۆز قىتىنە كۆزۈڭ بىرلە باق، ئايىم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

لەئلىك غەمىدىن ئىككى كۆزۈم قان بىلە تولدى،
ئاغزىڭ ھەۋاسى بىرلە فەنا بولدى بەقايىم.
شەترەنجى جەمال ئايكى خۇبلاردىن ئۇتۇبتۇر،
رازى دۇرۇر ئول ئىككى كۆزۈڭ بىرلە بەقايىم.
تا لۇتفى قىلۇر جادۇ كۆزۈڭ ۋەسفىنى تەقرىر،
ئاندىن ئالادۇر ساھىرى بابۇل سەبەق، ئايىم.

## فىر ـ رەدىفۇن ـ نۇن

ئەي ھۇسنۇ جەمال ئەھلى خادىملارۇ سۇلتانىسەن،
ئىنسان سىفەتى بىرلە سەن سۇرەتى رەھمانىسەن.
گۇلبەرگى تۇرۇر تونۇڭ بىلمەي ئانى تەن دەرلەر،
تەن نې تىلەسۇن سەندىن، سەن باشتىن ئاياق جانسەن.
ھۇسن ئىچرە شەرىكىڭ يوق يۈز ھۇججەتى رەۋشەندۇر،
ئول دەئۋىئى ۋەھدەتقە، بۇ ۋەجھ ئىلە بۇرھانسەن.
قانمان نېچەكىم باقسام ھۇسنۇڭغە سىينىڭ، بىللاھ،
سۇۋتەك ئىچەيىن دەرمەنكىم چەشمەئى ھەيۋانسەن.
بۇرقەئىنى كۆتەر، لۇتفى يۈزۈڭنى كۆرۈپ ئۆلسۇن،
ھەسرەت بىلەن ئۆرتەندى، قىل ئىشىنى بىر يان سەن.

* *

ئەي كۆڭۈل مەملەكەتىن ئىشۋە بىلە ئالغان سەن،
ئەقلۇ جان ئالەمىغە ئىشق ئوتىنى سالغان سەن.
جان بىلە بارچە جەھاندۇر تىرىك، ئەي جانى جەھان،
ئۆلتۇرۇرسەن مېنى ھەردەم، نې ئەجايىب جانسەن.
دەمى ئىيسا بېرۇر ئېردىيۇ شىفا خەستەلەرە،
بۇ دەم ئەرنىڭدەدۇرۇر، دەردىمە قىل دەرمان سەن.
غەمزەغە ۋەئدە قىلىپ، قىلمادىڭ، ئەي شوخ ۋەفا،
چىن سىينى ۋەسف ئېتەيىن، باشتىن ئاياق يالغانسەن.
ئىنىڭ ئۇيغاندى ئاھىمدىن باشىدىن ئەۋرۇلدۇم،
ئەفۇ ئېتىپ ئايتتى: «نېتەي ئاشىقى سەرگەردانسەن».
جانۇ دىل شەھرىنى بۇزساڭ بۇزۇ خاھ يەغما قىل،
مۇلكنۇڭ دەۋلەتىدۇر ئۇشبۇكى، سەن سۇلتانسەن.
كۆزگۈگە باقماكى، يۈزۈڭنى كۆرۈبان ناگەھ،
لۇتفىدەك بولماغاسەن بىخەبەرۇ ھەيران سەن.

* *

ئەي قارا بەختىمنى زۇلفىڭدەك پەرىشان ئەيلەگەن،
نار ياڭاقىڭ ئوتىدۇر باغرىمنى بىريان ئەيلەگەن.
رەھىم قىلغىل بەندەغە، ئەي شاھ، ئول تەڭرى ئۇچۇن،
كىم ئېتەر بىزنى گەدا ئول سىزنى سۇلتان ئەيلەگەن.
يۈز ئۇزە زۇلفۇڭ ئېرۇر گەنج ئۇستىدە ياتقان يىلان،
ۋاھ، ئوشول گەنج ئارزۇسىدۇر بىزنى ۋەيران ئەيلەگەن.
شۈكرى ۋاجىبتۇركى بىزنەڭ سىزنى مۇھتاج ئەتمەدى،
ئەھسەنۇل - ۋەجھ ئىلە سىزگە مۇنچە ئېھسان ئەيلەگەن.
لۇتفىنى دىۋانە قىلدىڭ، ئەمدى بىلمەسمەن دېمە،
ئەي جەھاندىن ئەقل ئالىپ ئۆزىنى نادان ئەيلەگەن.

* *

ئەي ھۇسن ئىچىندە مەزھەرى سۇنئى ئىلاھسەن،
نازۇ كەرەشمە كىشۋەرىدە پادشاھسەن.
يەتمەس كىشىنىڭ ئىلكى چۇ ۋەسلىڭ ئېتەگىنە،
ئول ۋەجھ ئىلە دېدىم سېنىكىم مىھرۇ ماھسەن.
مەندىندۇرۇر گۇناھكى، بەردىم ساڭا كۆڭۈل،
كۆڭلۈمنى گەر سەن ئاسراماساڭ، بىگۇناھسەن.
قانىمنى ھەجرى يار تۆكەر، ئەي خەيالى دوست،
ئەرز ئەيلەمەككە ئاللىندە بولغىل گۇۋاھ سەن.
كۆپ لۇتفىدىن سېۋەر مىنى دەپ يۈز ئەۋرۇمەگىل،
ئىككى جەھاندە چۈن ئاڭا پۇشتۇ پەناھسەن.

* *

ئەي «قۇلۇر - رۇھ» ئايەتىنى لەئلى تەسۋىر ئەيلەگەن،
ئىيسا ئەنفاسىن تەكەللۇم بىرلە تەئبىر ئەيلەگەن.
ئىشق ئوقىنى بۇ تەنى خاكى نىشان بولسۇن دېدى،
باشتە قاشىنى كەمانۇ غەمزەنى تىير ئەيلەگەن.
سەن ئەگەر دىيدار بىرلە فىكرى دەرمان قىلماساڭ،
دۇنيىدا چىقماس مىنىڭ دەردىمگە تەدبىر ئەيلەگەن.
ئول قارا قاشىڭ قەلەم بىرلە سىزىلغان تاپمادى،
سۇرەتى چىن دەفتەرىن يۈز قاتلا بىر - بىر ئەيلەگەن.
مەن ھەمىن ئالدانمادىم جادۇ قاراقىڭ سېھرىنە،
كىم، كۆزۈڭ ئەشكالىدۇر ئالەمنى تەسخىر ئەيلەگەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

باغلادى ئىپسىز مېنىڭ كۆڭلۈم ئاياغىن چىن ئارا،
ئەھلى سەۋدا بويىنىنە زۇلفۇڭنى زەنجىر ئەيلەگەن.
چېھرەدىن بۇرقەئ ئالىڭىزكىم، يىڭىتلىك چاغىدا،
ھەسرەتى دىيدارىڭىزدۇر لۇتفىنى پىر ئەيلەگەن.

* *

ئەي تۇرفە پەرى، ئادەمىنىڭ جانىمۇدۇرسەن،
يا ئىككى يارۇغ كۆزلەرى ئىنسانىمۇدۇرسەن؟
باقسام باش - ئاياق جىسمىڭ ئېرۇر مەھزى لەتافەت،
يا سەن مەلەكى ئۇلۇغئى رۇھانىمۇدۇرسەن؟
يا جادۇمۇدۇركىم، كۆڭۈل ئالدىڭ ئوقۇپ ئەفسۇن؟
بۇ يۈز ئىلە يا ئايەتى رەببانىمۇدۇرسەن؟
يا لۇتفۇ زەرافەت بىلە يۇغرىلدىمۇ زاتىڭ؟
يا خۇلقۇ كەرەم مەئدەنىيۇ كانىمۇدۇرسەن؟
لۇتفى ساڭا قۇل بولدى، ئايا ھۇسن ئېلى شاھى،
يا بارچە خەلايىق شاھى، سۇلتانىمۇدۇرسەن؟

* *

ئەي، تەجەللى بىرلە ھۇسنۇڭ يۈز تۈمەن جان ئۆرتەگەن،
بەرقى ئىشقىڭدۇر مېنى تويغۇنچە ھەيران ئۆرتەگەن.
مانىئى نەززارەدۇر كۆزگە يۈزۈڭنىڭ پەرتەۋى،
ئەي مېنى بۇ ۋەجھ ئىلە ھەسرەتتە چەندان ئۆرتەگەن.
مىڭ تامۇقدىندۇر يامانراق ھەجر ئوتى كۆيمەكلىگى،
مەن بىلۇرمەنكىم ئېرۇر جانىمنى ھىجران ئۆرتەگەن.
بار ئۇمىدىمكىم تۆكۈلگەي تۇربەتىم ئۈستىندە نۇر،
چۈن مېنى نارتەك ياڭاقىڭدۇر فەراۋان ئۆرتەگەن.
ئۇشبۇ كۆل بولغان فەلەكنىكىم ئېرۇر كۈن شۇئلەسى،
ھەسرەتىڭدىندۇر، بىگىم، بۇ ئاھى سوزان ئۆرتەگەن.
بىر نەزەردە كۆز قاتا بىلمەن يۈزۈڭ ماھىيەتىن،
مۇنچە رەۋشەن بولدىكىم، ئۇلدۇر كۆڭۈل جان ئۆرتەگەن.
لۇتفىئى بىچارەنى ئول يۈزۈ ئاغزىڭ يادىدۇر،
شەۋق ئوتىندە گاھ پەيدا، گاھى پىنھان ئۆرتەگەن.

* *

ئەي جەفا داغى بىلە كۆڭلۈمنى ئەفگار ئەيلەگەن،

گۆل ياڭاقىڭ شەۋقىدۆر يۆزۆمنى گۆلزار ئەيلەگەن.
جەۋھەرى فەرد ئاغزىڭىزنەك خوردەبىنلەر زېھنىنە
سالمادى شىرىن خەيالى، يوقنى ئول بار ئەيلەگەن.
بىر نەفەسدە ئۆلگەي ئېردىم فۆرقەتىڭىنىڭ دەردىدىن،
ۋەسل ئۆمىدىدۆر ماڭا ئۆلمەكنى دۆشۋار ئەيلەگەن.
ئەقلۆ دىننى بولماسۆن دېدى مەنى بېچارەدە،
ئول قاراقچى كۆزلەرىڭنى مەستۆ ئەيىار ئەيلەگەن.
مەن فەلەكنىڭ گەردىشىندىن بولمامىشمەن ناتەۋان،
يارنىڭ سەۋمەسلىكىدۆر جانىمە كار ئەيلەگەن.
جانۆ دىل باردى ئەدەم سارى، سېنىڭ ئاغزىڭ ئۆچۆن،
ئول ئاغىز فىكرىدۆر ئەلگە دۆنيىنى تار ئەيلەگەن.
ئۆزگەدىن قىلمام شىكايەتكىم، ئەزىزىم كۆزىدە،
ئوتقە تۆشكۆر بۆ كۆڭۆلدۆر، لۆتفىنى خار ئەيلەگەن.

* *

لەتافەت قىبلەسى ئالەمدە سەنسەن،
پەرى يۆزلۆك بەنى ئادەمدە سەنسەن.
كۆرۆنۆرسەن سەن - ئوق، ئالەمدەۋۆ بەس،
بەلى، يالغۆز ھەمىن ئالەمدە سەنسەن.
مەسىھۆ خىزر ئىدى دەم بىرلە جانبەخش،
ئالاز ئول دەمدەۋۆ، بۆ دەمدە سەنسەن.
قاراقچى بولماساڭ، ئەي يار كۆزى،
ناغۆ پەيۋەستە ھەر بىر خەمدە سەنسەن.
كەنارىن لۆتفى تاپماغلىق مەھەل ئول،
مۆنىڭدەككىم مۆھىتى غەمدە سەنسەن.

* *

سېنىڭ ئوتلۆغ كۆزۆڭ سېھرى مېنى كۆيدۆردى سەۋدادىن،
قاشىڭ ھەم ئەگرىلىك بىرلە تۆز ئەتتى ئۆمر بۆنيادىن.
بىلۆرمۆسەنكى، كۆن تۆشدە، نې ئۆچۆن سەيردىن قالدى؟
يۆزۆڭنى كۆردى سارغايىب، ئېلىكتىن بەردى سەفرادىن.
ھەبەشتىن ئولجا تۆشكەندۆر قارا تامغالىق ئاي سىزگە،
دەلىلى رەۋشەن ئۆش زاھىر تانىرلار بارچە تامغادىن.
قاشىڭ نۆنى ئۆچۆن ئوينار كۆزۆم ياش ئىچرە ئالماسى،
ئەجەب تىفلىكى ئىيمەنمەس مۆنىڭتەك مەۋجى دەريادىن.
چۆ باقساڭ كۆزگۆگە ئول دەم مەگەر ھالىمنى بىلگەيسەن،
كىشى تا بولماسە ئاشىق، نې بىلگەي ھالى شەيدادىن.
يۆزۆڭدىن لالە رەڭ ئېلتىپ ئۆيالىپ شەھرىگە كىرمەس،
ئانىڭ بويىنىن كىشى باغلاپ كېتۆرمەگىنچە سەھرادىن.
قىل ئۆچى بېلىڭە لۆتفى ئېلى يەتمەس، چىقار جانى،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

رەۋا تۇتماكى يوق يەردە، بۇ قۇل ئۇلگەي تەمەننادىن.

*          *

ئەي كۆكۈل بەختى قارا زۇلفى پەرىشانىڭ ئۇچۇن،
جانىم ئارامسىزدۇر ئول نەرگىسى فەتتانىڭ ئۇچۇن.
شىيۋەدىن باشقە جەمالىڭدا كۆرۈپدۇرمەن ئانى،
ئەقل دىۋانەۋۇ جان ۋالە ئېرۇر ئانىڭ ئۇچۇن.
قاشۇ كۆزۈڭدىن ئېرۇر چىنۇ خىتا زىرۇ زەبەر،
ھىند ئېلى سىلسىلەدە جەئدى پەرىشانىڭ ئۇچۇن.
باش ئاچار تۇبىيۇ شەمشادۇ چۇنان ئەل كۆتەرۇر،
كىم ئۇزۇن ياش تىلەگەي سەرۋى خىرامانىڭ ئۇچۇن.
«تۆكمە قانىمنى تەبەسسۇم بىرلە» لەئلىڭغە دىدىم،
كۈلۈپ ئايتۇر: «مىنى كىم سورغۇسىدۇر قانىڭ ئۇچۇن.»
كۆرمەگەننى ماڭا كۆرگۈزدى دۇداغىڭ كۈلەرى،
سالدى يوق قايغۇغە، يەئنى شەككارىستانىڭ ئۇچۇن.
كۆپ جەفا قىلما، سىتەمغە داغى ئىنساف كېرەك،
لۇتفىنىڭ كۆڭلىن ئالىپ خەير ئېتەكۆر جانىڭ ئۇچۇن.

*          *

تا كۆڭلۇم ئۇردى دەم يۈزۈڭ ئايى ھەۋاسىدىن،
ھەر سۇبھىدەم يارۇقلۇق ئالار كۈن سەفاسىدىن.
بىردەم نەباتنىڭ باشىدىن كەتمەدى يىغاچ،
تا بولمادى تەمام سۆز ئەرنىڭ ھەياسىدىن.
ھېچكىم جەھاندا كۆرمەدى ئوق - يانى قاپقارە،
ھەيرەتتەدۇرمەن ئول كۆزۈ قاشىنىڭ قاراسىدىن.
قالسام بەلاغە كۆڭلۇم ئېلىندىن غەرىب ئەمەس،
كىم جان سەلامەت ئىلتتى كۆڭۈلنۈڭ بەلاسىدىن.
ھەر نېچە ھۆسن كىشۋەرىنىڭ پادشاھسەن،
ئەندىشە قىل بۇ لۇتفى گەدانىڭ دۇئاسىدىن.

*          *

دىلبەرا، سىندۇرمە ئەھدۇ يانماغىل مىساقدىن،
پەردەدە تۇتمە يۈزۈڭنى ئاشىقى مۇشتاقدىن.
ھۆسن دەۋرىندە جەفادىن ئۆزگە يوقتۇر سەنئەتىڭ،
خەلقدىن يوق فىكرىڭ، ئېيمەنمەسمۇسەن خەللاقدىن؟

بىر نەفەس مەئشۇق ئىلە ئاشىقنى قويماس شادمان،
نې تىلەر، يا رەب، سىپېھرى كىنەۋەر ئۇششاقدىن؟
ئانداكىم، مېھراب قاشىڭ تۇزدى مېئمارى قەزا،
كۆڭلۈمىزقەندىلىنى ئىلتىتىيۇ، ئاستى تاقدىن.
ئول سىيىنىڭ كافۇر ياڭلىق ئارەزىڭنى ئاي دېگەي،
ئەۋۋەل ھەرگىز ئىلغاماس بولسا قارانى ئاقدىن.
لاف ئۇرۇر زۇلفۇڭ بىلە مۇشكىدە باردۇرۇر خىتا،
ھەر كىشىنىڭ ئەسلىنى بىلسە بولۇر ئەخلاقدىن.
تا يۈزۈڭنۈڭ ۋەسفىنى لۇتفى بىتىدى، دەفتەرى،
بولدى رەڭگىنۇ نەسىمى گۇل كىبى ئەۋراقدىن.

* *

ئول غەمزەدىن ئوق ئاتمە، ئانسىز بەلا قىلۇرسەن،
ھۇسنۇڭ بىلە جەھاننى چۇن مۇبتەلا قىلۇرسەن.
نېچە ۋەفاغە ۋەئدە قىلغايسەن، ئەي جەفاچى،
سەن ئۇمرسەن كىشىگە، ھەرگىز ۋەفا قىلۇرسەن.
ئىشىم ئۆتەر دەۋادىن، تەڭرى ئۇچۇن، تەبىبىم،
كەلگىن، بۇ دەردى دىلغە گەر بىر دەۋا قىلۇرسەن.
مېھراب قاشى سارى زىنھار باقمە، زاھىد،
ۋەيران بولۇر نەمازىڭ، بارچە قەزا قىلۇرسەن.
ئەي كۆز، يۈزىنى كۆردىڭ، ياشىڭ ناغۇ تۆكەرسەن،
كەچكەن فىراق ئىلىندىن نې ماجەرا قىلۇسەن؟
كۆيگەن كۆڭۈلدە ھەر دەم مېھرىڭ بولۇر زىيادە،
تۇن - كۇن ئەگەرچە بىزگە جەۋرۇ جەفا قىلۇرسەن.
يوقتۇر ئەجەب گەر ئالدىڭ بىچارە لۇتفى كۆڭلىن،
ھۇسنۇڭ بىلە چۇ يۈزمىڭ شەھنى گەدا قىلۇرسەن.

* *

ئايا دىلبەر، ۋەفا قىلماسمۇسەن سەن،
بۇ دەردىمغە دەۋا قىلماسمۇسەن سەن؟
قىلىچ بىرلە جۇدا بولغۇنچە مەندىن،
باشىم تەندىن جۇدا قىلماسمۇسەن سەن؟
ئەگەر مېھرۇ ۋەفانى ھەيف كۆرسەڭ،
بىرەر جەۋرۇ جەفا قىلماسمۇسەن سەن؟
ياقىلدى شەۋق ئوتىندە جانىم ئەمدى،
قىلۇرسەن رەھم، يا قىلماسمۇسەن سەن؟
يازۇقسىز بەندەدىن گەر قالدى كۆڭلۈم،
خۇداي ئۇچۇن سەفا قىلماسمۇسەن سەن؟
رەۋا مۇنداق كۆرەرسەن سەنسىز ئۆلسەم،
تىلەكىمنى رەۋا قىلماسمۇسەن سەن؟
ئىلىك گەر تۇتماساڭ لۇتفى قۇلۇڭنى،
يىراقتىن مەرھابا قىلماسمۇسەن سەن؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

* *

ئاي يۈزۈڭنىڭ ھۆسنىكىم، رۇھ ئاڭلاماس كەيفىيەتىن،
قىلدى ئىسبات ئەھسەنۇت ـ تەقۋىمنىڭ ماھىيەتىن.
ئارەزۇ لەئلىڭ ماڭا ئارتتۇردى سەۋدا زەھمەتى،
ۋەھكى، بەختىم ئۆزگە قىلدى گۈلشەكەر خاسىيەتىن.
[نېچەكىم باردۇر قەمەر دەۋرۇندە يۈزمىڭ تەفرىقە،
كۆردۈم ئۈش زۈلفۈڭدەمەن چىندىن كۆڭۈل جەمئىيەتىن.]
ئاي قوتانلاپ ئەجز ئۈچۈن بولدى ھىسارى تۈن كېچە،
تۈتتى ھۆسنۈڭگە مۇسەللەم دۇنيىنىڭ ماھىيەتىن.
جان ئەجەلدىن كەلدى ئىشقىڭ بادەسىندىن بىخەبەر،
بۇ قەدەھدىن تاتماغان بىلمەس ئانىڭ كەيفىيەتىن.
چۈن تەتەۋۋۇل ئېردى مەجمۇئ ئىلە زۈلفۈڭ نىيەتى،
تۈشتى يۈزۈڭدىن قارارىپ، كۆر، پەرىشان نىيەتىن.
دۇنيىنىڭ زىيبالارىندىن سىزگە قۇل بولغان ئۈچۈن،
بىلدىلەر ئەھلى بەسارەت لۇتفىنىڭ ئەھلىيەتىن.

* *

مەلەك يا ھۇر، بىلمەن يا پەرىسەن،
بۇ رەفتار ئىلە يا كەبكى دەرىسەن؟
فەلەكنىڭ ئەتلەسىدەك كۆك تون ئىچرە،
مەگەركىم ئافتابى خاۋەرىسەن.
يۈزۈڭگە باقسە ئىمان نۇرى زاھىر،
كۆزۈڭگە باقسە، خەيبەر كافەرىسەن.
بۇ سەرۋى قەددۇ شەكلۇ شىيۋە بىرلە،
ئايتقىل راست كىمنىڭ سەرۋەرىسەن؟
كۆزۈڭ سىھر ئۆرگەتۈر كەشمىر ئېلىگە،
كۆزۈڭ دەستانۇ فەننىڭ دەفتەرىسەن.
قىيا باقماق بىلە جاننى ئېرىتتىڭ،
كەرەشمە سەنئەتىنىڭ زەرگەرىسەن.
بۇ لۇتفىنىڭ جانىن دىۋانە قىلدىڭ،
نېدۇر ئاتىڭ، قايۇ يەرلىك پەرىسەن؟

* *

ھەر جەفا كەلسە، ئەي سەنەم، سەندىن،
ھاشەلىللاھكى، ئوسانمەم سەندىن.
كۆرەلى قايسىمىز يېڭەر ئاخىر،
سەبر مەندىن داغى سىتەم سەندىن.
باش قويارسەن، دىلا، قارا قاشىنە،
كۆتەرىلمىش مەگەر قەلەم سەندىن.
دەمى ئىيساكى جان بېرۇر ئېردى،
فەھم قىلدى كۆڭۈل بۇ دەم سەندىن.
كۆرگەلى قەددۇ زۈلفۇ ئاغزىڭنى،
تارتادۇرمىز بەسى ئەلەم سەندىن.
دېدىڭ، ئۆلسەڭ مەزارىڭە كېلەيىن،
ئاندا ھەم مۇشكىل ئول قەدەم سەندىن.
مېنى ئۆلتۈركى، سەنسىز ئۆلمەمىشەم،
لۇتفىدىن يازۇقۇ كەرەم سەندىن.

* *

ئاهکىم، کۆيدى دىلنۇ جان ئول سىتەمگەر ئىلکىدىن،
بولدى يەغما ئەقلنۇ دىن ئول کۆزى كافەر ئىلکىدىن.
لەئلىنىنڭ شىرىنلىکىن بىر کۈن بىتەر ئېردى قەلەم،
باشى زانۇ ئاستىدە قالدى چىبىنلەر ئىلکىدىن.
تا يۈزىن کۆرگۈزمەدى، زۇلفى جەهاننى تۇتمادى،
بولماسە سۇلتان، نې كەلگەي خەيلنۇ لەشکەر ئىلکىدىن.
قەند ئەگەر ئەرنى بىلە لاف ئۇرسە بولغاي كەللە خۇشك،
چۈن ياشۇنمىشتۇر قامىشلار ئىچرە شەككەر ئىلکىدىن.
باقتى تا ئەسرۇك كۆزۈڭ ئەغيارە، هالىمدۇر خەراب،
قان يۇتارمەن تا لەبىڭغە تەگدى ساغەر ئىلکىدىن.
سەرۋ بويۇڭ بىرلە لاف ئۇردى خىلافى رايى تاك،
قوپتىيۇ، تۇشمەس ئانىڭ قەسدىندە خەنجەر ئىلکىدىن.
لۇتفىئى بىچارە ئاندىن کۆپ تەمەئ تۇتمە ۋەفا،
مۇنداق ئىشلار ئاز چىقار، ئارى، چۇ دىلبەر ئىلکىدىن.

* *

قانى ئول بەختىمكىم، تاپسام ۋەفا ئول شوخى رەئنادىن،
ئەجەل، ئەي كاشكى، بۇزغاي مۇنىڭدەك ئۇمر بۇنيادىن.
ئالۇر ئول يۈز، ئاغىز بىرلە پەرىيۇ ئادەمى كۆڭلىن،
قىلۇر مىڭ ئەقلنۇ دىن غارەت هەمۇل پىنهانۇ پەيدادىن.
كۆڭۈل تاراج ئېتىپ كۆزۈڭ، ئەگەر جان ئالسە مەنئ ئەتمە،
قاچان تۈرك ئىلکىدىن چىقسۇنكى پەرهىز ئەتسە يەغمادىن.
رەقىبىم رەهم ئېتىپ ياشىم ئارىتتى کۆپ، قۇرۇمادى،
تەفاۋۇت يوق بۇلۇت ئالسە نېچەكىم سۇۋنى دەريادىن.
ئىشكىڭ تۇپراغىن ساقلاپ يۈز ئۇزرە هەققە كۆرگۈزگەي،
ئەگەر سورساكى، لۇتفى، نې كېتۈردۈڭ دارى دۇنيادىن.

* *

فەرياد ئېتەرەم تۇشكەلى مەن يالغۇزۇن ئاندىن،
هېچ ئولدى تەنىم، قالدى هەمىن يالغۇز ئۈن ئاندىن.
كۆز تەگمەسۇن ئول يۈزگەكى كۈن ئاندىن ئۇيالدى،
گەر مۇنفەئىل ئېرمەس نې ئۇچۇن قاچتى تۈن ئايدىن؟
لەئل ئۇزە خالىن كۆرۈبان ئايتتىم ئاڭاكىم:

www.uyghurkitap.com

«كۆيدۈردى جانىم ئۆيلەكى، قوپتى تۈتۈن ئاندىن. »
گەر سەرۋ سۈجۇد ئەتمەسە قەددىڭغە، نې نۇقسان،
يوقتۇر ئەجەب، ئەھمەقلىق ئېرۈر، چۈن ئۆزۈن ئاندىن.
مەھشەردە لەبىڭ سورغۇسى ئاشىق قانىن، ئەي شوخ،
كىم مۇندا تۆكەر قان نىيەتىن ئىزدەسۈن ئاندىن.
يۈز تەئنە ئۇراي ئايغا، يەنە يىلدە دېمىشسەن،
سەن مېھرغە يۈز كۆركى، فۇزۇنسەن بۇ كۈن ئاندىن.
لۇتفى ساڭا جان ئاسرامىشۇ قەسد ئېتەدۈر ھەجر،
گەر جان تىلەر ئېرسەڭ، يېتەكۆر كەل بۇرۇن ئاندىن.

* *

قان بولدى كۆڭۈل فىراقىڭىزدىن،
جان كۆيدى ھەم ئىشتىياقىڭىزدىن.
دىنۇ دىلۇ ئەقل بولدى يەغما،
جان ئالغۇچى ئول قاراقىڭىزدىن.
ئوقتەك بويۇمىز ئېگىلدى ياتەك،
ئول فىتنەلىك ئىككى تاقىڭىزدىن.
سۇۋ بولدى جانىم، ۋەلې دەما - دەم.
ئوتقە ياقىلۇر دۇداغىڭىزدىن.
ئالتۇن كەبى چېھرە بولدى سارىغ،
ئول سىيىم بىكىن ساقاقىڭىزدىن.
كۆرمەس كېرەك ئايۇ كۈن بۇلۇتسىز،
ساچىنى كۆتەرىڭ ياڭاقىڭىزدىن.
بۇ لۇتفى خەستەنى سورۇڭكىم،
بىچارە ئۆلەر فىراقىڭىزدىن.

* *

گەرچە يىراق تۇشمىشەم ئول سېۋەرىم ۋىسالىدىن،
ئۆزگەگە سالغالى نەزەر ئۇفتانۇرەم خەيالىدىن.
باشىم ئەگەر ھەۋاسىدە بارسە ۋەفانى قويمايىن،
گەرچە نەزارە تەگمەگەي سەرۋ قەدى نىھالىدىن.
ھەرفلەر ئىچرە «مىم» نىڭ نۇقتەسى چۈنكى ھېچ يوق،
ھەيرەت ئىچىندە مەن ئوشۇل ئاغزى قاشىدا خالىدىن.
سىزدىن ئەگەر تىلەنسە گۈل ھۆسن ئۆلۈشى ئەجەب دەگۈل،
باي كىشىلەرگە چارە يوق، ئارى، چىقاي سۇئالىدىن.
بارچە يۈزۈڭدىن ئوفتانىپ كىمسە تەزەللۇم ئەتمەگەي،
غەمزە قىلۇردا قورقمە ئۆلگۈچىلەر ۋۇبالىدىن.
زۇلمەت ئىچىندە مۇنفەئىل بولدى نىھان ئۆلۈم قارا،
ئابى ھەيات ئۇچۇن خەبەر تاپتى لەبىڭ زۇلالىدىن.
گەرچەكى نەزئى ھالىغە يەتتى بۇ لۇتفى ھەجرىدە،
ئۇمرىدە سورمادى بىرەر ئاشىقى خەستە ھالىدىن.

* *

كۆز قان ساچار ئەرنىڭنى كۆرۈپ دەم بەدەم، ئەي جان،
ئاغزىڭنى تىلەپ تاپمايۇ بولدۇم ئەدەم، ئەي جان.
كۆزۈڭ بىلە قەددىڭنى كۆرۈپ «نەرگىسۇ شەمشاد»
دېگەن كىشىدە نې بەسەرۇ نې قەدەم، ئەي جان.
نېچە تىلەدىڭ قايدا تۇرۇر دەپ رەقىبىڭنى،
نې بولغاي ئىشىكىڭدە بىر ئىت بولسا كەم، ئەي جان.
كىم قىلماسە خەتتىڭنى كۆرۈپ ھۆسنۈڭگە ئىقرار،
ھىجران قىلىچى بويىنىنى قىلسۇن قەلەم، ئەي جان.
قەددۇ ساچۇ ئاغزىڭ غەمىدىن ئاھكى قالدى،
مەجرۇھ كۆڭۈللەردە نىشانى ئەلەم، ئەي جان.
«سەن غەم يېمە ئىشقىمدە» دېدىڭكىم، سۆڭەك ئولدۇم،
نېچە يېمەسەڭ قايغۇنى، يەر بىزنى غەم، ئەي جان.
كۆپ لۇتفىنى قورقۇتمە تۆكەرمەن دەيۇ قانىن،
تۆكسەڭ ساڭا مىڭ قەتلە ھەلال ئۇشبۇ دەم، ئەي جان.

* *

ئەي جەفادىن بىر زەمان كۆڭلى پۇشەيمان بولماغان،
قانى باغرىم زەردەئى قايغۇڭ بىلە قان بولماغان.
باش - ئاياق يالغان ئېرۇر ئىشق ئاغرىقىندىن ئۇرسە دەم،
بىر مېنىڭدەك سارغايىپ يۈزى يارا قان بولماغان.
مۇددەئى كۆرمەك تىلەر كۆلگەندە تىشىڭ گەۋھەرىن،
كۆرمەس ئول دۇر يىغلايۇ كۆزلەرى ئۇممان بولماغان.
ئول سېنىڭ سۇنبۇل بىكىن زۇلفۇڭنى گۇل ئارەز ئۇزە،
ئادەمى ئېرمەس كۆرۈپ ئەقلى پەرىشان بولماغان.
يۈزۈڭ ئۇزرە ناگەھان زۇلفۇڭنى تاغىتسە سەبا،
زاھىرەن ھەيۋان ئېرۇر شەيداۋۇ ھەيران بولماغان.
ھۆسن ئېلى بىرلە مەئىشەت قىلماس ئېرمىش ئاڭلادىم،
ئەقل تەدبىرىن قويۇبان گولۇ نادان بولماغان.
ئەي جەفاچى، تۆكمەگىل بۇ لۇتفى قانىن، فىكر قىل،
قانى ناھەق قان قىلىپ ئاخىر پۇشەيمان بولماغان؟

* *

قالدىم قارا قايغۇغە كۆزۈڭنىڭ ھەۋەسىندىن،
كىم بىخەبەر ئەسرۇ بۇ قۇل مۇلتەمەسىندىن.

ئۇل سەرۋ قەدىڭ ئۆزرە رەۋان تۇتقۇسى مەنزىل،
جانىم قۇشى چۇن قىلسە ھەۋا تەن قەفەسىندىن.
ئاشىق كىشىلەر ئاھى يامانلۇر، ھەزەر ئەيلە،
كىم ئوتقە يانار ئالەم ئالارنىڭ نەفەسىندىن.
كۆزۈم قارا باغىندا تۇشۇپ خەيلى خەيالىڭ،
بىر لەھزە ئەمەس خالى ياشىمنىڭ ئەرەسىندىن.
كۆپ قاۋلاما لۇتفىنى، قىل ئەندىشەكى، بىخاست،
ناگەھ تىلەگەي دادىنى فەريادرەسىندىن.

* *

جانا، بەدەنىڭ جاندۇرۇ جانلار تەنىڭ ئولسۇن،
ھەق فەزلى ئانىڭ ھىفزىنە پىراھەنىڭ ئولسۇن.
ئۇل قاشۇ كۆزۈڭ تۇھفەسىدۇر جانۇ دىلۇ دىن،
ھەر قايسى بۇرۇن قىلسە ئىشارەت ئەنىڭ ئولسۇن.
مەن بەندەغە خۇد يەتكۇسى يوق مىھرۇ ۋەفاسى،
ھەر قايدەكى بار جەۋرۇ جەفاسى مەنىڭ ئولسۇن.
ئالەم سىنى سەۋگۇچى دۇرۇر گەرچە دەما دەم،
ھەقدىن تىلەرەم مەنكى بارى دۇشمەنىڭ ئولسۇن.
لۇتفى ئىبلى يەتمەس چۇ ۋىسالىڭ ئېتەگىنە،
خاھى بۇ جەمال ئاي مەنىڭۇ خاھ سەنىڭ ئولسۇن.

* *

كۆڭۈل يۈزىڭ تۈمەن يارە ئېرۇر ھەر نازى يارىمدىن،
رەۋان ھەر بىرىدىن يۈز بەھرى خۇن جەۋرى نىگارىمدىن.
مېنىڭ ئاھىم دۇرۇر بەرقۇ كۆزۈمنىڭ ياشىدۇر لالە،
قالىپتۇر يادگار ئۇشبۇ ماڭا ئول نەۋ بەھارىمدىن.
گۇلى نەسرىن بىلە باغلاڭ، يىگىتلەر، نەخلى تابۇتۇم،
چۇھەسرەت بىرلە جان بەرسەم يىراق ئول گۇلئۇزارىمدىن.
جەنازەمنىڭ كاۋۇرچاكىنە باغلاڭ نامەئى شەۋقىم،
كىم ئول نامېھرىبان تاپقاي خەبەر بۇ جانى زارىمدىن.
ئايۇر لۇتفى ئانىڭ ئۆزرىن نې دەپ، مەھشەردە بولغايمەن،
جەفا بىرلە ئەگەر قانىم تۆكۈپ ئۆتسە مەزارىمدىن.

* *

پەردەدىن چىقتىيۇ زاھىر قىلدى رەھمان سۇرەتىن،

لەئلى ئىسبات ئەتتى شىرىنلىك بىلە جان سۇرەتىن.
ھەم تەجەللىئى جەمالۇ ھەم جەلال ئول كۆزدەدۇر،
كۆرگۈزەر ئاقۇ قاراسى كۇفرۇ ئىمان سۇرەتىن.
لەئلى ئىشقىڭدا مۇنەججمغە دىسەم ھالىمنى باق،
تالىئىم ئەشكالىدە ھەردەم كۆرەر قان سۇرەتىن.
رەۋزە بۇنيادىن تۇزەتكەي كۆزلەرىم سىيلاب ئىلە،
كۆرمەسەم بىر دەم ئەگەر جەننەتتە جانان سۇرەتىن.
قۇش تىلى يالبارى لۇتفى نىچەكىم بۇلبۇل بىكىن،
كۆرمەدى قانغۇنچە ئول يۈزى گۈلىستان سۇرەتىن.

*   *

سەيد ئەتتى دىلبەرىم مېنى ئاشۇفتە ساچتىن،
سالدى كەمەند بوينۇمە ئىككى قۇلاچتىن.
ھۇسنۇڭ چاغىندا تا نې ئەدەبسىزلىك ئەتتى گۈل،
كىم يۈزىنى قاناتتى سەبا زەخمى كاچتىن.
قاندىن تەڭ ئولسۇن ئول شەكەر ئەرنىڭ بىلە نادان،
مەئلۇم ئېرۇر تەفاۋۇتى ئىككى يىغاچتىن.
گەر شانە ئۇرسە زۇلفۇڭا مەششاتەئى نەسىم،
چىققاي ھەزار ھەلقە كۆڭۈل تەكمە ساچتىن.
تويغۇنچە قوي يۈزۈڭ سارى لۇتفىنى باققالى،
نېئمەتنى باي كىشى ئاياماس، چۇنكى ئاچتىن.

*   *

باق كۆز ئۈچى بىلە سەۋاب ئەيلەمەك ئۈچۈن،
ئەقلىمنى يانا مەستۇ خەراب ئەيلەمەك ئۈچۈن.
كۆرگۈزمەدىڭ ئۇيقۇدا قارا كۆزىنى، ئەي بەخت،
ھەق گويى ياراتتى سېنى خاب ئەيلەمەك ئۈچۈن.
يوقتۇر گىلەم ئول قاش نىچە چىتتىسە چىرايىدىن،
كىم خۇبلار ئېرۇر نازۇ ئىتاب ئەيلەمەك ئۈچۈن.
سىخخەك بىرۇر ئۇسرۇك كۆزىگە كىرپۈكى ھەر دەم،
ئۇششاق يۈرەكىنى كەباب ئەيلەمەك ئۈچۈن.
لۇتفىغە رەقىب ئۇچرار ئىشكىڭدە ئەجەبتۇر،
ئۇششاق ئېلى ئېرمەس چۇ ئەزاب ئەيلەمەك ئۈچۈن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

* *

نېچە جانۇ جەفا قىلۇرسەن؟
ۋەقت ئۇلدى ئەگەر ۋەفا قىلۇرسەن.
جانىم چىقادۇر فىراق ئوتىندىن،
دەردىمغە قاچان دەۋا قىلۇرسەن؟
[ ئۆلتۇر مېنى ناز ئىلە رەۋادۇر،
گەر ھاجەتىمۇ رەۋا قىلۇرسەن. ]

ئول زۇلفنى سالما يۈزۈڭ ئۈزرە،
كىم يۈز بىلە مىڭ بەلا قىلۇرسەن.
بويىنۇڭدا قانىمكى بىزنى، ئەي كۆز،
خۇبلار بىلە ئاشنا قىلۇرسەن.
جاندىن ئىلىكىڭنى، لۇتفى، يۇۋغىل،
چۇن ئىشق ئىلە مەرھابا قىلۇرسەن.

* *

ساقىيا، كۆڭلۈم تۇتۇلدى ئەقلى نافەرجامدىن،
ساغەرى، تۇتقىن، مېنى قۇتقار غەمى ئەييامدىن.
تۇشسە سىيمىن سائىدىڭ ئەكسى شەرابى لەئل ئۈزە،
قىلماغاي ھېچكىم جۇدا سەھبانى سىيمى خامدىن.
مۇھتەسىبقە نېچە يالباردىم: «مېنى چاقتى رەقىب،»
دوست بولماس ناكەس ئاخىر ئىززەتۇ ئىكرامدىن.
جامى مەي ئۆپتى لەبىڭنى، تەشنە بولدۇم قانىنە،
ھەق تېگۈرسۈن ئول ئاچىغنى تارتاي ئەمدى جامدىن.
لۇتفى خالىڭنى كۆرۈپ كۆڭلى ئىلىندى زۇلف ئىلە،
دانە ھىرسىدۇر بەلىكىم، قۇش قۇتۇلماس دامدىن.

* *

كەلسە يۈز مىڭ تۆمەن ئەلەم سەندىن،
خۇش تۇرۇر كام، ئەگەر ئەلەم سەندىن.
يوق ئۈمىدىم، ۋەفا ئەگەر قىلساڭ،
بولغاي ئول غايەتى كەرەم سەندىن.
كۆرگۈزۈرسەن ئاغىزنى خەندە بىلە،

جان نېچۈك بولماسۇن ئەدەم سەندىن.
ئول ئاغىز بىرلە قىل كەرەم، دۇشنام،
بولالى زەررە مۇھتەرەم سەندىن.
لۇتفى ئول يۈزنى ئايغە ئوخشاتتىڭ،
بىللاھ، ئۇشبۇ سۆز ئېردى كەم سەندىن.

* *

لەئلىڭنى دېدىم: دۇرجى دۇرەر سۆز كېلىشىدىن،*
ئاغزىڭنى داغى تۇڭى شەكەر سۆز كېلىشىدىن.
ئول نۇقتەئى مەۋھۇمىنىڭ ئىسباتى ئۇچۇن ئەقل،
رەمزە دېدى چۇن تاپتى خەبەر سۆز كېلىشىدىن.

ئەرنىڭكى قەلەم تىلىنى شىرىنلىكى ياردى،
شەككەر دېدىم ئاندىنكى سەمەر، سۆز كېلىشىدىن.
يازغۇرمە، يوق ئاغزىڭنى ئەگەر زەررە دېمىشمەن،
مەن ئايتتىم ئىكىن ئانى مەگەر، سۆز كېلىشىدىن.
لۇتفى سۆزى دۇردەك كېلۇر ئول ئىش سىفەتىندە،
تەبئىنى دېدىم بەھرى گۇھەر، سۆز كېلىشىدىن.

* *

ئەي ئادەملەر جانى، پەرىغە نې بولۇرسەن؟
بۇ جىسم ئىلە گۇلبەرگى تەرىغە نې بولۇرسەن؟
سەندىن ماڭا نەززارە تېگەر، ئول داغى گاھ ـ گاھ،
سەن چەرخى فەلەكىنىڭ قەمەرىغە نې بولۇرسەن؟
رەفتار ئىلە بىر يولى مۇنىڭدەك داغى ئوخشاش،
ئەي سەرۋى سىھى، كەبكى دەرىيغە نې بولۇرسەن؟
يۇسۇف كەبى شىرىن دۇرۇر ئەسرۇ ھەرەكاتىڭ،
سەن مىسر نەباتۇ شەكەرىغە نې بولۇرسەن؟
سەندەك سەنەمى كۆرمەدى لۇتفى چىغاتايدە،
چىن سۆيلە خىتا خۇبلەرىغە نې بولۇرسەن؟

* *

ئول ئايكىم، ئانىڭ مىھرىدە مەشھۇرى جەھانمەن، *
ئەفسۇسكى، بىلمەسكى نې چاغلىق نىگارانمەن.
فەريادىمە بەخت ئويغانىپ، ئەي ۋايكى، يەتمەس،
ھەر نېچەكى مەن باشتىن ئاياق ئاھۇ فىغانمەن.
شەككەر دۇداغىڭدىن ماڭا ھەسرەت تېگەر ئانجاق،
شىرىن مەگەر ئول بولدىيۇ، فەرھادى زەمانمەن.
دىلدار جەفا ئۇستىدەۋۇ مەن قانى تولغان،
كۆز ياشى كەبى كويىداكىم ئابى رەۋانمەن.
سۇنبۇل ساچىنى كۆرگەلى گۇلدەك يۇزى ئۇزرە،
سەۋسەن بىكىن ئەۋسافى بىلە رۇتبى لىسانمەن.
كۆڭلۇم كېتەمەس ھەر نېچەكىم كۆرسە جەفانى،
بۇ سەبرۇ تەھەممۇل بىلە بىلمەنكى نې جانمەن.
ئاشىق نېگە بولدۇڭ دېمە لۇتفىغە، يۇزىن كۆر،
بۇ ۋەجھى ئەيان بىرلە نې مۇھتاجى بەيانمەن.

www.uyghurkitap.com



* *

ئەي تۇركى پەرىۋەش، نې ئەجەب جان يېتىلىپسەن،
دەۋلەت چەمەنىندە گۇلى خەندان يېتىلىپسەن.
بوي چەكتىڭۇ ئافاق ئىچىدە قوپتى قىيامەت،
ھەي - ھەي نې بەلا سەرۋى خىرامەن يېتىلىپسەن.
ئەقلىندىن ئازار مىسر ئېلىدەك، كىم سېنى كۆرسە،
بۇ دەۋردە سەن يۇسۇفى كەنئان يېتىلىپسەن.
ئىزھارى تەجەللى قىلۇر ئول چېھرە سەفاسى،
سەن ئايىنەئى ئايەتى رەھمان يېتىلىپسەن.
ھۇسن ئەھلى ئەگەر بولسا ساڭا قول، ئەجەب ئېرمەس،
كىم خۇبلىق ئىقلىمىدە سۇلتان يېتىلىپسەن.
ھەم رۇھى مۇسەۋۋەر سەنۇ ھەم ئەقلى مۇجەسسەم،
بۇ لۇتف ئىلە سەن فىتنەئى دەۋران يېتىلىپسەن.
سال سايە مېنىڭ باشىمە، ئەي رەشكى سەنەۋبەر،
كىم غەيرەتى تۇبى داغى رىزۋان يېتىلىپسەن.
لۇتفى سۆزىنىڭ لۇتفىنە تەبئىڭ يېتەر، ئانجاق،
ئەھسەنتەكى، مەھبۇبى سۇخەندان يېتىلىپسەن.

* *

يا رەب، نې بەلا سەرۋى سۇمەنبەر يېتىلىپسەن،
قان قىلغۇچى بىر شوخى ستەمگەر يېتىلىپسەن.
ئاي كۆز تۇتار ئېردىم سېنى، خۇرشىد بولۇپسەن،
خۇرشىد نېدۇر، رۇھى مۇسەۋۋەر يېتىلىپسەن.
ۋەسف ئەتسە كىشى يۈز كۆرەدۇر دەپ ساغىنۇرمەن،
كۆزگۈدە ئۆزۈڭ باقكى، نې دىلبەر يېتىلىپسەن.
جەننەتتەكى نەسرىن گۇلىنىڭ شاخى مەڭزلىك،
سەن تازەۋۇ رەئنا، داغى نەۋبەر يېتىلىپسەن.
دەريابلاغىل ئۇشبۇ گەدا كەئبەئى كۆڭلىن،
چۇن ھۇسندە سەن ئەسرۇ تەۋانگەر يېتىلىپسەن.
تا قايسى سەئادەتلىك ئۇچۇن ھەق سېنى ئاسرار،
ئەي مېۋەئى شىرىنكى، چۇ شەككەر يېتىلىپسەن.
لۇتفى يۈزى ماھىيەتىنى رەۋشەن ئېتىپكىم،
سەن دەۋرى قەمەر ئىچرە سۇخەنۋەر يېتىلىپسەن.

*   *

كۆزۈڭنى يۇمماكىن ئۇستاد ئېيتەرسەن، *
ئۇرۇپ غەمزە بىلە جەللاد ئېيتەرسەن.
مېنى بىر سورمادۇك، دەردىڭدىن ئۆلدۇم،
قىيامەتتە مەگەركىم ياد ئېيتەرسەن.
سېنىڭ بىرلە فەلەك خۇد خۇشتۇر، ئەي ئاي،
كى سەن ھەم بىز سارى بىداد ئېيتەرسەن.
سۈجۈكلۈك بەر مېنىڭ رۇھىمغە دۇشنام،
شەھىدىڭنى ئەگەر سەن شاد ئېيتەرسەن.
ئۆيالتۇرمە، چەمەن سەرۋىن باغىشلا،
قىياسەن بەندەنى ئازاد ئېيتەرسەن.
قاچان، ئەي لالە، ئول يۈزگە تەڭەرسەن،
ئۆزۈڭنى يەلگە سەن بەرباد ئېيتەرسەن.
بۇزۇلدى لۇتفى كۆڭلى، نېچە باشدىن،
جەفانى ئاندىن - ئوق بۇنياد ئېيتەرسەن.

*   *

ئەي كۆزى ئاھۇ، ئەجەب قان تۆككۈچى سەييادسەن، *
ئاشىق ئۆلتۈرمەك فەننىدە بارچەدىن ئۇستاد سەن.
ھۇسن ئېلىندە ئالەمى مەزلۇم، سەنسەن پادشاھ،
تا بەكەي قىلغۇڭ مۇنىڭدەك كۈندۈزۈن بىداد سەن.
تالىئىم لا ئېردىكىم بىر كافىر ئۆلتۈرگەي مېنى،
تانىدىم ئەمدى كۆزۈڭدىنكىم سەن ئول جەللادسەن.
قايغۇلۇقلارنى ئەگەر ياد ئەتمەسەڭ، يوقتۇر ئەجەب،
بارچەنى خۇررەم تۇتارسەن، چۈن ئۆزۈڭ دىلشاد سەن.
لۇتفىنى قەسدەن بىلۈرمەنكىم، ساغىنغۇڭ يوق تۇرۇر،
بىر ئۇنۇتۇپ سەھۋ ئىلە قىلساڭ نې بولغاي ياد سەن.

*   *

يا رەب، نې بەلا زالىمۇ.ئەييارە كىشىسەن، *
ئاشىق قانىغە كىرگۈچى خۇنخارە كىشىسەن.
ھەر بىر قوپۇشىڭدە، ياتىشىڭدە، باقىشىڭدە،
يۈز بارە ئەمانىيۇ ستەمكارە كىشىسەن.
بىر لەھزە كۆزۈم ئۆيىنە، بىردەم كۆڭۈل ئىچرە،
ئەي ئەختەرى مەسئۇد، نې سەييارە كىشىسەن؟
قان بولدى كۆڭۈل سەنسىزۇ يوق قىل ئۇچى رەھمىڭ،
ھەي - ھەي، نې جەفا قىلغۇچى خۇنخارە كىشىسەن.
بىر كۆز يۇمۇپ ئاچقۇنچە كۆڭۈل نەقدىنى ئالدىڭ،

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئەي كۆزى قارا، ۋاي نې ئەييارە كىشىسەن؟
ھىجران چۇ قىلىچ ئالدى تۇرۇرسەن نې دەپ، ئەي جان،
ئەسرۇ نې ئەجەب ئاجىزۇ بىچارە كىشىسەن؟!
ھەر قايدە كۆڭۈل بارسە ئۆزىلمەي ئېرىشۇرسەن،
لۇتفى كۆڭۈل ئارتىنچە نې ئاۋارە كىشىسەن.

* *

يا رەب، نې بەلا ھۇسنۇ مەلاھەتدۇرۇر ئۇشبۇ؟
رەفتارى شەمايىل ئەمەس، ئافەتدۇرۇر ئۇشبۇ.
ئاشىقكى بولۇر ھۇسن ئىلە يوق مۇنچە دىل ئاشۇب،
ئاندىن داغى بىر ئۆزگە لەتافەتدۇرۇر ئۇشبۇ.
ھەر قايسى زەرىفەنى كەرەشمە بىلە ئۆرتەپ،
بىلمەسكە سالىپ، ۋاھ، نې زەرافەتدۇرۇر ئۇشبۇ.
ئۆزگە كىشىدىن ئەقلۇ كۆڭۈل غارەتى كەلمەس،
شىرىن ھەرەكاتىغە ئىزافەتدۇرۇر ئۇشبۇ.
لۇتفى، كەچ ئۆزۈڭدىن داغى دىلدارغە يەتكىل،
سالىك ئاياغىگە نې مەسافەتدۇرۇر ئۇشبۇ.

* *

بۇ ھۇسنۇ لەتافەتكى، بېگىم، سەندە دەگۈلمۇ؟
يۈزمىڭ مەلەكۇ ھۇر ساڭا بەندە دەگۈلمۇ؟
مەئزۇر تۇت ئەر تۇشتۇم ئىشىكىڭدىن يىراقراق،
تەن بولسە يىراق، جانۇ كۆڭۈل ئاندە دەگۈلمۇ؟
گۈل ئۆرگەنۇر ئوخشار چەمەن ئارالىق ئاندىن،
بوستاندا ۋەرەقلەرى پەراكەندە دەگۈلمۇ؟
جىنۇ مەلەكۇ ھۇر چەمەن ئىچرە كۆرۈنمەس،
يۈزۈڭ ئايىدىن بارچەسى شەرمەندە دەگۈلمۇ؟
كۆڭلۈمنى سىنىڭ زۈلفۈڭ ئالىپ كىزلەدى، بىلدىم،
ئوغرى كەبى ئەل ئىچرە سىر ئەفكەندە دەگۈلمۇ؟
يۈزۈڭنى كۆرۈپ گۈل خىجىل ئولغانى جىھەتدىن،
گاھى قىزارۇر، گاھى ئىشى خەندە دەگۈلمۇ؟
ھەر جەۋرىكى قىلساڭ، دېمەگەي ھېچ، بۇ لۇتفى،
مەھبۇب نېگىم قىلسە، خۇش ئايەندە دەگۈلمۇ؟

* *

ئۇل ھۆسنىكى سەندە، ئەي قارا كۆز دەگۆلمۇ؟
خۇبلار قۇلۇڭ، ئەي ماھى دىل ئەفرۇز، دەگۆلمۇ؟
جان ئالغۇچى ئۇل جادۇ كۆزۈڭ فىتنە ئەمەسدۇر،
غەمزەلڭ ئوقى، ئەي دوست، جىگەردۇز دەگۆلمۇ؟
كۆڭلۈمنى كەرەشمە بىلە ياقتى يانار ئوتقە،
ئۇل تاش باغىرلىق ماڭا دىلسوز دەگۆلمۇ؟
نەۋرۇز جەمال ئۇلدى، چۇ بويىچە دۇرۇر ساچ،
تەڭ بولدى چۇ تۇن كۇن بىلە، نەۋرۇز دەگۆلمۇ؟
قاشىڭ ئۇزە سوردىكى نىدۇر ۋۇسمەنى لۇتفى،
ئۇل يا ئۇزە دىدىكى ياشىل توز دەگۆلمۇ؟

* *

ئاياقىڭغە تۇشەر ھەر لەھزە گىيسۇ،
مەسەلدۇركىم «چەراغ تۇبى قارانغۇ.»
تۇتارمەن كۆزكى كۆرسەم ئارەزىڭنى،
كى دەرلەر «ئاققان ئارىققە ئاقار سۇۋ.»
يۇزۇڭنى تۇتتۇم ئارتۇق ئايۇ كۇندىن،
«كىشنىڭ كۆزىدۇر، ئارى تەرازۇ.»
كۆزۈڭ قانىمدىن ئىيمەنمەس، ئەجەبتۇر،
كى «قورقار، قايداكىم قان كۆرسە ھىندۇ.»
تىلەر ۋەسلىڭنى لۇتفى، قىل ئىجابەت،
كى ئايتۇرلار: «تىلەگەننى - تىلەگۇ.»

* *

باقماس ماڭا جانانە، ئەجەب ھالەت ئەمەسمۇ؟
بولدى يەنە بىگانە، ئەجەب ھالەت ئەمەسمۇ؟
بىخۇدلىغۇ سەۋدا بىلە قىلدى مىنى مەشھۇر،
ئۇل كۆزلەرى مەستانە، ئەجەب ھالەت ئەمەسمۇ؟
قىل ئۇچىغە، ئەي ۋايكى، يەتمەس مىنىڭ ئىلىكىم،
زۇلفىنى تۇتار شانە، ئەجەب ھالەت ئەمەسمۇ؟
ئۇل ھۇرى پەرى چىھرە قاراپ كۆز ئۇچى بىرلە،
قىلدى مىنى دىۋانە، ئەجەب ھالەت ئەمەسمۇ؟
تويغۇنچە كۆزۈم كۆرمەس ئىكەچ تۇشتە خەيالىڭ،
بولدى سۆزۈم ئەفسانە، ئەجەب ھالەت ئەمەسمۇ؟
بىركۇن مەنى گىريان ئىلىنە تۇشمەدى ھەرگىز،
ئۇل گەۋھەرى يەكدانە، ئەجەب ھالەت ئەمەسمۇ؟
ئۆسرۈك كۆزۈ لەئلى مىنى ئۆلتۇرگەلى، لۇتفى،

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com


بولمىش پىرى مەيخانە، ئەجەب ھالەت ئەمەسمۇ؟

* *

يا رەبكى، نې مەھلىقا بولۇرمۇ؟
نې چىھرە داغى سەفا بولۇرمۇ؟
يا قاپ ـ قارا كۆرمەدىم جەھاندە،
ئالىندە نې تۇرفە يا بولۇرمۇ؟
گۈلدەك قىزارۇر يۈزى نەزەردىن،
ھەي ـ ھەي نې بەلا، ھەيا بولۇرمۇ؟
دىۋانە كۆڭۈل سۆزۈمگە كىرمەس،
ئەيب ئەيلەمەكىم، بەلا بولۇرمۇ؟
ئىشقىڭدا ئەگەرچە جانغە يەتتىم،
سورماسكى، نې مۇبتەلا بولۇرمۇ؟
تۇت كۆركىنى بەش كۈنى غەنىمەت،
كىم، ئالەمى بىۋەفا بولۇرمۇ؟
ھەق نۇرىنى كۆر يۈزۈڭدە، لۇتفى،
كىم، ئايىنەئى خۇدا بولۇرمۇ؟

* *

ئەي سىنىڭ لەئلى لەبىڭ جەۋھەرىنە جان سەدقە،
شەكەر ئاغزىڭا داغى چەشمەئى ھەيۋان سەدقە.
كىچە تۈڭلۈككە كىلىپ ئەۋرۈلەدۇر باشىڭدىن،
تەلئەتىڭگە بولۇر ئوخشار، مەھى تابان سەدقە.
مەن گەدا قۇلغە كۆزۈڭ قىلسە نەزەر، ياخشى ئىرۇر،
ناتەۋاندىن تىگەر ئەلگە چۇ فەراۋان سەدقە.
كۆن تۈتۈپ تاسى فەلەك چارسۇيى ھۆسنۈڭدە،
ئەۋرۈلۈر ئاتقالى دەۋران بىلە خەندان سەدقە.
ئول ئاغىزدىن ماڭا بىر قاتلا داغى تەگمەدى ھىچ،
تار ئۈچۈن ھەۋسەلەسى قىلمادى ئىھسان سەدقە.
سەن چەمەن سەھنىدەۋۇ چىركە بىلە سەرۋۇ چىنار،
ئاياق ئاستىدا ساڭا بولغالى ھەريان سەدقە.
لۇتفىنى نىيەتى ئۆلدۇركى، رەۋان قىلسە ئۆزىن،
ساڭا پەرۋانەدەك، ئەي شەمئى شەبىستان، سەدقە.

* *

ئىلتىفات ئەت بۇ گەداغە نىچە زەھمەت بولسە،
رەھم قىل ئەھلى ۋەفاغە، نىچە زەھمەت بولسە.
سىررى ئىشقىمنى رەقىب ئالىدە ئىزھار ئەتمە،
سالمە ئاشىقنى بەلاغە، نىچە زەھمەت بولسە.
گۈل يۈزۈڭ ھەجرىندە بۇلبۇل كەبى يوق بەرگى نەۋا،
يەتكۈرۈڭ بىزنى نەۋاغە، نىچە زەھمەت بولسە.

چارەمىز لەئلى لەبىڭدۇر، تەگۇر، ئەي راھەتى رۇھ،
خەستە كۆڭلۈمنى شىفاغە نىچە زەھمەت بولسە.
خۇش دۇرۇر مىھرۇ ۋەفا سەن كەبى نازۇك كىشىدىن،
مەيل كۆپ قىلمە جەفاغە، نىچە زەھمەت بولسە.
تاڭ يىپلى ئەرز قىلۇر بولسە بىرەر دەردى دىلىم،
سال قۇلاق ئۇشبۇ دۇئاغە، نىچە زەھمەت بولسە.
يۈز دۇئا بىرلە سىنى لۇتفى تىلەر، تەڭرى ئۇچۇن،
باق بۇ مۇشتاق لىقاغە، نىچۇك زەھمەت بولسە.

* *

سۇنبۇلىڭنى كۆرگەلى گۇلدەك رۇخى ئال ئۇستىنە،
باشنى گوي ئەتمىشمەن ئول چەۋگان ئۇچۇن خال ئۇستىنە.
ئەي قۇياش يۈزلۈك، سەئادەتتۇر ھۇمايۇن كۆزلەرىڭ،
بۇ گەدا سۇلتانلىق ئىستەر، سايەئى سال ئۇستىنە.
چۇن خەيالىڭنىڭ كىچەر يىرى كۆزۈم دەرياسىدۇر،
كىرپۈكىمدىن باغلادىم ئول ۋەجھ ئىلە سال ئۇستىنە.
گۇشەلەردە قان قىلۇر ئىردى كۆزۈڭ، ئالدىن قاشىڭ،
چىن چەرىكىن چەكتى ئول جادۇيى قەتتال ئۇستىنە.
ئەي چىبىن، ئول دەمكى ئەرنى سارى پەرۋاز ئەيلەدىڭ،
بىزنى يەتكۇرسەڭ نى بولغاي ئىلتۇبان ئال ئۇستىنە.
ئول تەنى سىيمىن ئۇزە يەل تەگسە تىترەر كۆڭلەكى،
تىترەگەي ئانداقكى مۇدخىل گەنچ ئىلە مال ئۇستىنە.
بىلمەگەي ئول تىل ئاغىزدىن، ھىچ يوق قايغۇ بىلە،
لۇتفىنى ئۇمرى تۈگەندى قىيل ئىلە قال ئۇستىنە.

* *

يالغۇز گۇل ئەمەس، لالە يۈزۈڭدىن ئەرەق ئىچرە،
كۈن نى كۆرۈنۈر ھىندۇيى زۇلفۇڭدە ھەق ئىچرە.
نى يۈز بىلە ئاي يۈزۈڭە ئوخشاتسۇن ئۆزىنى،
ئول يۈزى چىچەكلىككى قالىبتۇر بەھەق ئىچرە.
شىرىنلىغىدىن كاغەزى بىر - بىرگە ياپۇشتى،
ئەرنىڭ سىفەتىن قايداكى يازدىم ۋەرەق ئىچرە.
گۇلشەنگە نەزەر قىلكى، سىنى كۆرمەك ئۇچۇن گۇل،
ئالتىن كەتۇرۇر ئورتادە، ھەر كۈن تەبەق ئىچرە.
ئول لەئلى لەبىڭ بىرلە تىشىڭ تۇرفە تۇشۇپتۇر،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كىم كۆرگەلى بار شەكلى سۇرەييا شەفەق ئىچرە.
تەكرار قىلۇر ۋەسفى قەدىڭ سەرۋ ئانىڭ ئۇچۇن،
كۆپ تەبرەنۇر ئانداقكى كىشىلەر سەبەق ئىچرە.
ئۆز - ئۆزىگە ئىشقىڭنى بەلا قىلمادى لۇتفى،
يوق ھەددى، ۋەلې چارە نېدۇر ھۇكمى ھەق ئىچرە.

* *

غەرق ئولدى يۈزۈڭ خىجلەتىدىن گۈل ئەرەق ئىچرە،
سارغاردى قۇياش باقتى چۇ ئول سۇنئى ھەق ئىچرە.
ھەيرەتقە قالىپدۇرمەن ئۇشۇل ئەڭدەكى مەڭدىن،
خەت يوق، نې تىلەر، نۇقتە بۇرۇن ئول ۋەرەق ئىچرە.
نۇر يۈزۈڭ ئۆزە تار ئاغزۇ كۆز، داغى ئەرنىڭ،
پىستە بىلە بادام، شەكەردۇر تەبەق ئىچرە.
مەفھۇمى مەلامەتقە يۈزۈڭ باسەبەق ئولدى،
يوق بەھس بۇ مەفھۇم ئۇشۇل ماسەبەق ئىچرە.
ئوت بۇرجىدەدۇر ئاي يۈزۈڭ ئەكسى كۆڭۈلدە،
كۆزۈمدە قاشىڭ شەكلى ھىلالى شەفەق ئىچرە.
دەرۋىزە قىلۇر كۈن كۆزىدىن، نۇرسىز، ئارى،
ئول بىرى گىرىفتارى دىقۇ بىرى دەق ئىچرە.
ئول زۇلف سەۋادىنى كۆرۈپ مەدرەسە ئەھلى،
سەھۋ ئەتتى بەرى لۇتفى كەبى ھەر سەبەق ئىچرە.

* *

ئەگەر سەن بولماساڭ گۈلدەك چەمەندە، ھەلال ئۇلسۇنكى، سىھر ئەيلەر بۇ فەندە.
كىشى نېتكەي ئۇشۇل بەيتۇل - ھەزەندە؟ لەبىڭ قەندىنى سوراي دېسەم، ئايتۇر:
فەلەك يۈلتۇز كەبى خۇبلارنى يىغسە، «ئايا، كۆردۈڭمۇ سالمىش كۆزنى قەندە؟»
يۈزۈڭ بولغاي قۇياش ئول ئەنجۇمەندە. ساچىڭدىن چۇن ئۇغۇرلار مۇشك خۇش بۇي،
ئەقىق ئەرنىڭ قاشىندە نازۇك ئېرمەس، قىلۇرلار بەندۇ بەند ئانى خوتەندە.
نې ياخشىلىق بار ئول ئەسلى يەمەندە؟ تىنىشىڭ ئىنجۇسىنى تا كۆردى لۇتفى،
قىلۇر قان غەمزەسى كۆزلەرنى باغلاپ، تاپىلماس ياشىدەك بىر دۇر ئەدەندە.

* *

قىلماس تەرەھھۇم ئاھۇ كۆزۈڭ كۆڭلۈم ئاھىنە،
جان سەيد ئېتەر مۇئايەنە ھەر بىر نىگاھىنە.
ئيمەنمەيىن جەفا قىلۇرۇ ۋەھم ئېتەر كۆڭۈل،
يا رەبكى، تەگمەگەي خەلەل ئول ھۇسن جاھىنە.
قان قىلغۇچى كۆزىگە قاشى كۈندەلەڭ ياتۇر،
قاندىن دەم ئۇرسە كىشى يۇگۇرۇر پەناھىنە.
بەرگەي لەھەد ئىچىندە كۆزۈم ياشىدىن خەبەر،
ھەر شەبنەمىكى تۇشسە مەزارىم گىياھىنە.
تۇشمەس مېنىڭ ئىلىمگە ساچىڭ جىددۇ جەھد ئىلە،
نې چارە ئەيلەسۇن كىشى بەختى سىياھىنە.
كۆزدىن قۇلۇڭنى سالمە سېۋەر دەپ چۇ يازغۇرۇپ،
ئول لۇتفىنە نەزەر قىلۇ باقما گۇناھىنە.
ساقلار يۇزۇڭنى كۆزگۇدەك، ئەلدىن نەفەس ئېتىپ،
بىخاس تاكى ئۇچراماسۇن ئاشىق ئاھىنە.
فەتتان كۆزۈڭ سەۋادى بەيازىنى كۆرگەلى،
چولپانغە سالمادىم نەزەرۇ چەرخ ماھىنە.
ھەجرىڭدە قالدى لۇتفى ئىشى بىر نەفەس بىلە،
باقماسمۇسەن بۇ غەمزەدە ھالى تەباھىنە؟

* *

ئول ئارەزۇ رۇخسار ئىلە زۇلفى، ئەڭى لالە،
ئايدىندە ياتۇر گۇل ئۇزە بىر ھىندۇ ئۇزالە.
سەندىن تىلەمەي مېھركى دىۋانى ئەزەلدىن،
بىرەھم كىشىلەرغە ئېرۇر ھۇسن ھەۋالە.
يۇزۇڭنى بۇكۇن يۇزۇمە قوي، ئەي تولۇن ئايىم،
نۇقسانغە قويار ئۆزنى چۇ ئاي يەتسە كەمالە.
ۋەسفى مەيى لەئلىڭنى قۇلاق تۇتتى سۇراھى،
كىرپۇكلەرىدىن ياشى ئاقىپ بولدى پىيالە.
تا قويدى مېنىڭ باغرىمە نەيدەك قەدىڭىز داغ،
ئۇششاق ئارا سالدى نەفەسىم زارىيۇ نالە.
گەر ئىستەمەس ئېرسەڭ قارە بەختىمنى پەرىشان،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

جەمىٔ ئەتمە يۈزۈڭ لالەسى ئۈستىندە كەلالە؟
لۇتفىنى فىراق ئۆلتۈرەدۇر، تىغ نى ھاجەت،
ئول ئۆلسە ئېرۇر سەھل، سەن ئەي، قالمە ۋۇبالە.

* *

خۇرشىد زەررە - زەررە نۇرىكى بەردى ئايغە،
دەريۇزە قىلدى سەندىن، رەۋشەن دۇرۇر خۇدايغە.
سوردۇڭكى، نېچە بولدى دىۋانە سەن قاشىمدىن،
دىۋانەدىن سورارسەنكىم نېچە بولدى ئايغە.
گەر تەڭرىنىڭ رىزاسىن، سۇلتانىم، ئىستەر ئولساڭ،
بەرگىل زەكاتى ھۇسنۇڭ بىر بۇسە مەن گەدايغە.
زۇلفۇڭ چىنىگە كۆڭلۈم باردى كۆزۈم يولىدىن،
دەريا يولىندىن ئاسان بارسە بولۇر خىتايغە.
ئەي ھۇسن ئىلە تەۋانگەر، بۇ لۇتفى كۆڭلىنى ئالغىن،
چۈن ھەج گۈزەرلاماقدۇر پەيۋەستە فەرز بايغە.

* *

كۆڭلۈمغە قىلاي چارە دېدىڭۇ نېچە بارە،
جان باردى سېنىڭ دەردىڭ ئىلە ئەمدى نى چارە؟
يۇسۇفنى كۆرۈپ مىسر ئېلى بارچە تويار ئىدى،
تويماس كىشى سەندىن نېچەكىم قىلسە نەزارە.
بىر زۇلفىنى تۇتقاچ، يەنە بىر قول ئۇزاتدىم،
كىم دۇنيىدە دەر، تاپقانى بار ئۆمرى دۇ بارە.
كۆزۈمدە خەيالىڭ بار ئىكەن، ياش ئەجەبتۇر،
كۈن بولسە ئەجايىب كۆرۈنۈر، ئارى، ستارە.
بىر غەمزە يېتەر لۇتفىنى دىۋانە قىلۇرغە،
باردۇر مەسەل: «ئەل ئاقىلۇ يەكفىھۇل - ئىشارە».

* *

گەر كۆرسە سېنى ناز ئىلە بوستان ئاراسىندە،
گۈل غۇنچە بولۇر باغى گۈلىستان ئاراسىندە.
نەيسانىدە بۇلۇت ھەر نېچەكىم كۆز ياشى قىلدى،

تىشىڭ كەبى دۇر تاپمادى ئۇممان ئاراسىندە.
يۈزۈڭنى كۆرۈپ ئۇفتانىبان گۈل قاچار ئېردى،
مىسكىن يۈگۈرە ئالمادى تىكەن ئاراسىندە.
لەئلى ئۈچۈن ئۆلسەم، ياساڭىز تۇتى گىلىمدىن،
تا يەتسەم ئۈچىپ ئول شەكەرىستان ئاراسىندە.
ھارۇتتەك ئەگەر سېھر قىلماس مېنى شەيدا،
خالىڭ نېتەر ئول چاھى زەنەخدان ئاراسىندە؟
جان بەرگۈچى ئاغزىڭۇ تىشىڭ تۇرفەۋۇ ئالىي،
كىم كۆردى گۆھەر چەشمەئى ھەيۋان ئاراسىندە،
بۇ لۇتفىنى ئۆسرۈك قاراقىڭ ئۆلتۈرۈر ئېردى،
ئول غەمزە ئوقى كىردى بۇ كۆن جان ئاراسىندە.

* *

يار بولدى يىراق، مەن داغى ئاندىن، نې فايدە؟
گۈل بولماسە ھەزار چەمەندىن نې فايدە؟
لەئلىڭ خەيالى بولماسە، كۆز نۇرى بولماسۇن،
گەر بولماسە ئەقىق يەمەندىن نې فايدە؟
ئۆلگەن ساندەدۇرمەن ئوشۇل يار ھەجرىدە،
جان بولماسە تەن ئىچرە، بەدەندىن نې فايدە؟
رەھم ئەيلەمەس ھەبىب، رەقىبدىن نې كۆز تۇتاي،
قىلماس ۋەفا چۇ ياخشى - ياماندىن نې فايدە؟
سارغاردى يۈزۈم ئول سېۋەرىم خالىدىن يىراق؟
چۈن دانە يوقتۇر، ئەسكى ساماندىن نې فايدە؟
ئۆمرۈڭنى، لۇتفى، يار ئىشىكىندە كەچۈرمەسەڭ،
جاندىن نې ھاسىل ئولغايۇ قاندىن نې فايدە؟

مۇھەررىردىن: ژۇرنىلىمىزنىڭ 1996 - يىللىق 4 - سانىدا مەۋلانا ئۇبەيدۇللاھ لۇتفىنىڭ «گۈل ۋە نەۋرۇز» داستانىنىڭ بۈيۈك برىتانىيە مۇزېيىدا ساقلىنىۋاتقان Add7914 نومۇرلۇق قول يازمىسىدىن ئېلىنغان، مىكرو فىلىم ئاساسىدا تەييارلانغان نۇسخىسىنى ئېلان قىلغانىدۇق. بۇ قېتىم ژۇرنىلىمىزنىڭ 1997 - يىللىق 3 - 4 - سانلىرىدا لۇتفى دىۋانىنىڭ يۇقىرىقى قول يازمىسىدىن ئېلىنغان مىكرو فىلىم ئاساسىدا نەشرگە تەييارلانغان بىر قىسىم غەزەللەرنى تاللاپ ئېلان قىلدۇق.

Add7914 نومۇرلۇق قول يازما ھىجرىيە 914 - (مىلادى 1508 - 1509 - ) ① يىلى ھىراتتا كۆچۈرۈلگەن. بۇ قول يازما لۇتفى ئەسەرلىرىنىڭ قول يازمىلىرى ئىچىدە خېلى قەدىمىي نۇسخىلاردىن بىرى. شۇڭا مەزكۇر غەزەللەر Add7914 نومۇرلۇق قول يازما ئاساسىدا نەشرگە تەييارلاندى. بۇ قول يازمىدا قىسمەن كەم جايلار لۇتفىنىڭ 1989 - يىلى تاشكەنتتە نەشر قىلىنغان «سەنسەن سېۋەرىم» ناملىق كىتابىغا ئاساسەن تولۇقلاندى. تولۇقلانغان غەزەللەرنىڭ باش مىسراسىدىن كېيىن «*» بەلگىسى قويۇلدى، تولۇقلانغان ئايرىم مىسرا ياكى سۆزلەر بولسا ئوتتۇرا تىرناق ([]) ئىچىگە ئېلىندى. ژۇرنىلىمىزنىڭ 1990 - يىللىق 2 - سانىدا ئېلان قىلىنىپ بولغان لۇتفى غەزەللىرى بۇ قېتىم قىسقارتىلدى.

---

① ژۇرنىلىمىزنىڭ 1996 - يىللىق 4 - سانىدا ئېلان قىلىنغان «گۈل ۋە نەۋرۇز» داستانىغا بېرىلگەن تەھرىر ئىلاۋىسىدە بۇ يىلنامە «1557 - يىل» دەپ خاتا ئېلىنىپ قالغان.

# شېئىرلار

## ئىسمايىل هاجى

نەشرگە تەييارلىغۇچىلار: ئابلەت ئالىم، هېكىم مەتسىيىت

* *

تۆمۈرئاخۇن كېلىبان بولدى زىيا ئىسمىسەلاھ،
يۈزىنىڭ مۇجىھىدىن تاپتى جەھان ئىستىفتاھ.
ئەجەب ئادەمكى ئانىڭ سارى ياغىلمىش مەلەكۇت،
مەملەكەت رويى زەمىن ئەھلىغە بولمىش فەللاھ.
توغمامىش چەرخى فەلەك ۋالىدەسى ئۇشبۇ كەبى،
كۆرمەمىش دەھر كۆزى ئەسرەسى يەڭلىغ ئىسلاھ.
يا رەب، ئول مېھر ئەزەل قايسى كۈن ئولدى نازىل،
بىلمەدىم قەدرى قەمەر ئەختەرىدۇر ئىستىسلاھ.
ھەزرەتى سىدقۇ سەفا دۇرجىلىغ ئاياتىمۇ بۇ،
يا ئۇلۇغ مەرتەبەلىك راھەتى رەيھانىمۇ رەۋاھ.
قەدەمى ئەنجۇمەنىم ئۇزرە سۇلەيمان تەختى،
فەرقدان ئالىي نەسەب كافىئى ئەۋزائى مەراھ.
بارەكەللاھ، بۇ سېنىڭ مەجدى كەراماتىڭغە،
تۇتسۇ ھەق بارچە ئىشىڭ ئاقىبەتىن ئىستىفراھ.
ئۆمرۈڭ ئەييامى ئۆتۈپ، خەيرىيەت ئىلە خۇبلۇق،
دوستلار تۇتسۇ سېنى جايىڭە مەئجۇنى نۇجاھ.
رەفەئەللاھۇ لەكە مەنزىلى فى ئەللىيەتىن،
رەزىيەللاھۇ بىكە كۆللۈ ئۇمۇرى بىسلاھ.
ئەي قاراغىم ئەسەرى دايىمى بولغىل سالىم،
يەتكۈر ئەرزىمنى مېنىڭ لۇتف سارى شامۇ سەباھ.

تۇردى بۇ بۇقئە ئارا ناھىيەتى ئىسمائىل
يا رەب، ئىھسانىڭ ئىلە مەھسەن ئىدى ئىسمىسەلاھ.

*  *

قاشىمە خۇررەمى دىل مىھرى جەھانىم كەلدى،
ئاشۇرئاخۇنغە رەفىق ئەيشى نىھانىم كەلدى.
قامەتى راست يۇرۇش ئەھلى ئۇلۇملار بىرلە،
ئارەزى خۇبى گۇلى سەرۋى رەۋانىم كەلدى.
قىبلەئى دىن كەبى ھەيئەتى خۇشدۇر ھەمە ۋەقت،
يۇزىدۇر كەئبە سارى ئەبرۇ كەمانىم كەلدى.
قالىبى زىكرى سەنا، تالىبى ئەسھابى ۋەفا،
نەفئخاھانۇ دەمى ئەمنۇ ئەمانىم كەلدى.
يا رەب، ئەھۋالىنى قىل سالىمى ئالەم مەلەكۇت،
بۇ فەلەك ۋۇسئەتىدىن ئاھۇ فىغانىم كەلدى.
ھەزرەتى نۇھنى سەن ئەيلەدىڭ ئەسھابى نەجات،
ناجى دىنۇ ھەنەفى ۋىردى زەبانىم كەلدى.
ئەيلە ئەۋزائىنى خۇش خۇبۇ سەلامەتلىكدە،
دىللەرى تەنغە شەفىق تەن بىلە جانىم كەلدى.
سەلەۋاتى ئەزەل ئەيلەرمۇ ئەبەدغە ئۇلفەت،
سۇھبەتى ئەھدى قەدىمى لەئلى دۇكانىم كەلدى.
خاتەمى سىدقۇ سەفا لۇتف ئېتىپ ئەنۋائى بىلە،
ھۇسنىلىغ خۇلقى ئەزىم خەتمى قۇرانىم كەلدى.
مەجدلىغ ھىممەتىنىڭ قەدرىگە ھېچكىم يەتمەس،
ئالىي ھىممەتدە ماڭا شەۋكەتۇ شانىم كەلدى.
تا قاچان ئىسمىسەلاھ مەۋزئىدە ئىسمائىل،
بولسەئىدراك بىلە فاتىھەخانىم كەلدى.

*  *

مېنىڭ ھىجرانلىغ ئاھىم ئەشكى زارىمغە ياراشۇرمۇ،
فىغانىم ئىئتىبارى ئاسمان دەۋرىدىن ئاشۇرمۇ.
سورار مىسكىن نەۋازى مۇشكى نازىنىڭ جەۋابىدىن،
لەتافەتلىك سۇئالى ھۇسن باغىدىن سوراشۇرمۇ.
ئۇمىدىم مۇقتەزاسى تۇتتى گەردۇننى ھەبىب ئاسا،
مۇھەببەت گۇللارىنىڭ بۇلبۇلى جاندەك تالاشۇرمۇ.
جەھان ئەترافىمىزنى سەير ئېتىپ جانان فىراقىدە،

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



سەھەرنىڭ سالقۇنىدەك دەردلىغ باشىن ئۇراشۇرمۇ.
ئىنايەت ئافتابى تالىئ ئۇلسە فەرقىمىز ئۇزرە،
تەئەججۇب كۆزلەرىدىن ھۇر رىزۋانلار قاراشۇرمۇ.
مەزىدى ئاتىفەتلىك تۇشەئى ئۇقبا مۇئەللاسى،
فەراسەت كەۋكەبىدەك شەمئى رۇخسارى تۇراشۇرمۇ.
سەھىھ ئەۋقاتلىغدىن ھەرفى ئىللەتكە مەھەل يوقدۇر،
مۇزائەفلىك ئەمەللەر ناقىس ھالىمغە يۇراشۇرمۇ.
سەلامەتلىك قەرارى ئافىيەت ئەيلەر قەرارگاھنى،
يەتىم بىكەسلىكىمدە رەھم دىللىغلار قاراشۇرمۇ.
تەفەررۇج ئافتابى مەشئەلى ئارايى ئىسمائىل،
بىشارەت تەلئەتىدە بەھرى ئەخزەردەك كولاشۇرمۇ.

* *

ئەي ئۇلكى مۇتايىباتى ئالەم،
تۇبا ئىلە سىدرەنى قىلۇر دەم.
ئەنفاسى مەسىھۇ مۇسايۇ خىزر،
كويىدە ئىرۇر سىپىھر مەريەم.
مۇشتاق ئاڭا جان ئىلە گەردۇن،
نەززارە ئانىڭ سارىغە ئادەم.
دوستلۇقدە ئىرۇر ئەناسىرى رۇھ،
يارىيەتدە ئەبىر ئىرۇر كەم.
ئەنبەر فۇتاغى يولىدە فەرراش،
ئىمان رەقەمى ئانىڭلە مەھكەم.
ھۇكم ئىلە ئىرۇر رەۋان سەيھۇن،
سۇلتانلىغ ئاڭا ئىرۇر مۇسەللەم.
تاجىكى فەلەك باشىغە ۋەھھاج،
يەلداكى قارا يولىدەدۇر خەم.
ئاياتى بەيانى لى مەئەللاھ،
ئەرش ئاندا ئىدى قۇرەيشغە جەم.
ئىسمائىلنى قىلۇرمۇ خۇررەم،
ئۇل جايىدەكىم سۇرۇرۇ بىغەم.

* *

تۇردى ئالەم، لىك ئۇل مىھرۇ ئۇزارىم تۇرمادى.
لۇتف ئىتىپ دىلخەستەگە خۇشخۇ نىگارىم تۇرمادى.
كويىدە يۇردۇم فەلەك دەۋرانى يەڭلىغ سەربەسەر،
باشىمە غۇربەتلىكىم سارى سەۋارىم تۇرمادى.
ھەجر ئىلە مەقسۇدۇم ھەرگىز بولمادى مەجمۇئىكىم،
قەس ئىتىپ جەمئىيەتىم بىرلە قەرارىم تۇرمادى.
قويدى داغىلە فەلەك پەرتەۋلەرىنى باغىدە،
دىيدەئى چەشمىمدە نۇرى ئىئتىبارىم تۇرمادى.
كارگاھى ئالىنكىم يول باشچىسىنىڭ ھىممەتى،
قۇۋۋەتى ئەئزالارىمدە ئەشكىبارىم تۇرمادى.
ئاقىبەت ھەر ئادەمىنىڭ مەنزىل ئىچرە جايى بار،

يارۋەر ئىسمىسەلاھەدە نامدارىم تۇرمادى.
شادلىغ دەۋرانى ئۆتتى چەرخنىڭ ئەييامىدىن،
سايەسىدە سەرۋىلىك شەمشادى زارىم تۇرمادى.
ئافىيەت بولسۇن ئىلاھا جىسمىنىڭ رەيھانلارى،
راھەتىدە مەرھەمەتلىك تابدارىم تۇرمادى.
دەھرنىڭ ئىقبالى ئۆتسۇن روزگارىلە رەفىق،
ئەسرنىڭ شەفقەتلەرىدە كامكارىم تۇرمادى.
ئېردى ئىسمائىلغە بىر دىلدارىكىم جاندىن ئەزىز،
مۇھتەشەم لۇتفى گەزىدە تۇردى بارىم تۇرمادى.

*   *

كەلمىشدى باغلارىمغە بادى سەبا نەسىمى،
جۇنبىش قىلۇرغە ئاندە گۇل بەرگىلەر ھەرىمى.
بارانلار ئوتراسغە ئاچىلدۇرۇلدى مۇندە،
ئەنبەر فۇتاغى بىرلە ئەلنىڭ ئۇمىدۇ بىمى.
كۆز كۆرمەمىشدى ھەرگىز ئول نەۋئى مۇھتەرەمنى،
ھەمشەت چاغىدە ناچىز ئالىي فەلەك ئەممى.
ئۇممان ئاملارغە بەسدۇر فەلەك سەيتى،
ھىممەت بەلەندلىكدە بىقەدردۇر تەممى.
مىڭ شۇكر ھەق تەئالا فەزل ئەتتى ياخشىلارنى،
سالدى كۆڭۈلغە ئۇلفەت سەر رىشتەسى نەزمى.
بەيتۇل ـ ھەزىن ئېردى يەئقۇب ئۇچۇن بۇ كۇلبە،
يۇسۇفنى كۆردى، كەتتى تەن مۇلكىدىن ئەلىمى.
.........................................

*   *

قاشىڭ مىھرابىنى ۋەسل ئەھلى قىلمىش قىبلەئى مەقسۇد،
مېنىڭ ئەفغانلارىمدىن ھەجر داغىلە تۇرار مەئھۇد.
نە سەۋدادۇركى ئاشىق زۇلفى مەئشۇقىغە قەيد ئېرمىش،
ئانىڭ سەيد ئولغانىدىن مۇشتەرى بەھرامغە نې سۇد.
سەۋادى نامە يەڭلىغ راسخ ئولسە روزى ھەڭگامىم،
سەئادەتمەندلەردەك سەئدى ئەكبەردە بولۇرمەن جۇد.
رەھىقى كامرانىڭ سالسە ئالەمغە سەرايەتلەر،
شارابى كەۋسەر ئوخشە ساقى بولساڭ بولغامەن مەسئۇد.
ئەجەب فەرخۇندەلىكدۇر بەزمى ئىشرەتدە گۇلۇ بۇلبۇل،
ئەگەر شامشاد قەددىڭ بولسە ئول مەجلىس ئارا مەشھۇد.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى


مۇهەببەت جام بىرلە دەم بەدەم قىلسالىڭ ئىنايەتلەر،
فەرىدۇن ئىلە جەمشىد تۇرسە مەهرۇملار كەبى مەۋجۇد.
زىهى ئىشرەتكى ئەيشى تا قىيامەت باقىمەند تۇرمىش،
خىيالى خالۇ خەتتۇ قامەتىڭ ئاندە ئىبسە بىهبۇد.
مەجالى بىبىزائەت يۇسۇف ئالدىدە خەدى كەنئان،
كەمالى لۇتف سەندەك ياخشى هەرگىز بولمادى مەۋلۇد.
نەسىمى خۇلد ئەفزا ئارەزىڭ تۇرسۇن سەلامەتدە،
نەمازى فىترەت ئىردىڭ بەهر ئامۇزى دۇرۇدى ئۇد.
رەۋانى رۇه ئەئزەم تاكى بولسە ئەسرغە هەمدەم،
نىيازىم ناز ئىلىنىڭ خەيرخاهىغە ئىرۇر مەمدۇد.
بۇرۇجى ئەختەرى ئالەمگە تا بولسە مىزاجى دۇرج،
مۇهەممەد مۇستەفا سارىغە بولسۇن ئىنقىلابى رۇد.
تەمامى هۇكمرانىم سەن ئىدىڭ هىكمەت نەۋاهىدە،
نىگارى تابدارىم ياخشى تۇتغىل سىررىكىم مەۋئۇد.
مۇجەللى كامرانلىق شىۋەسىن تۇزدى بۇ ناهىدە،
تەجەللى بولدى هالا جەمئىيەت ئەفلاكى سەر ئەندۇد.
ئىنايەت ئەنجۇمەنىنىڭ داستان ئىنشاسى ئىسمائىل،
ئىرۇر دەرگاهى ئالىي كىبرىيانىڭ ئالدىدە مەهمۇد.

* *

جەنابى هاجى ئىكرامىددىن ئىدى ۋەهاج،
جەهان قاراڭغۇسى رەۋشەن بولۇردى ئەينى سىراج.
كۆتەردى رەختى ئىقامەتدە بۇ ماجەرالاردىن،
ئالۇر بۇ ئەسردە ئالەم رەئىيەسىدىن باج.
خىراجى قەيسەرۇ خاقان گەدايى ئەنجۇمەنىڭ،
ساڭا جان ئىلە بەقادۇر جەمئى ساهىبى تاج.
مۇسەللەم ئولدى مەكارەملىغىڭ كەرىملەر ئارا،
سەلام بولسۇ تەمام هەسانۇ مەهسەن داج.
ئىلاها، تاكى بولۇنسە فەلەك مەلەك بىلە پۇر،
دەۋام بولسۇ سەلامەت مىزاجى ئەهلى رەۋاج.
ئۇرۇجى هەق ئىدى شەهرى رەجەبدە قەدر تۈنى،
تەهىيەت ئەيلەدى ئاندە شەهادەتى مىئراج.
سەلام يەتكۇر، يا رەب، نەبىيى ئۇممىغە،
كى تا مەلائىك بولسە مۇناسىك ئىلەن هاج.
كۆزىدە قىلدى تەكەللۇم ياش ئىلە ئىسمائىل،

فىغان قىلۇركى، دەرىغا، قاياندۇر گۇل سەجاج.

* *

دەرىغ، دەردكى، فەرۋاز ئېتەرمۇ ئىستىسلاھ،
جەنابى هاجى ئىكرامىددىن ئىدى مەللاھ.
سەلاھى ئادەتى خۇشخۇ سىياق سىمىن ساق،
قەدەملەرىدە بار ئېردى گۇھەر كەبى ئىسلاھ.
تەفەررۇج ئەيلەمەكىلە ئۇرۇسى هۇرۇل - ئەين،
كۆزىنى ئەيلەسۇن ئىزەد مىزاج ئەهلى سەلاھ.
نەسىمى سەرۋى گۇلىستا تەمامى ئەنبەرىبۇي،
نىسار بولسۇ دەۋامەن بىتەرفى ئالى فەلاھ.
مۇهەببەتىكى بار ئېردى هەبىب ئوتراسىدە،
ساچىپ سەھەردە زەفەرلىك مۇئەتتەرىنى رەياھ.
چۇنانكى مۇنشىئى تارەم سىپىھر ئەتلەسدىن،
نىدا قىلۇركى خەلايىق قاياندۇر ئالى نۇجاھ.
سەلام بولسۇ دەمادەم نەماز جانىبدىن،
ئەزىز رۇھ سارىغە فىدادۇر ئىسمىسەلاھ.
نەۋازى فەزلۇ شەفائەت كەلىدى ئىسمائىل،
نىياز شەۋقى ئىجابەت ئىشىكىگە مىفتاھ.

* *

يا رەب، ساڭا كەلتۇردى يۈز ئىكرامىددىن ئاجىز زەئىف،
بىچارەدۇر، دەرماندەدۇر، ئەئزالارى لاغەر نەهىف.
سەندىن بۆلەك غەمخارى يوق، سەندەك ئاڭا ئىقرارى يوق،
يالغۇزدۇر ئاڭا يار يوق، مەزبۇت قىل دىنى هەنىف.
گەر لۇتف ئېتەرسەن فەزلدىن فەييازدۇر ۋەسفىڭ سىنىڭ،
ساقلا تامۇغنىڭ قەهرىدىن تۇتغىل لەتافەتدە لەتىف.
هۇز ئىلە ۋىلدان سەف بەسەف فەرخۇندە رەۋ ئەترافىدە،
دەۋۋار بولسۇن چەرخدەك قەبرىڭ سارىغە مۇتتەسىف.
رىزۋان تەهەيياتى بىلە قىلسۇن سەلام تەئزىم ئېتىپ،
ئالى مۇقەررەب ئىنسۇ جان ئەهلى كەرەم ئېردىڭ هەرىف.
يا زۇل جەلالى كىبرىيا ئېردىڭ ئۇلۇغ جۇند ئىلە راھ،
يول تۇتتى ئالى مۇستەفا قىلغىل ئاڭا رەهمەت مەنىف.
ئانداغكى قىلدىڭ مۇهتەرەم ئالەم ئېلىنىڭ دۇرجىنى،
بۇرجى فەلەك هەردەم ئانىڭ رۇهىغە يەتكۇرسۇن زەرىف.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئىسمائىل ئاھۇ نالەدىن ئەفغانى ئەييۇق ئاسمان،
گەر بولسە ئۆمر ئىلە بەھەم مەجلىس تۇزەردى چۈن ئەلىف.

* *

ئەي ئۇلكى جىسمىمى قىلدى ۋەللەيل ئايەتى،
كۆرسەتتى جۈملە روزنەدىن بىر رىۋايەتى.
مىھرى فەلەك نىچۈككى ساڭا مەدھ يەتكۈرۈر،
ۋەسفىڭ ئىدى مەكارىم ئىلىغە ئىنايەتى.
كۆزلەر كۆرەركى خىرە ئىدى ئافتابنى،
ھەر زەررەسى يولۇڭدە كۆتەرمىش قىيامەتى.
رەھم ئەت ئاڭاكى تابىڭ ئىسە بۇ سەۋابغە،
سەۋمەئلەرىدە گۇشە نىشىن مىلك قىيامەتى.
تا بولسە چەرخ سۈرەئى «ۋەششەمس» جىلۋەسى،
«ۋەننەجم»، «ۋەززۇھا» سارى بەركىتسۇ رىئايەتى.
ئىكرامىڭدىن ئىردى يولۇڭدە غەرىب نەۋاز،
ناز ئەھلىدىن نىياز قىل، يا رەب، ھىمايەتى.
ئىسمائىل ئەيلەدى تەلەف ئۆمرى ئەزىزنى،
يا زۇلجەلال، بولسۇن سەلامەت كىنايەتى.

* *

سەلامەت كەلدى ھالا كەنتىمىزگە مىھر تابانلار،
يۈزى فەررۇخ سەئادەت مەقدەمى گەردۇن دەۋرانلار.
نە ياخشى قەددى ئالى خۇبلار شۇكرانەسى شىرىن،
شىكار ئەيلەر بۇ ھامۇن دەشتۇ سەھرانى سۇلەيمانلار.
ئەمەس لايىق ئەزىزلەر ۋەسفىنىڭ ئىتمامىغە مەدھەم،
بەياندىن بەيابان شەھر ئولۇر خۇرشىد كەيۋانلار.
تۈمەنىمىڭ مەرھەبا، ئەي دوستلار، تۇرغىل قاراغىمدە،
ھۇمايى ھەفت كىشۋەر بولسۇ تۇفراغىڭغە ئىھسانلار.
مەگەر ئاھەنرەبا يەڭلىغ دىلى سەڭگىن ئەسەر قىلدى،
نىزامىڭدىن ھاجى كۆڭلۈمە سالدى يۈز ئەفغانلار.
ئىسامىڭدىن، ھەمدۇل، موللا ئاخۇن باي، بۇسۇغە ئاخۇند،
تۇھۇر ئاخۇندۇ غەيرى ھەمسەفەركەلگەن دۇر ئەفشانلار.
ئىلاھا، ئافىيەت قىل تا قىيامەت جۈملە غەملەردىن،
تۇرۇلسۇ شادۇ خۇررەم سەرۋىدەك مەسرۇر ئىمانلار.
تەجەللى جانىبىدىن ئەيلەمىش فەرۋاز شەھبازىڭ،

تۇشەرمۇ ئاسماندىن يەر سارى مۇسايۇ ئىمرانلار.
كەمالى شادلىقدىن شەھپەرى شەمشاد ئىسمائىل.
قەدەم قىلدى باشىنماق ياشىنى ئەبرۇيى رەيھانلار.

* *

كۆرۈپ رەڭگىن ئۇزارىن ئارەزىم مۇشتاق بولماسمۇ،
قارا كۆڭلۇم ئاقارغان سۇ كەبى مىساق بولماسمۇ.
فەلەك بۇرجىدەكى سەييارەلەر تەسخىر ئېتەر ئايەت،
ئىشتىپ شادلىقدىن گۆلبەدەن ئافاق بولماسمۇ.
ئۇلۇغلۇقدىن مۇرۇۋۋەت ھۆكمرانلە مۇتىئ ئەيلەر،
ئىتائەت ئەيلەگەنلەر بەندەلىكدە تاق بولماسمۇ.
مۇتەببەق ئاسمانى يەر ئۇزە تۇرغاندە تاقەتلىك،
سىياقى نەخل زەيتۇن سىدرەدەك ئەۋراق بولماسمۇ.
تەرەب سازى مۇغەننى تەختى خوررەمدىن مەكارىمدۇر،
كەراماتى ۋەلايەت بىر كۇنى ئۇششاق بولماسمۇ.
تۇرۇپ ئىسمائىل ھالا مۇنتەزىر نۇرى تەجەللى چۇن،
مۇجەللى ئافتابى چەرخغە ئاشۋاق بولماسمۇ.

* *

بۇنياد ئولۇپ مەساجىد بۇ دەرسگاھدە،
ياخشى تۇرۇش - يۇرۇشلەرى دىنى سەلىم ئىلە.
خۇبدۇر ھەمە نەمازىيۇ ھەم شەئنۇ شەۋكەتى،
ھەممەتلەرى بەلەنددۇر ئالىي ھەلىم ئىلە.
يا رەب، كىشى ئەگەر ساڭا قىلسە نىيازلىق،
نازىن ئانىڭ قەبۇل قىل كۆڭلى رەھىم ئىلە.
ئىسكەندەرى زەمان ئىدى قويدى ئەمەل مەكان،
ئاسرا ئانى ۋە ئەھلىنى فەزلى كەرىم ئىلە.
قىلدى ئاڭا تەفەررۇج كۆزلۈك سۆزى رەۋان،
چەرخى فەلەك مەلائىكى تۇردى نەئىم ئىلە.
سىغماي ئوشۇل ئەيانغە بۇ ۋەقتىنىڭ جەمائەتى،
كەڭرۇلۇكىن ئۇمىد ئېتىپ زور قەۋم ئىلە.
ئاخىر بۇ رەڭ بەيان بولۇپ ئەل مەسلەھەتلەرى،
تەقۋىم ئېتىپ ئىمارەتىن قەۋمى مۇقىم ئىلە.
تەئرىخ مىڭۇ ئۇچيۇز قىرق بەشدە ھۇججەتى،
ئىھرام ئېتىپ نەمازغە كەھفۇ رەقىم ئىلە.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بولسۇن تەمام سەلامەت تا روزى ئاخىرىن،
ئىسلام ئىلە سەبات قىل، يا رەب، ھەرىم ئىلە.
ئەجئەل ئەلا رەسۇلەكە مەسۋاھۇ فى سەلام،
سەللەم لەھۇ سەلامەتە خۇلقى ئەزىم ئىلە.
ئىسمائىل بىئەبدىكە ئاتا كىتابەھۇ،
باقغىل ئاتا، يارانلارىم، لۇتفى ئەمىم ئىلە.

* *

سىپىھر تارەمىنىڭ ئافتابى رەئناسى،
فەلەك ئەناسۇرىنىڭ ئەرجۇمەند تەماننىاسى.
جەنابى سەرۋەرى خۇبان فەراغەتى شەب روز،
كۆزۈم يولىغە ئېرۇر ئىنتىزار مەئۋاسى.
ئەزىزۇ ھەشمەتۇ سەييىد ئەبۇلھۇدايى فۇرۇغ،
سالۇن جەھانغە تەلەۋۋۇن ئېرۇر تەقازاسى.
سەلام بولسۇ دەمادەم كويۇڭغە رۇھۇللاھ،
رەۋان جانۇ تەنىمدۇر خەدىڭ ئەلالاسى.
خۇسۇسى ئەھلى مىزاجىڭ سارى سەلامى ئۇمۇم
فىدايى ئارەزىڭ ئولسۇن مەسىھ مۇئەمماسى.
ئىلاھى، تاكى مەلائىك قىلۇر تەھىييەتى شۇكر،
سەلام يەتكۇرۇ بولسۇن ئەسەل مۇسەففاسى.
تەجەللى تەلئەتۇ كەئسۇل - كىرامى ئالى ھىمەم،
كەم ئولماسۇن ئاڭا ھەرگىز مەكارىم ئەئلاسى.
زەبان قۇسۇرۇ ۋەقايىئ ۋەفات جانىبىدىن،
دەرىغۇ دەردكى، كەتتى كۆڭۈل سەراپاسى.
ئىشىت قۇلاقىڭە ئۇشبۇ زەمانە كارىدىن،
توشۇلدى غۇربەت ئارا بۇ دىلىم مۇسەللاسى.
...... رەۋانلار تەمام ھالەتىدىن،
تۆكۈلسۇ مىھر كەبى ئاسمان مىيناسى.
...... ئولدى كىلىنمەي تەۋەققۇف ئەيلەبدۇر،
قەدەم دەرىغ قىلۇرمۇ مۇھەببەت ئاراسى.
ئەگەرچە لۇتف قىلساڭ بەجايى مەرھەمەتىڭ،
قىلىنغان ئوخشە لەتافەت بىنايى ئاساسى.
ۋەگەرنە تاقى فەلەكدەك رەۋاق بۇيلە سىياق،

ئۆتەر فىغان ئىلە غەمدە جەھان زەۋاياسى.
يولۇڭغە مۇنتەزىر ئېردى ئەھالى ئىسمائىل،
تورار كۆن ئوخشە كېلۇر دەپ جەمى زىباسى.

* *

ئانىڭ ۋۇجۇدى ئىدى جۇدى ئالى ئەھلى سۇجۇد،
قارار ئىدى ئانىڭ ئىسمىلە ئايىن مەشھۇد،
ئېرۇر نۇفۇزى نەسىمىڭ رىياھى رەيھانغە،
قۇيار باشىنى قۇياشدەك قۇدۇمىگە مەۋئۇد.
مۇھەررىر ئولدى ئەتارۇد سىھرى مۇشتەرىدەك،
نىسار بولسۇ بۇ تەھرىر يولۇڭغە نىل ئىلە رۇد.
مۇقەررەر ئېردى كىشىكىم نەماز قىلسە ساڭا،
كېرەك تاھارەتى كۇبرا كەبى سەلامۇ دۇرۇد.
دەرىغ، بولدى كۆزۈمدىن نىھان فەراغەتۇ ھۇر،
بولۇنسە ئېردى خىزىردەك ھەيات مۇنبەتى ئۇد.
ئىلاھى ھىكمەتىڭ ئەتتى قۇبۇر ئىلە مەھكەم،
جەسەدلەرىنى مۇئەززەم قىل ئولسۇ زۇمرە شۇھۇد.
شەھادەت ئىلە سىراتەل - قەۋىم شاھىدۋار،
ۋۇجۇدى دارەسسەلامىنىڭ سەلامى ئېردى دۇرۇد.
نەماز قىلسە بەناگەھ نەۋازى ئىسمائىل،
نىياز ئەيلەر ئىكرامىددىن بىرلە شۇنۇد.

* *

ئىدى جىسمى ۋۇجۇدى مۇھتەرەم ئالەمدە يەكتا يوق،
تەمانىنا ئەيلەمەسدىن ئۆزگە مۇندا ھىچ تەمەننا يوق.
خۇدا خەلق ئەيلەمىشدى ياخشى خىسلەتلىك ھەبىبۇللاھ،
مۇھەببەت ئەھلى يەتكۈلغ ئەرشى ئەئلادە مۇئەللا يوق.
كەرىما، قادىرا، پەرۋەردىگارا، ھەيىي قەييۇما،
كەرەم قىلغىل كەرامەت ئەھلىگە سەندەك مۇسەللا يوق.
ياتىپ تۇفراق ئىچىدە ھاجى ئىكرامىددىنى زاھىر،
سەن ئوخشە ھەرگىز ئاڭا ئايەتى رىزۋان مۇجەللا يوق.
نە قىلسۇن مۇندە ئاجىز ئەھلى بەيتى ئاھۇ ۋاۋەيلا،
تەرەھھۇم قىل ئىلاھى سەن كەبى ياخشى مۇھەللا يوق.
زىياد ئەتكىل فەراغەت ھۇرى ئەيىنىنىڭ سىياقىنى،
مەكارىم ئەھلى بىرلە ھەمدىل ئولسە ئەسلە پەرۋا يوق.

www.uyghurkitap.com



بىشارەت مۇژدەيابى بەرقى رەفرەفغە سەلام بىھەد،
ئەدەدسىز رەھمەت ئۇلسە دەفن ئۇلۇنسە نالە ـ غەۋغا يوق.
ئىدى ئىسمائىل ئانداغ ھەجر داغىنىڭ بەلاسىدە،
سۇكۇنەت بەيتۇل ـ ئەھزان ئاخىر ئۇلسە زەررە سەۋدا يوق.

*　　*

ئەفسۇس ماڭا، دەرىغ، بۇ باش،
جىسمىم ئارا يوق كۆڭۈل كەبى تاش.
گەر بولسام ئىدى سەئىدۇ فەررۇخ،
بولماسمۇ ئىدىم ئانىڭغە يولداش.
دەۋران ستەمى تۆكۈلدى نالە،
پەرۋانە كەبى بولايمۇ فەرراش.
ئەرشىنىڭ غەمى ئىلتەدى رەۋانىم،
بولسام ئىدى خىزمەتىڭدە مەن كاش.

پىنھان دىلۇ جان بىلە زەمىندە،
لېكىن ئىدى جۇملە ئاسمان فاش.
مىھر ئوخشە جەھان ئالۇردى بەھرە،
بەھرام ئانىڭ ئىلە مىسلى خەشخاش.
يا رەب، ئۇلۇغ ئەت مەكارىم ئەھلىن،
مۇكەررەم ئەۋۋەل، ئاخىر ئەزىز باش.
ئىسمائىل ئىرۇر دەۋام ئۇلفەت،
قان تولسە كۆزى سۆزى بىلە باش.

*　　*

دىمەڭكى زايىل ئۇلۇر دوستلار سەلاتۇ دۇرۇد،
ئەمەس سىپىھرىدە ھىچ بىئەمەلۇ بىمۇرۇد.
تۇشەر باشىمغە فەلەك دانىشچە غەم ئەندۇھ،
نە ئىشدۇرۇركى بىلەلمەم سەۋابى يەۋمى ۋۇرۇد.
ئەجەب ـ ئەجەبكى يوقالدى كۆزۈمدەكى نۇرۇم،
مۇنىر ئىردىيۇ ئالەم تۇلۇئى بىرلەن رۇد.
ھەزار بار تەئەسسۇف ئەزىز مۇھتەرەمىم،
بەجايى يۇسۇفى مىسرى شەكەرلەرى مەشھۇد.
ئۇچۇپ بۇ فانى جەھاندىن بەقائى رۇھانى،
قىلۇر مۇئەتتەر گۇللار شاخىنى بەرگى شۇھۇد.
ھەدىقە كۆڭلۇمە شىرىن تەكەللۇمى دىيدە،
كۆرۈڭ گۇل ئىلە ھەزاران مۇتىبى رەھمەتى ھۇد.
ئىلاھى، تاكى بولۇنسە فەلەكدە جىبرائىل،
نەسىمى بادى سەبانى قىل ئانىڭ ئىلە ۋۇدۇد.
دۇئاۋۇ زارغە مەشغۇل سەنايى ئىسمائىل،
بەرۇھى ھاجى ئىكرامىددىن بولسۇن جۇد.

# ھىكايەتلەر

## («جامىئۇل - ھىكايات» تىن)

### مۇھەممەد ئەۋفى

ئۆزبېكچىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: ھاكىم مۇسا

مۇھەررىردىن: سەئىدۇددىن مۇھەممەد ئىبنى مۇھەممەد ئەۋفى مىلادى 1172 — 1177 - يىللىرى ئارىلىقىدا بۇخارادا زىيالى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. مەدرىسىدە ئوقۇش جەريانىدا ئۆز زامانىسىنىڭ مەشھۇر ئالىملىرىدىن بولغان رۇكنىددىن مەسئۇد ئىمامزادە، تاجىددىن ئۆمەر ئىبنى مەسئۇد ۋە قۇتبىددىن سەرەخسىلاردىن تەلىم ئالغان.

مۇھەممەد ئەۋفى 1201 - يىلى سەمەرقەند ھاكىمى سۇلتان جالالىددىن ئىبنى ھۇسەين تامغاچخان خىزمىتىگە كىرىپ كاتىباتلىق ئىشىنى ئىشلىگەن. 1204 — 1205 - يىللىرى خارەزمدە بولۇپ، مەشھۇر مۇتەسەۋۋۇپلاردىن نەجمىددىن كۇبرا ۋە شەيخ مەجدىددىن باغدادى قاتارلىقلارنىڭ سۆھبىتىدە بولغان. كېيىن نىسا ئارقىلىق خۇراسانغا بارغان. نىشاپۇر، تۇس، ھىرات ۋە مەرۋى شەھەرلىرىدە بولغان. ئاندىن كېيىن سىيستانغا بارغان. چىڭگىزخان قوشۇنىنىڭ ماۋەرائۇننەھرگە بېسىپ كىرگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئەۋفى ئۆز يۇرتىغا قايتالماي، ھىندىستانغا بارغان. بۇ يەردە 1222 - يىلى ناسىرىددىن قۇباچىنىڭ خىزمىتىگە كىرگەن. ئاندىن گۇجارەتكە قازى بولۇپ خىزمەت قىلغان. 1227 - يىللىرى دېھلىدا تىركىچىلىك قىلغان. 1233 - يىلى دېھلىدا ۋاپات بولغان. مۇھەممەد ئەۋفى «لۇبابەل - ئەلباب»، «جامىئۇل - ھىكايات» قاتارلىق يىرىك ئەسەرلەرنى يېزىپ قالدۇرغان. بۇ ھىكايەتلەر ئەۋفىنىڭ «جامىئۇل - ھىكايات» ناملىق ئەسىرىدىن تاللاپ ئېلىنغان بولۇپ، 1991 - يىلى تاشكەنت «چولپان» نەشرىياتىدا نەشر قىلىنغان «ئەجدادلار نەسىھەتلىرىدىن» ناملىق كىتابقا كىرگۈزۈلگەن.

uyghurkitap.com


## سايىداشلار

خەلىپە مەئمۇن قازى يەھيا ئىبنى ئەقسەم بىلەن بىللە باغ سەيلىسىگە بېرىپتۇ. خەلىپە باغقا بېرىشتا قازىنىڭ سايىسى چۈشكەن تەرەپتە ئولتۇرۇپتۇ. قايتىشىدا كۈنگەي تەرىپىدە ئولتۇرۇشنى لايىق تېپىپتۇ.

— بۇ قېتىم سايە تەرەپ سىلىنىڭ بولسۇن، بولمىسا ئەدلۇ ئىنساپقا زىت ئىش بولۇپ قالىدۇ، — دەپتۇ خەلىپە.

— ئۇزۇن يىلدىن بېرى مەن ئۆزلىرىنىڭ لۇتفۇ كەرەملىرىنىڭ سايىسىدا كېلىۋاتىمەن. بىرەر سائەت ئاپتاپتا قالسام نېمە بوپتۇ؟ — دەپ ئۇنىماپتۇ قازى.

خەلىپە ئۇنىڭغا ئىنتايىن مىننەتدارلىقىنى بىلدۈرۈپتۇ، لېكىن، يەنىلا ئۆزىنىڭ دېگىنىنى قىلىپتۇ. بۇ قېتىمدا ئاپتاپ تەرەپتە ئولتۇرۇپ قايتىپتۇ.

## ئەدەبنى كىمدىن ئۆگىنىش كېرەك؟

بىر قېلىن توقايلىقتا ئىنتايىن يىرتقۇچ بىر شىر ماكانلىشىۋاپتۇ. بۆرە بىلەن تۈلكە كېچە - كۈندۈز ئۇنىڭ خىزمىتىنى قىلىدىكەن. بىر كۈنى شىر بىر جانىۋارنى ئۆلتۈرۈپ، بۆرىگە «سەن بۇنى ئورتىدا ئادىل تەقسىملە!» — دەپ بۇيرۇپتۇ. بۆرە ئولجىنى ئۈچ قىسىمغا بۆلۈپتۇ ۋە بىر قىسمىنى شىرنىڭ، ئىككىنچىسىنى تۈلكىنىڭ ئالدىغا قويۇپتۇ؛ ئۈچىنچىسىنى ئۆزىگە قالدۇرۇپتۇ. بۇنىڭغا شىرنىڭ سەپرايى ئۆرلەپ، ئۆزىگە تېگىشلىكىنىمۇ بۆرىنىڭ ئالدىغا ئېتىپتۇ. بۆرى قورقىنىدىن دىر - دىر تىترەپ، نېمە قىلارىنى بىلمەي قاپتۇ. شىر تۈلكىگە «ئولجىنى سەن باشقىدىن تەقسىم قىل!» — دەپ بۇيرۇپتۇ. تۈلكى ئويلاپمۇ ئولتۇرماي، بۆرى تەقسىملىگەن ئۈچ پارچە گۆشنى يىغىپ، ھەممىسىنىلا ئېلىپ شىرنىڭ ئالدىغا قويۇپتۇ. شىر تۈلكىنىڭ پاراستى ۋە ئەدەب، قائىدە يوسۇنلۇقىغا قايىل بوپتۇ.

— سەن بۇنداق قائىدە يوسۇننى كىمدىن ئۆگەندىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ شىر تۈلكىدىن.

— شىر بىلەن بۆرىدىن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ تۈلكە.

## دەرۋىشلەر ئەدەبلىرى

بۈيۈك شەيخلەر قاتارىدا ھېسابلىنىدىغان ھۇسەيىن ئەنتاكى مۇنۇ ھېكايەتلەرنى سۆزلەپ بەرگەن:

بىز بىر كۈنى كەچقۇرۇن قىرىقچە

يارەنلەر بىر ئۆيگە يىغىلىپ ئولتۇرغانىدۇق. ئەمما ئوتتۇرىدا پەقەت بىرلا نان بار ئىدى. ئىلاجىسىز نانىنى ئۇششاق قىلىپ پارچىلاپ ئوتتۇرىدىكى دەستۇرخانغا قويدۇق، ئاندىن «ھەركىم تارتىنماستىن خالىغىنىنچە ئېلىپ يېسۇن» — دەپ چىراقنى ئۆچۈرۈۋەتتۇق. ئارىدىن بىر ئاز ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن چىراقنى قايتا ياندۇردۇق. قارىساق دەستۇرخانغا ھېچكىم قول تەككۈزمەپتۇ.

## مەردلىكنىڭ مەنىسى

بىر كۈنى پادىشاھ ۋەزىرلىرىدىن سورىدى:

— مەرد، سەخىيلىكنىڭ ئالاھىدىلىكى نېمە؟

— ئۈچتۇر، — دەپ جاۋاب بەردى ۋەزىر، — بىرىنچىسى قائىدە- يوسۇنغا خىلاپ ئىش قىلماسلىق ۋە ۋاپادارلىق؛ ئىككىنچىسى — ئىككىلەنمەي تەشەككۈر ئېيتالايدىغان بولۇش؛ ئۈچىنچىسى — سوراپ- سۈرۈشتۈرۈپ ئولتۇرماستىن ئېھسان بېرىش.

پادىشاھ سوئالىنى داۋاملاشتۇرۇپ:

— مەرد - سەخىي ئادەمنىڭ ئۆزى قانداق بولىدۇ؟

— تونۇمايدىغان ئادەمگىمۇ مال بەخشەندە قىلىپ بېرەلەيدۇ، چۈنكى تونۇش ئادەمگە مال بەرگىنىدەك بولسا، مۇنۇ ئىككى نەرسىدىن خالى بولمايدۇ: بىرىنچىسى - شەپقەتتىن، ئىككىنچىسى - رىياكارلىقتىن (كۆزكۆز قىلىشتىن) . مەردلىكنىڭ يۇقىرى دەرىجىسى شۇكى ، — دېدى ۋەزىر سۆزىنى داۋام قىلىپ - ئادەم ئاشۇ ئىككى نەرسىدىن ئۆزىنى تارتىشنى بىلىشى لازىم.

## مېھرىبان قوشنا

ئابدۇراخمان ئەۆزى ھارپا كۈنى كۆچقۇرۇن ئۆيىدە ئولتۇرغانىكەن، بىرى ھويلىنىڭ دەرۋازىسىنى قېقىپتۇ. چىقىپ قارىسا، قوشنىسى ئىكەن. ئۇ كەمبەغەل، كۆپ بالىلىق ئادەم ئىكەن. ئۇ يالۋۇرۇپ تۇرۇپ:

— غوجام، مانا، ئەتە ھېيت، لېكىن مېنىڭ بىسماتىمدا بىر پۇلمۇ يوق. بىر ئاز پۇل بېرىپ تۇرغان بولسىلا؟

— قېنى، بىر ئامال قىلىپ باقاي، — دەپ دەرۋازىنى ياپمايلا، ئۆيىگە قايتىپ كىرىپ، ئايالى بىلەن مەسلىھەتلىشىپتۇ. ئايالى: «بار - يوقى يىگىرمە بەش دەرھەم پۇلىمىز بار، بوپتۇ، بۇنىڭ بىر قىسمىنى قوشنىمىزغا بېرەيلى، قالغىنىنى ئەتە ئۆزىمىز ھېيتلىق قىلايلى» ، دەپتۇ.

— ياق! - دەپتۇ ئۇ ئايالىغا، — پۇلنىڭ ھەممىسىنى ئۇنىڭغا

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

بىرەيلى، شۇنداق قىلساق ساۋابىنىڭ بىر قىسمى سىزگە تېگىدۇ.

## چىرايلىق سەت بولسا ئەينەكتىن كۆرمە

سۇلتان مەھمۇد غەزنەۋى بىر كۈنى نامازدىن تۇرۇپ، ئۇدۇل ئەينەك ئالدىغا بېرىپتۇ. ئەينەكتە ئۆزىنىڭ چىرايىنى كۆرۈپ، سەتلىكىدىن رەنجىپتۇ. كېيىن باش ۋەزىر جانابى ئەھمەدكە ئەرز قىپتۇ:

— ئەينەككە قارىۋىدىم، ھۆسن - جامالىمنى ئۆزۈمگە لايىق كۆرمىدىم، ئەلۋەتتە ھۆسن - جامال دوستلىرىمنىڭ كۆپىيىشى، تەختۇ بەختىم ئۈچۈن كام بولسا بولمايتتى.

— خەلقىڭنىڭ ئۆزۈڭنى دوست تۇتۇشىنى خالىساڭ ئالتۇننى دوست تۇتما. سەلتەنەتنىڭ مۇستەھكەملىكى ھۆسن بىلەن ئەمەس، ئالتۇن بىلەندۇر.

## مېھماندوست بەدىۋى ۋە[1] ئاچكۆز خەلپە

بىر كۈنى خەلپە مەھدىي ئوۋغا چىقىپتۇ. ئۇ ئۇچرىغان ئوۋ - جەرەنى قوغلاپ، ئۆز ھەمراھلىرىدىن خېلىلا يىراقلاپ كېتىپتۇ. مۇلازىملىرى ۋە قوغدىغۇچى ئەسكەرلىرى ئۇنى خېلى يەرلەرگىچە ئىزدىشىپتۇ، لېكىن تېپىشالماپتۇ.

خەلپە بولسا ئۇ كۈنى ئۇزۇن يول مېڭىپ بىر چاغدا بىر بەدىۋىينىڭ چېدىرىغا كېلىپ قاپتۇ. خەلپىنىڭ قورسىقى تازا ئاچقانىكەن، ئۇنىڭ ئۇستىگە كۆڭلى بەك ئىسسىق ئىكەن. شۇڭلاشقا خەلپە چېدىر ئىگىسى بەدىۋىگە دەپتۇ:

— ھەي، مېھماندوست بەدىۋى، قېنى، ئەزىز مېھماننى كۈتۈۋال!

— باش ئۈستىگە، — دەپتۇ بەدىۋى، ئولتۇرسىلا، بار نەرسەمنى ئېلىپ چىقاي، لېكىن ئەيىبكە بۇيرۇمىسىلا.

— بولىدۇ، — دەپتۇ مەھدىي، — مەيلى يېگۈدەك نېمەڭ بولسا، شۇنى ئېلىپ چىقساڭ بولىۋېرىدۇ.

بەدىۋى بىر پارچە پىشلاق بىلەن قېتىپ كەتكەن ناننى ئېلىپ چىقىپ مېھماننىڭ ئالدىغا قويۇپتۇ.

مېھمان بۇلارنىڭ ھەممىسىنى پاك - پاكىزە يەپ بوپتۇ، ۋە:

— پىشلىقىڭ ئاز، نېنىڭ بەكمۇ قاتتىق ئىكەن. يەنە نېمەڭ بار؟

بەدىۋىنىڭ بار - يوقى بىر كوزا شارابى بار ئىكەن، ئۇنى ئېلىپ چىقىپ، مېھماننىڭ ئالدىغا قويۇپتۇ.

مېھمان شارابنى چۆچەككە قويۇپ ئىچىپتۇ، ئاندىن چاپىنىنىڭ پېشى بىلەن لەۋلىرىنى سۈرتۈپ، بەدىۋىيدىن سوراپتۇ:

— مېنى تونۇدىڭمۇ؟

[1] بەدىۋى - سەھرالىق، كۆچمەن ئەرەب.

— يوقسۇ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ بەدىۋى.

— مەن، — دەپتۇ مېھمان، — خەلىپە مەھدىنىڭ مۇلازىمى بولمەن.

— بەلكىم شۇنداقتۇر، — دەپتۇ بەدىۋى.

مېھمان يەنە بىر چۆچەك شارابنى ئىچىۋېتىپ، بەدىۋىدىن سوراپتۇ:

— مېنى تونۇدىڭمۇ؟

— يوقسۇ، - دەپ جاۋاب بېرىپتۇ بەدىۋى.

— مەن، — دەپتۇ مېھمان، — خەلىپە مەھدىنىڭ خاس مۇلازىمى بولىمەن.

— بەلكىم شۇنداقتۇر، — دەپتۇ بەدىۋى.

مېھمان يەنە بىر چۆچەك شارابنى ئىچىۋېتىپ، بەدىۋىدىن سوراپتۇ:

— ھەقىقەتەنمۇ مېنى تونۇمىدىڭمۇ؟

— يوقسۇ، تونىيالمىدىم، — دەپتۇ بەدىۋى.

— مەن خەلىپە مەھدىنىڭ ئالىي قوماندانلىرىدىن بىرىمەن، — دەپتۇ مېھمان.

— بەلكىم شۇنداقتۇر، — دەپلا قويۇپتۇ بەدىۋى.

مېھمان يەنە بىر چۆچەك شارابنى ئىچىۋېتىپ، يەنە ئاشۇ سوئالنى تەكرارلاپتۇ.

— نېمە قىل دېمەكچى ئىدىڭ، تەقسىرىم، — دەپتۇ بەدىۋى دىققەت بولغان ھالدا.

— مەن خەلىپە مەھدىنىڭ ئۆزى بولىمەن، — دەپتۇ. چالا كەيىپ بولۇپ قالغان مېھمان مەيدىسىگە مۇشتلاپ.

بەدىۋى شاراب كوزىسىنى ئۇنىڭ قولىدىن تارتىۋېلىپ، كوزىنىڭ ئاغزىنى مەھكەم ئېتىپ، بىر چەتكە ئېلىپ قويۇپتۇ، ئاندىن:

— ھەي، سەن دەستلەپتە خەلىپىنىڭ خاس مۇلازىمى دەپ ئىچتىڭ، كېيىن قوماندانى، دەپ يەنە ئىچتىڭ. ئەمدى خەلىپىلىكنى داۋا قىلىۋاتىسەن. مۇبادا يەنە بىر چۆچەك ئىچىدىغان بولساڭ، بەلكى پەيغەمبەرلىك دەۋاسى قىلىدىغان ئوخشايسەن؟!

## ياش خىزمەتكارنىڭ ئادىمگەرچىلىكى

بىر كۈنى بىر توپ يىگىتلەر بىر مۆتىۋەر ئادەمنىڭ ئۆيىگە مېھمان بولۇپ بېرىپتۇ.

ئۆي ئىگىسى مېھمانلارنى ئىززەتتى بىلەن سارايغا باشلاپ ئولتۇرغۇزۇپ، ياش خىزمەتكارنى چاقىرىپتۇ ۋە يۇقىرى ئاۋاز بىلەن: «داستىخاننى ئېلىپ چىق!» دەپ بۇيرۇپتۇ، لېكىن مېھمانلارغا تۇيدۇرماي ئۇنىڭغا سول كۆزىنى قىسىپ قويۇپتۇ.

خىزمەتكار ئىچكىرىگە كىرىپ، كېچىكىپ كېتىپتۇ. ئۆي ئىگىسى بولسا مېھمانلار ئالدىدا بىرئاز خىجىل بولغاندەك بولۇپتۇ. تەخمىنەن بىرەر سائەتتىن كېيىن ياش خىزمەتكار

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

داستىخاننى ئېلىپ چىقىپتۇ.
خوجايىن خىزمەتكارنى دۈشكەلەپتۇ:
— نېمانچە كېچىكىپ كەتتىڭ؟!
— مەن قوللىرى داستىخاننى ئېلىپ ئاچسام، ئىچىگە مىغىلدىغان چۈمۈلە توشۇپ كەتكەنىكەن. ئۇنى شۇ پېتى مېھمانلار ئالدىغا ئېلىپ چىقسام، ئەدەبسىزلىك بولار دەپ ئويلىدىم، شۇنداقلا ناننى بىچارىلەردىن تارتىۋېلىشنى مۇرۇۋۋەتسىزلىك دەپ بىلدىم ۋە چۈمۈلىلەر داستىخاننى بوشىتىپ چىقىپ كېتىشكىچە كۈتتۇم.
مېھمانلاردىن بىرى:
— تەڭرى - تەئالا داستىخانغا بەرىكەت ئاتا قىلغاي، چۈنكى ئۇ شۇنچە چۈمۈلىگە تاماق بېرىپتۇ، — دەپتۇ.

## پادىشاھلىقنىڭ ئىنقىرازى[1] نېمىدىن بولغان؟

ئابدۇللا تاھىردىن ئوغلى سوراپتۇ:
— پادىشاھلىقنىڭ ئىنقىرازىغا نېمە سەۋەب بولدى؟
— كېچىلىرى تىنماي شاراب ئىچتۇق؛ تاڭ سەھەردىن قاراڭغۇ چۈشكىچە نامازدىن باش كۆتەرمىدۇق؛ ئۆزىمىز ئىشلىمەي، دۆلەتنىڭ ئىشلىرىنى لاياقەتسىز، نامۇناسىپ ئادەملەرنىڭ قولىغا تاپشۇرۇپ قويدۇق، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئابدۇللا تاھىر.

## غايىبدىن كەلگەن بەخت

باغدادلىق بىر يىگىتكە ئاتىسىدىن زور مىقداردا مال - مۈلۈك مىراس قاپتىكەن، لېكىن ئۇنى بۇ يىگىت ئاز ۋاقىت ئىچىدىلا بۇزۇپ - چېچىپ تۈگىتىۋېتىپتۇ. ئۆزى تەس كۈنگە قاپتۇ. خېلى ۋاقىتلارغىچە نېمە قىلارىنى بىلمەي، گاڭگىراپ يۈرۈپتۇ. ئاخىرى ئىلاج قىلالماي، دەجلە دەرياسىنىڭ بويىغا بېرىپ، ئۆزىنى دەرياغا تاشلاپ ئۆلتۈۋالماقچى بولۇپ، دەرياغا ئۆزىنى ئېتىپتۇ. دەل شۇ چاغدا دەريانىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر قېيىق توختىغانىكەن. قېيىقچى بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ يىگىتنى سۇدىن سۇزۇۋاپتۇ.
— نەگە بارماقچى ئىدىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ ئۇ يىگىتتىن ھېلىقى قېيىقچى.
— نەدىن كېلىپ، نەگە كېتىۋاتقانلىقىمنىمۇ بىلمەيمەن، — دەپتۇ ھېلىقى يىگىت.
قېيىقچى پاراسەتلىك ئادەم ئىكەن، ئۇ بىرئاز ئويلىنىپ، ئۆزى - ئۆزىگە: «بۇ يىگىت يا بىر ھىيلىگەر،

---
[1] ئىنقىراز — چۈشكۈنلىشىش، چېكىنىش، يوقىلىش، ھالاك بولۇش.

يا مال - دۇنياسىدىن ئايرىلىپ ئىلاجىسىز، ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغان، ياكى بىرەرسىنى ياخشى كۆرۈپ قېلىپ، مەقسىتىگە يېتەلمىگەن بولۇشى كېرەك» — دەپتۇ - دە، يىگىتكە:

— ھەي يىگىت! ئۆز ئەھۋالىڭنى ماڭا تارتىنماي ئېنىق سۆزلەپ بەر، — دەپتۇ.

يىگىت مال - مۈلكىدىن ئايرىلىپ قېلىپ، ئىلاجىسىز قالغانلىقىنى ئېيتىپتۇ.

— غەيرەتلىك بول، يىگىت، — دەپتۇ ئۇنىڭغا مەدەت بېرىپ قېيىقچى، — سېنى بۇ دەجلە دەرياسىنىڭ ئۇ چەت قىرغىقىغا ئۆتكۈزۈپ قويىمەن، ئۇ يەردە خۇدا ئىشىڭنى ئوڭلاپ قويسا ئەجەب ئەمەس، — دەپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن قېيىقچى ئۇنى دەريانىڭ ئۇ تەرىپىگە ئۆتكۈزۈپ قويۇپتۇ. يىگىت ئۇ يەردىن شەھەرگە قاراپ مېڭىپتۇ ۋە بىر ئازدىن كېيىن بىر مەسچىتنىڭ ئالدىغا بېرىپ قاپتۇ. بۇ يەرگە تۈمەنلىگەن ئادەملەر يىغىلغانىكەن. يىگىت ئۇدۇللا مەسچىتنىڭ ئىچىگە كىرىپتۇ. خەلق بۇ يەرگە خەلىپىنىڭ ھەرىمدىكىلەردىن بىرسىنى ساراي خىزمەتچىسىگە نىكاھ قىلىش مۇناسىۋىتى بىلەن يىغىلىشقانىكەن. نىكاھ مۇراسىمى تۈگىگەندىن كېيىن خىزمەتچىلەر ئوتتۇرىغا چىقىپ، ئالدىنقى قاتاردا ئولتۇرغانلارغا بىر تاۋاقتىن تىللا تارقىتىپ بېرىپتۇ. تاۋاقلارغا مۈشكى ئەنبەر سېپىلگەنىكەن. لېكىن يىگىتكە ھېچكىم كۆز قىرىنىمۇ سالماپتۇ. خىزمەتكارلاردىن بىرى بۇ ئەھۋالنى خەلىپىگە مەلۇم قىلىپتۇ:

— ئىماملار ۋە ئۆلىمالار ئارىسىدا توي سوغىتىغا لايىق بىر يىگىت ئولتۇرىدۇ، — دەپتۇ.

— ھە، ئۇنىڭ ئىسمى تىزىملىككە كىرگۈزۈلمىگەنمىكەن؟ — دەپ سوراپتۇ مەئمۇن ①.

— ھەئە، — دەپتۇ خىزمەتكار، — كىرگۈزۈلمىگەنىكەن. چۈنكى تىزىملىك توشۇپ قالغانىكەن.

— قېنى، ئۇنىڭدىن سوراپ بېقىڭلارچۇ، - دەپتۇ مەئمۇن خىزمەتكارغا، — پادىشاھ ۋە خەلىپىلەرنىڭ سارىيىغا چاقىرىلمىغان ئادەمنىڭ كىرىشى مۇمكىن ئەمەسلىكىنى بىلەمدىكەن؟

يىگىت ئۇ خىزمەتكارغا دەپتۇ:

— ياق، ئۇقمايدىكەنمەن. بۇرۇن بۇنداق ئىشنى كۆرۈپمۇ باقماپتىمەن.

مەئمۇن ئۇنى يېنىغا چاقىرتىۋېلىپ:

— سېنى بۇ يەرگە بىرەرسى چاقىرغانمىدى؟ — دەپتۇ.

— ياق، ئۇلارنى

① مەئمۇن — ھارۇن رەشىدنىڭ ئىرانلىق كەنىزەكىدىن بولغان ئوغلى. ئۇ ئاتىسىدىن كېيىن تەختكە ۋارىسلىق قىلغان ۋە مىلادى 813 - يىلدىن 833 - يىللىرىغىچە ھۆكۈمرانلىق قىلغان، ئىلىم - پەنگە ھامىيلىق بىلەن شۆھرەت قازانغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

چاقىرىشقانىكەن، — دەپتۇ يىگىت تويلۇق سوغاتتىن بەھرىمەن بولغانلارنى كۆرسىتىپ.

— بىزنىڭ خىزمەتكارلىرىمىزنى كۆرمىدىڭمۇ؟ دەپ سوراپتۇ خەلىپە.

— ھە، ئۆزلىرىنىڭ خىزمەتچى خادىملىرىنى كۆردۈم، سارايلىرىغا كىرىش ماڭىمۇ نەسىپ بولغانىكەن، كىرىپ قاپتىمەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ يىگىت.

يىگىتنىڭ دادىللىقى ۋە ساپدىللىقى خەلىپىگە يېقىپ قاپتۇ.

— بۇ يىگىتنىمۇ ئالاھىدە مېھمانلار تىزىملىكىگە تىركەپ قويۇڭلار، — دەپ بۇيرۇپتۇ ئۇ خىزمەتكارغا.

## كەررۇخلىق [1] دەللال

كەررۇخلىق بىر دەللال تۆۋەندىكى ھېكايەتنى سۆزلەپ بەرگەنىكەن: ماڭا تونۇش بىر سودىگەر ھەر يىلى خۇراسانغا كېلىپ، نۇرغۇن رەختلەرنى ئېلىپ، باغدادقا ئېلىپ كېتەتتى. مەن ئۇنىڭ ئېلىپ كەلگەن ماللىرىنى سېتىپ پۇل قىلىپ، ئۇنىڭغا كېرەك ماللىرىنى ئېلىپ بېرەتتىم ۋە ئىشىم بىلەن بىر قىش يېتىپ يېگۈدەك دارامەتكە ئىگە بولۇپ قالاتتىم. نېمىشقىدۇر ئۇ كېيىنكى يىلى كەلمىدى. بۇنىڭ بىلەن مېنىڭ تىرىكچىلىكىمگە نۇقسان يەتتى. ئەھۋالىم ئېغىرلاشتى. ئۆيدە ئىشسىز ئولتۇرۇپ قالدىم. بىر كۈنى كوچىغا چىقىپ، بېشىم قايغان تەرەپكە قاراپ ماڭدىم. كۈن ناھايىتى ئىسسىق ئىدى. دەجلە دەرياسىنىڭ بويىغا باردىم ۋە ئۇ يەردە بىرەر سائەتچە ئايلىنىپ يۈردۈم. قايتىشىمدا دەريانىڭ قىرغىقىنى ياقىلاپ ماڭدىم. ئۇ يەر قۇملۇق ئىدى. كېتىۋېتىپ بىر پۇتۇم تۇيۇقسىز قۇمغا تىزىمغىچە دېگۈدەك كىرىپلا كەتتى. پۇتۇمغا بىر نەرسە ئېلىنغاندەك قىلدى. پۇتۇمنى تەستە تارتىپ چىقاردىم. قارىسام پۇتۇمنىڭ بارمىقىغا بىر نەرسە ئىلىنىشىپ چىقتى. ئۇنى ئېلىپ قارىسام لىق ئالتۇن پۇل قاچىلانغان خالتا ئىكەن. يۈگۈرگىنىمچە ئۆيگە قايتىپ كەلدىم، — دە، ھاپىلا — شاپىلا خالتىنى ئاچتىم. ئىچىدىن مىڭ دىنار ئاقچا چىقتى. مەن ئۆزۈمدىن ئۆزۈمگە: «پەقىر ۋە كەمبەغەللىكىم ئۆزۈمگە مەلۇم. بۇ ئالتۇنلارنى ياخشىسى خەجلىۋەتمەي، يوشۇرۇپ قوياي، ئىگىسى تېپىلىپ قالغۇدەك بولسا، قولىغا تاپشۇرۇپ بېرەي، بولمىسا...» ئارىدىن يەتتە يىل ئۆتتى. ئىگىسى تېپىلمىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئالتۇنلارنى دەسمايە قىلىپ، ئوقەت قىلدىم ۋە بېيىپمۇ كەتتىم. دەسمايەم يۈزمىڭ دىناردىن ئېشىپ كەتتى. بىر كۈنى دۇكىنىمنىڭ ئالدىدا ئولتۇراتتىم. كۆرۈنۈشىدىن بىر مۇساپىر غېرىپقا ئوخشايدىغان، لېكىن غەلىتىرەك بىر ئادەم ئالدىمدىن ئۆتتى. ئۇ ئۆزىچىلا

① كەررۇخ — ھىرات ئەتراپىدىكى رايونلاردىن بىرى، ھىراتنىڭ شەرقىي شىمالى تەرىپىگە جايلاشقان.

توختاپ، ماڭا سالام بەردى. «سەدىقە تىلەۋاتقان بولسا كېرەك»، دەپ ئويلىدىم ۋە بىرەر نەرسە بېرىشنى نىيەت قىلدىم. ئۇ ئادەم ماڭا تازا تىكىلىپ قارىدى ـ دە، ئاندىن ئۆز يولىغا قاراپ ماڭدى. مېنىڭ يۈرىكىم گۈپۈلدەپ سېلىشقا باشلىدى، كۆڭلۈم «تېزراق بول، ئۇنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ ماڭ!» دەپ ئالدىراتقاندەك قىلاتتى. شۇڭا ئۇنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ ماڭدىم، ئۇنى توختاتتىم. دىققەت قىلىپ قارىسام ھېلىقى مەن ئۇنىڭدىن كۆپ نەپ ئالغان باغدادلىق سودىگەر ئىكەن. ئۇنى تونۇپ، قۇچاقلىدىم، يۈزلىرىگە سۆيۈپ، ئۇنى دەرھال ھامامغا ئېلىپ باردىم ۋە يۇيۇندۇرۇپ، بىر قۇر كىيىم كېچەك ئېلىپ بېرىپ، ئۈستى ـ بېشىنى يەڭگۈشلىدىم، ئاندىن قورسىقىنى تويغۇزۇپ ھال ـ ئەھۋالىنى سورىدىم.

ئۇ ماڭا مۇنۇ ئىشلارنى ھېكايە قىلىپ بەردى: كۆپ يىل يۇرتمۇ ـ يۇرت كېزىپ يۈردۈم. بىر كۈنى ۋىلايەت ھاكىمى مېنى چاقىرتىپ دېدى: «بىر دانە قىممەتباھالىق ياقۇتۇم بار. شۇنى بېرەي، باغدادقا ئاپىرىپ سېتىپ، پۇلىغا لازىملىق ماللارنى ئېلىپ كەل». ئاشۇ ياقۇتنى ئېلىپ، پۇل قاپچۇقۇمغا مەھكەم سالدىم، ئۈستىگە مىڭ دىنار ئاقچىمۇ سېلىپ، باغدادقا كەلدىم. ھاۋا بەكمۇ ئىسسىق ئىدى. دەجلە دەرياسىغا بېرىپ چۆمۈلدۈم. ۋاي ئىست! پۇل قاپچۇقىنى ئاشۇ سۇغا چۈشكەن دەريا بويىدا ئۇنتۇپ قاپتىمەن. ئارىدىن بىرەر سائەتچە ۋاقىت ئۆتۈپ يېنىمغا قارىسام قاپچۇق يوق. ھودۇققىنىمچە ئاشۇ سۇغا چۆمۈلگەن يەرگە باردىم. كۆپ ئىزدىدىم. لېكىن ئۇنى تاپالمىدىم. شۇنىڭدىن كېيىن ئۆز ـ ئۆزۈمگە: «ياقۇت ھەرقانچە بولسا ئۈچ مىڭ دىنار بولار، بار بىساتىمنى سېتىپ، ياقۇتنىڭ ئىگىسىگە پۇلىنى تۆلىۋېتەرمەن» دېگەننى كۆڭلۈمگە پۈكتۈم. مەن يۇرتۇمغا كېلىپلا ھاكىمنىڭ ئالدىغا باردىم. ۋە بولغان ئەھۋالنى ئۇنىڭغا ئەينەن دېدىم. باغداددىن ئېلىپ كەلگەن ماللىرىمدىن خالىغىنىنى بەردىم. لېكىن ئۇ بىرلا گېپىدە تۇرۇۋېلا ئالدى.

— ياقۇتنىڭ قىممىتى ئەللىك مىڭ دىنارغا يارايدۇ. شۇڭا سەن يا ئەللىك مىڭ دىنار تۆلە، بولمىسا ياقۇتنى قايتۇرۇپ بەر، — دېدى ـ دە، شۇئانلا مېنى قاماپ قويدى. مال ـ مۈلكۈمنىمۇ تارتىۋالدى. شۇنىڭ بىلەن يەتتە يىل قاماقتا ياتتىم. شەھەر ئۆلىمالىرىنىڭ كېپىللىكى بىلەن مېنى قاماقتىن ئازاد قىلدى. لېكىن بەربىر دوست ـ دۈشمىنىمنىڭ تاپا ـ تەنىسىگە چىداپ تۇرالمىدىم، شەھەردىن چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر بولدۇم. بىردىن ـ بىر تىلىكىم سېنى ئۇچرىتىش ئىدى، مانا خۇداغا شۈكرى، مۇرادىمغىمۇ يەتتىم.

— بىرەر تىرىكچىلىك يولى ھەققىدە مەسلىھەتلىشىۋالساق، — دېدىم ئۇنىڭغا.

ئۇ مەسلىھەتىمنى لايىق تاپتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

— تەڭرىم سىزنىڭ ساپ ئېتىقادىڭىزنى ئېتىبارغا ئېلىپ، يوقاتقان مال - مۈلكىڭىزنىڭ بىر قىسمىنى ئۆزۈڭگە قايتۇرۇپ بېرىدىغان بولدى - دېدىم ئۇنىڭغا.

— قاندىقىسىغا؟ — ھەيران بولدى ئۇ.

— بۇنىڭدىن توپمۇ - توغرا يەتتە يىل بۇرۇن، مەن ئاشۇ يەردىن سەن دەۋاتقان نەق ئاشۇ خالتىنى تېپىۋالغانىدىم. ئىچىدە مىڭ دىنار ئاقچا بار ئىكەن. ئۇنى ئامانەت سۈپىتىدە ساقلاپ قويغانىدىم. ئۇ پۇل مانا ھازىرغىچە يېنىمدا، مە، ئال. خىراجىتىڭگە ئىشلەت - دېدىم.

مىڭ دىنارنى ئۇنىڭغا ساناپ بەردىم.

— خالتىسى قېنى، ئۇمۇ يېنىڭدا بارمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— ھەئە، يېنىمدا بار.

— ئۇنى ئەكەل.

خالتىنى يانچۇقىمدىن چىقىرىپ ئۇنىڭغا بەردىم. ئۇ بۇ خالتىنى ئالغىنىچە ئۇنىڭ ئاستىنى سۆكتى ۋە بىر دانە رومماني[1] ياقۇتنى تاپتى. ئۇنىڭدىن چېچىلغان نۇر بىلەن دۇكان ئىچى يورۇپ كەتتى. ئۇ ياقۇتنى كۆرۈشى بىلەن ھوشىدىن كەتتى، بىرەر سائەتتىن كېيىن ھوشىغا كەلدى ۋە قوللىرىنى ئېچىپ، خۇدانىڭ چەكسىز مەرھەمىتىگە دۇئا قىلدى. ياقۇتنى يان قاپچۇقىغا سالدى - دە، ھېلىقى مىڭ دىنار پۇلنى مېنىڭ ئالدىمغا قويدى: «بۇنى ئالمايمەن»، دەپ تۇرۇۋېلىپ ئالدى. نۇرغۇن ھۇزۇرخاھلىقلاردىن كېيىن، ئۇ پۇلدىن ئۈچ يۈز دىنارنى تەستە ئالدى، قالغىنىنى ماڭا قالدۇرۇپ كەتتى.

## ئۈچ ئاكا - ئۇكا

سەرەخسلىك[2] سەئىد ئىبنى ناسىر دېگەن ئادەمنىڭ ئۈچ ئوغلى باريكەن. چوڭىنىڭ ئىسمى ئەۋىن، ئوتتۇرانچىسىنىڭ سۇلەمە، كىچىكىنىڭ ئىبراھىم ئىكەن. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئىبراھىم ھەممىسىدىن باي ئىكەن. ئەۋىننىڭمۇ قول ئىلكىدە خېلى مال - دۇنياسى بار بولۇپ، سۇلەمە ئەڭ كەمبەغەل - كۆكنامرات ئىكەن. ئۇنىڭ بارغانچە بالا - چاقىسى كۆپىيىپ، جان باقمىقى تەس كۈنگە قاپتۇ. ئۇ ئىلاج قىلالماي، ئاكىسى ئەۋىنگە ئۆز ھالىنى ئېيتىپ:

— ئاكا، ئىنىم ئىبراھىم ئۆز ئالدىغا خاتىرجەم، باياشات كۈن كۆرۈپ ئۆتۈۋاتىدۇ. مۇبادا ئۇ مېنى ئۆز خىزمىتىگە قوبۇل قىلىپ، ياتلارغا قانداق ئىش ھەققى بەرسە، ماڭىمۇ شۇنىلا بەرسە، شۇنىڭغا رازى بولۇپ، ياخشى ئىشلەپ، خىزمىتىنى قىلىپ، مەنمۇ كۈنۈمنى خاتىرجەم

① قىزىل ياقۇتنىڭ ئالى سورتى.
② ئامۇ دەرياسىنىڭ سول قىرغىقىغا جايلاشقان، خوراساننى قاراشلىق ۋىلايەت.

ئۆتكۈزەر ئىدىم، — دەپتۇ. ئەۋىن ئىنىسى سۇلەمەننىڭ ئىلتىماسىنى ئىبراھىمغا يەتكۈزۈپتۇ. ئىبراھىم ئۇنىڭ تەلىپىنى قوبۇل قىلىپ، ئۆز خىزمىتىگە ئاپتۇ. سۇلەمە بۇ يەردە جان - دىل بىلەن بېرىلىپ ئىشلەپتۇ.

بىر كۈنى ئەۋىن خەلىپە مۇتەۋەككىلنىڭ[1] نايىبى (ئورۇن باسارى) ئەمىر يۇسۇپ بىلەن ئۇچرىشىپ قاپتۇ. گەپ ئارىسىدا ئەمىر يۇسۇپ «ماڭا بىر توغرا نىيەتلىك - ھالال خىزمەتكار لازىم. بولۇپ قالدى»، دەپتۇ.

— مېنىڭ بىرسىنىڭ ئامانىتىگە خىيانەت قىلمايدىغان بىر ئىنىم بار، — دەپتۇ ئۇنىڭغا.

— ئۇنداق بولسا، ئۇنى مېنىڭ قېشىمغا ئېلىپ بار!— دەپتۇ ئەمىر يۇسۇپ.

ئەۋىن سۇلەمەنى ئەمىر يۇسۇپنىڭ ھوزۇرىغا ئېلىپ بېرىپتۇ. ئەمىر ئۇنىڭغا ئىلتىپات قىلىپ، كىچىكرەك بىر خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپتۇ. ئەمىر يۇسۇپ پۇلنى ئايماي خىراجەت قىلار ئىكەن. ھېساب - كىتاب بىلەنمۇ كارى بولمايدىكەن. كۆپ ئۆتمەي كىرىم - چىقىم ئىشلىرىنى سۇلەمەنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن چىقىم تېجىلىپ، كىرىم ئېشىشقا باشلاپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئەمىر يۇسۇپنىڭ سۇلەمەگە مېھرى ئېشىپ، ئۇنىڭ مەنسەب دەرىجىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپتۇ.

سۇلەمە ئەنە شۇنداق سادىقلىق بىلەن ئەمىر يۇسۇپنىڭ خىزمىتىنى كۆپ يىللار قىپتۇ. كۆپلىگەن چارە - تەدبىرلەرنى كۆرسىتىپتۇ. ئەمىر يۇسۇپنىڭ ئۇنىڭغا بولغا ئىززەت - ھۆرمىتى ۋە ئېتىقادى بارغانچە ئۆرلەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭمۇ تۇرمۇشى ياخشىلىنىپ، خېلى بېيىپ قاپتۇ. مەرتىۋىسىمۇ يۇقىرى ئۆرلەپتۇ.

بىر كۈنى مۇتەۋەككىل ئەمىر يۇسۇپ بىلەن سۆھبەتلىشىپ ئولتۇرۇپ:

— پەرزەنتلىرىمنىڭ كېلەچىكىنى ئويلاپ قالدىم. ئۇلارغا تېگىشلىك مىراسلىرىنى بۆلۈپ بېرىپ، بىرەر ئىشەنچلىك ئادەمنى مەسئۇل قىلىپ تايىنىپلا قويسام دېگەن ئويغا كېلىپ قالدىم، — دەپتۇ.

ئەمىر يۇسۇپ ئورنىدىن تۇرۇپ قول قوشتۇرۇپ:

— قۇللىرىنىڭ ئىشەنچلىك ۋە سادىق بىر ئادىمى بار، - دەپتۇ ئۇ خەلىپىگە.

ئەمىر يۇسۇپ خەلىپىگە سۇلەمەنى تەرىپ - تۆسۇپلەپ بېرىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنى مۇتەۋەككىلنىڭ خىزمىتىگە يۆتكەپتۇ. مۇتەۋەككىلنىڭ ئەللىك نەپەر ئوغلى ۋە ئەللىك قىزى بارىكەن. ئوغۇللىرىدىن ھەر بىرىگە ئۈچ يۈز مىڭ دەرھەمدىن، قىزلىرىنىڭ ھەر

① مۇتەۋەككىل — ئابباسىلار سۇلالىسىگە تەۋە خەلىپە (847 — 861).

بىرىگە بىر يۈز ئەللىك مىڭ دەرھەمدىن مىراس بولۇپتۇ. ئۇلارنىڭ خوجىلىق ئىشلىرىنى باشقۇرۇش سولەمەگە تاپشۇرۇپتۇ.

## ھەسەتخورنىڭ جازاسى

«خۇلۇقول ـ ئىنسان» دېگەن كىتابتا مۇنداق دېيىلگەنكەن: بىر ھەسەتخور ئۆتكەنكەن. ئۇنىڭ بىر مۆمىن ۋە ئەقىدار قوشنىسى باركەن. ھەسەتخور ئۇ قوشنىسىنى كۆرەلمەيدىكەن، لېكىن نېمىشقىدۇر ئۇنىڭ ھەسەت ئوقى قوشنىسىنى نىشانغا ئالالمايدىكەن. ئۇ ئاخىرى ئۆزىنىڭ خىزمەتكارىنى ئالداپ سالداپ ئىشقا سايتۇ.

ــ بىلىپ قوي، ــ دەپتۇ ئۇ بىرك كۈنى خىزمەتكارىغا، ــ خوشنام تولمۇ چىشىمغا تەگدى، ئۇنىڭغا بىرەر زىيان ــ زەخمەت يەتكۈزۈش ئۈچۈن كۆپ ئۇرۇندۇم، لېكىن ھېچ نەتىجە چىقمىدى. ئۇنىڭ دەستىدىن خاتىرجەملىكىمنى يوقاتتىم. تۇرمۇشۇم تۇرمۇشقا ئوخشىماي قالدى. سەن مېنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇنىڭ قوراسىغا ئېلىپ چىقىپ قوي. ئەتە ئەتىگەن خەلقلەر مېنى ئۇنىڭ ھويلىسىدا كۆرىشىدۇ. ئەنە شۇ چاغدا ئۇ پالاكەتكە قالىدۇ. مال ـ دۇنياسىدىن ئايرىلىدۇ. شۇ خىزمىتىڭ ئۈچۈن سېنى تولۇق ئازاد قىلىمەن. ئازاد بولغانلىقىڭ ھەققىدە ئىسپات خېتىنىمۇ يېزىپ بېرىمەن. ئەللىك دىنار پۇلمۇ بېرىمەن، كېيىن بۇ شەھەرنى تاشلاپ باشقا شەھەردىن ماكان تۇتقىن.

خىزمەتكارى دەپتۇ:

ــ ئەي، غوجام! ئەقىللىق ئادەم بۇنداق ئىش قىلمايدۇ. ئۇنىڭغا شۇنچە ھەسەت ـ ئۆچمەنلىك قىلىپ نېمە تاپىسەن؟

لېكىن خىزمەتكارنىڭ گەپلىرى ئۇنىڭغا تەسىر قىلماپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئاچچىقى كېلىپ، خوجايىنىنىڭ بېشىنى شارتتىدە كېسىپ ئاپتۇ ۋە قوشنىسىنىڭ ھويلىسىغا تاشلاپتۇ. ئەتىسى ئۇ بۇ شەھەرنى تاشلاپ ئىسپاھان دېگەن شەھەرگە قېچىپ كېتىپتۇ. قوشنىسىنى بولسا، قاتىللىقتا ئەيىپلەپ، ئۇنى ھەبسىگە ئاپتۇ. لېكىن كۆپ ئۆتمەي، ياخشى ئادەملەرنىڭ كېپىللىك بىلەن ئاقلىنىپ ئازاد قىلىنىپتۇ.

## ھەسەتنىڭ ئاقىۋىتى

ئۇلۇغ بىر پادىشاھنىڭ ئەبۇ تەمەم دېگەن بىر پەزىلەتلىك ۋە دانا ۋەزىرى بولغانىكەن. پادىشاھنىڭ يېقىن مۇلازىملىرى ئۇنىڭغا ھەسەت قىلىپ، ئۇنىڭ مال مۈلكىگە ۋە ئۆزىگە قەست قىلىشىپتۇ. ۋەزىرنىڭ ھاياتى خەۋپ ئاستىدا قالغانلىقتىن، بىر كۈنى كېچىسى پەيت كۈتۈپ، ئۆز

مال - مۆلكىدىن ئۆزى
كۆتۈرەلىگۈدەك ئېلىپ، ئۇ شەھەردىن
قېچىپ چىقىپتۇ. ئۇزۇن يول
بېسىپ، ئالان دېگەن مەملىكەتكە
بېرىپ قاپتۇ. بىر تاغنىڭ يانباغرىغا
چېدىر تىكىپ، شۇ يەرنى ماكان
تۇتۇپ ئورۇنلىشىپتۇ. بارا - بارا
ئۇنىڭغا ئالان مەملىكىتىنىڭ ھاۋاسى
يېقىپ قاپتۇ. سۇزۇك سۇلىرى
يېقىپتۇ. ئادەملىرى بىلەن چىقىشىپ
كېتىپتۇ. ئارىدىن كۆپ ئۆتمەي، ئەبۇ
تەمەمنىڭ تەرىپى ئۇ شەھەرگىمۇ
تارقىلىپتۇ. بۇنىڭدىن ئالان پادىشاھى
خەۋەر تېپىپتۇ.

— يۇرتىمىزدا ئۇلۇغ بىر زات
پەيدا بولدى، — دېگەن خەۋەرنى
يەتكۈزۈشۈپتۇ.

پادىشاھ ئەبۇ — تەمەمنى ئوردىغا
چاقىرتىپتۇ. بۇرۇن پادىشاھلار
خىزمىتىنى كۆپ ئىشلىگەنلىكى
ئۈچۈن ھېچقانداق ئەندىشە قىلىپ
كەتمەيلا ئوردىغا بېرىپتۇ. ئالان
پادىشاھى ئۇنى ياخشى كۈتۈۋاپتۇ ۋە
ھال - ئەھۋال سوراپتۇ. ئاندىن ئۇنى
ئوردا خىزمىتىگە تەكلىپ قىلىپتۇ.

ئەبۇ تەمەمنىڭ مەقسىتىمۇ شۇ
ئىكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن ئالان
پادىشاھلىقىنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل
قىپتۇ. پادىشاھ ئۇنىڭغا تۆرلۈك
ۋەزىپىلەرنى تاپشۇرۇپ، ئابرۇي
ئىناۋىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپتۇ.
شۇنداقلا ئۇنىڭ بىلەن كېڭەشمەي،
ئىش قىلمايدىغان بولۇپتۇ.

بىر كۈنى ئەبۇ تەمەم پادىشاھقا
ئەرز قىلىپتۇ:

— مەن بىر بىچارە ئادەم. سىلى
بولسىلا، ھەزرىتى ئالىلىرى، مەندەك
بىر ئادەمگە ھەددىدىن ئارتۇق
ئىلتىپات قىلىۋاتىلا. باشقىلار بۇنىڭغا
ھەسەت قىلىپ، ئاخىرىدا ئاداۋەتچىلەر
ئارىسىدا قالارمەنمىكىن، دەپ
قورقىمەن.

— ئۇلارنىڭ سۆزلىرىگە قۇلاق
سالمايلى، — دەپتۇ پادىشاھ.

ئەبۇ تەمەم بۇنىڭ بىلەن
خاتىرجەم بولۇپتۇ. ۋە خىزمىتىنى
ئىشلەۋېرىپتۇ. پادىشاھ بولسا ئۇنىڭغا
تولىمۇ مۇلايىم ۋە مەرھەمەتلىك
مۇئامىلىدە بولۇپتۇ. بىر مەزگىل
ئۆتكەندىن كېيىن ئوردىدا مۇشەييىر
دەيدىغان بىر ئادەم پەيدا بولۇپتۇ.
پادىشاھنىڭ تۆرت ۋەزىرى بولۇپ،
مۇشەييىر ئۇلارغا باشلىق ئىكەن.
مۇشەييىر ئەبۇ تەمەمگە ھەسەت
قىلىشقا باشلاپتۇ. پادىشاھ بولسا
تامامەن ئەبۇ تەمەمنىڭ ئاغزىغا
قارايدىكەن. بۇنى كۆرۈپ
مۇشەييىرنىڭ قالتىس غەزىپى
ئۆرلەپتۇ. ئاخىرى ئۇ ۋەزىرلەر بىلەن
گەپنى بىر قىلىپ، ئەبۇ تەمەمنى
غۇلۇتۇشقا قارار قىلىشىپتۇ.

تۈركىستان خانىنىڭ گۈزەل ھەم
ئەقىللىق بىر قىزى باركەن.
ئەتراپتىكى كۆپلىگەن پادىشا،
خانلىقلار ئۇنىڭغا كۆپ قېتىم
ئەلچىلەر كىرگۈزۈشكەنىكەن، لېكىن
ھېچقايسىسى مەقسىتىگە
يېتىشەلمەي، ئوتتۇرىدا كۆپلىگەن
ئەلچىلەرنىڭ بېشى كېسىلگەنىكەن.
مۇشەييىر ۋە ئۇنىڭ قوللىغۇچىلىرى
بۇ قىزنىڭ بۇنداق ئەھۋالىدىن
پايدىلانماقچى بولۇشۇپ، پۇرسەت

تېپىپ، پادىشاھقا تۈركىستان خانىنىڭ قىزى توغرىلىق گەپ قىلىشىپتۇ ۋە ئاستا - ئاستا پادىشاھنىڭ كۆڭلىنى رام قىلىشىپتۇ. كۆپ ئۆتمەي پادىشاھ ئۇ گۈزەل مەلىكىنىڭ ئىشقىدا بىقارار بولۇپ قاپتۇ. ۋەزىرلەرنى چاقىرىپ بۇ ھەقتە مەسلىھەت ئۆتكۈزۈشۈپتۇ.

— بۇ كۆڭۈل ئارزۇيۇمنىڭ ھەل بولۇشى ۋە ئاشۇ مەھبۇبەمنىڭ ۋىسالىغا يېتىشىمنىڭ قانداق چارە - تەدبىرلىرى باردۇر؟ — دەپ سوراپتۇ پادىشا.

ۋەزىرلەر بىر ئېغىزدىن:

— تۈركىستان خانىنىڭ ئالدىغا ئەلچى ئەۋەتىپ، قىزىنى سورىتىڭ. ئېھتىمال رازىلىق بېرەر. بىز ئويلايمىزكى، تۈركىستان خانى ئالان پادىشاھى بىلەن قۇدا بولۇشتەك شەرەپتىن خوش بولغۇسى، غايىبتىن كەلگەن بۇ بەختنى غەنىمەت بىلىپ، قىزىنى بېرىشكە رازى بولار.

— ئەلچىلىككە كىم لايىق كېلەر؟ — دەپ سوراپتۇ پادىشاھ.

— بۇ ئىشتا ھېچكىم ئەبۇ تەمەمنىڭ ئالدىغا ئۆتەلمەيدۇ، — دەپتۇ ۋەزىرلەر بىردەك، — ئۇ كىشى پادىشاھلارنىڭ خىزمىتىدە كۆپ بولغان، ئەدەب ۋە مۇئامىلە يولىنى ياخشى بىلىدۇ.

بۇ پىكىر پادىشاھقا يېقىپتۇ. ئەبۇ تەمەمنى چاقىرىپ، ئۇنىڭغا ئۆز مەقسىتىنى دەپتۇ. ئەبۇ تەمەم تازىم بىلەن دەپتۇ:

— جېنىم پادىشاھقا پىدا بولغاي، شاھىمنىڭ ئەمىر - پەرمانلىرىنى باش ئۈستىگە قويۇپ ئورۇندايمەن.

پادىشاھنىڭ ئەمرى بىلەن سەپەر جابدۇقلىرى تەييارلىنىپتۇ. ئەبۇ تەمەمنى زور سوغاتلار بىلەن تۈركىستان خانىنىڭ ئالدىغا يولغا ساپتۇ.

تۈركىستان خانى ئۇنى ئىززەت - ئىكرام بىلەن كۈتۈۋاپتۇ. ئۇنىڭ شەرىپىگە كاتتا زىياپەت بېرىپتۇ، زىياپەت ئۈستىدە ئۇنىڭغا خان ئۆز يېنىدىن ئورۇن بېرىپتۇ. ئەبۇ تەمەم ئۆز پادىشاھىنىڭ سوغا - سالاملىرىنى تاپشۇرۇپتۇ. ئاندىن كېيىن ئۆزىنىڭ كېلىش مۇددىئاسى ھەققىدە سۆز ئېچىپتۇ.

— مېنىڭ ئۈچۈن ئالان پادىشاھى بىلەن قۇدا بولۇش شەرىپىگە ئىگە بولۇشتىن ئارتۇق بەخت بارمۇ؟ — دەپتۇ خان. — ئۇ بىر ئۇلۇغ پادىشاھ، مەملىكىتى بىپايان. بىز رازى، لېكىن بىزنىڭ بىر ئادىتىمىز بار. ئەتە ئەتىگەندە بېرىپ قىزنى ئۆز كۆزۈڭ بىلەن كۆر، ئاندىن ئۆزۈڭ كېڭىشىپ، بىر نېمە دېگىن، مۇبادا شاھىڭغا لايىق كۆرسەڭ، ئاندىن دۇئايىمىزنى بېرەيلى، ياقمىسا، ئىلاجىمىز يوق. كېيىن پۇشايمان ۋە نادامەتكە ئورۇن قالمىغاي.

ئەبۇ تەمەم تازىم بىلەن دەپتۇ:

— ئۇ كەرىمە ئۆزلىرىنىڭ پۇشتى كەمەرلىرىدىن پەيدا بولغانلىقى ئۈچۈن، خان ئەۋلادى. مەن ئۆز پادىشاھىمغا خىزمەتكارمەن، ئۆزلىرىنىڭ ھەرەملىرىگە مۇناسىپ ئەمەس. شۇنداق بولغاچقا ئۇنىڭ قېشىغا كىرىش ئۇياقتا تۇرسۇن،

ھەتتا ئۇ تۇرغان ئۆينىڭ سايىسىگە نەزەر سېلىشمۇ زور گۇناھ ھېسابلىنىدۇ.

خان ئەبۇ تەمەمنىڭ ئەقىل - پاراستى، ئەخلاقۇ - ئەدەب، قائىدە - يۇسۇنلىرىغا قايىل قاپتۇ.

— خۇداغا شۈكرى، پادشاھىمىزنىڭ ئۆمرى ئۇزۇن بولسۇن، سىنىڭدەك ئەدەپلىك خىزمەتكارنى تەربىيىلەپتۇ. ھەقىقى سىرىمنى ساڭا دەي، سەندىن بۇرۇن كەلگەن ئەلچىلەر مېنىڭ بۇ سىنىقىمدىن ئۆتىشەلمىدى. مەلىكىنى كۆرۈشكە رازى بولۇشۇپ، بېشىدىن ئايرىلىپ قېلىشتى. سېنىڭدە بۇنچىلىك ئەدەب ۋە ھۆرمەت نەمۇنىلىرىنى كۆرۈپ، پادشاھىڭمۇ ئەقىللىق ئادەم ئىكەنلىكىنى بىلدىم، — دەپتۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن ئۆلىمالار ۋە قازىنى چاقىرتۇرۇپ مەلىكە بىلەن ئالان پادشاھنىڭ نىكاھىغا پاتىھە بېرىشىپتۇ. ئەبۇ تەمەم مەلىكىنى ئالانغا ئېلىپ كەپتۇ...

پادشاھ بىلەن ئەبۇ تەمەمنىڭ ئۆزئارا يېقىنلىقى تېخىمۇ كۈچىيىپتۇ. ۋەزىرلەر بۇنى كۆرۈپ ئەنسىرەشكە باشلاپتۇ. شۇنداقتىمۇ ئۇلار يەنە بىر يېڭى ھىيلە - نەيرەڭنى ئويلاپ تېپىشىپتۇ. پادشاھنىڭ پۇتلىرىنى ئۇۋىلاپ، تۇتۇپ قويىدىغان ئىككى نەپەر تۇرك غۇلامى (خىزمەتكارى) بارىكەن. ۋەزىرلەر ئۇلارنى ئىشقا ساپتۇ. «ئەبۇ تەمەم ئەسلىدە تۇركىستان خانىنىڭ قىزىغا ئۆزى ئاشىق بولۇپ قاپتىكەن» دېگەن گەپنى ئۆگىتىپتۇ. غۇلاملار بىر كۈنى كەچقۇرۇن پادشاھنىڭ پۇتىنى ئۇۋۇلاپ تۇتۇشۇۋېتىپ، پادشاھقا مۇنۇ سۆزنى ئاشكارە قىلىپتۇ:

— ھەي ئاغىنە، — دەپتۇ غۇلاملاردىن بىرى شېرىكىگە، — ئاڭلىدىڭمۇ ئاۋۇ تۇزكور ئەبۇ تەمەم شاھىمىزنىڭ ھالال جۈپتىگە خىيانەت قىپتۇ. يېقىندا ئۇ بىر ئادەمگە دەپتۇ: «ئەگەر تۇركىستان ھاكىمىنىڭ قىزى مېنىڭ بىلەن دوستلىشىپ قالمىغان بولسا، ھەرگىز يۇرتىنى تاشلاپ بۇ يەرلەرگە كەلمىگەن بولارىدى؟».

پادشاھ بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ غەزەپلىنىپتۇ ۋە ئۆزىگە ئۆزى: «مۇبادا بۇ گەپلەرنى مەنسەپدارلىرىمدىن ئاڭلىغان بولسام، ھەسەتخورلۇقتىن تاپقان گەپ دەپ قوياتتىم. غۇلاملارنىڭ ئەبۇ تەمەمگە قانداق ھەسەت - ئۆچمەنلىكى بولۇشى مۇمكىن؟» دەپتۇ. پادشاھ كېچىچە كىرپىك قاتماي قىينىلىپ چىقىپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئەتىگەندە ئەبۇ تەمەمنى چاقىرىپتۇ:

— ئەگەر پادشاھ بىرەر كىشىنىڭ بېشىنى سىلىسا، تۈرلۈك ئىنئاملار بىلەن تەقدىرلەپ، تەربىيىلىسە، مەرتىۋىسىنى ئۆستۈرسە، ئەمما ئۇ ئادەم ئۆزىگە غەمخورلۇق قىلغۇچىنىڭ ھەققى - ھۆرمىتىگە خىيانەت قىلىپ، ئۇنى يەرگە قاراتسا، ئۇنداق ئادەم قانداق جازاغا لايىق؟ — دەپتۇ ئەبۇ تەمەمگە تىكىلىپ تۇرۇپ پادشاھ.

— بۇنداق ئادەمنى ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلىش كېرەك. بۇنىڭ بىلەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

روىي زىمىن ناپاكلارنىڭ بىرىدىن تازىلىنىدۇ، — دەپتۇ ئەبۇ تەمەم.

پادىشاھنىڭ ئەمرى بىلەن ئەبۇ تەمەمنى ئۆلتۈرۈپتۇ. پادىشاھنىڭ مەلىكىدىنمۇ كۆڭلى سوۋۇپتۇ، شۇڭا ئۇنىڭغا بۇرۇنقىدەك ئىلتىپات قىلىنماپتۇ.

لېكىن پادىشاھ بىر نەچچە كۈندىن كېيىن غەلىتە بىر ۋەقەنىڭ ئۇستىدىن چۈشۈپ قاپتۇ. ئۇ بىر كۈنى كېچىسى ئۇيقىسى قېچىپ تاشقىرىغا چىقىپتۇ. ساراي ئەتراپىنى ئايلىنىپ يۈرۈپ، ھېلىقى ئىككى تۈرك غۇلامىنىڭ ياتقىنىنىڭ ئالدىغا بېرىپ قاپتۇ. ئۆي ئىچىدىن بىرىنىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ. ئۇلار بىر خالتىدىكى ئالتۇن پۇللارنى بۆلۈشۈۋېتىپ، ئۆزئارا جېدەللىشىپ قېلىشقانىكەن. ئۇلارنىڭ بىرى دەپتۇ:

— ئۇ گەپنى مەن پادىشاھقا دېگەن، شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ئالتۇننىڭ كۆپى مېنىڭ بولۇشى كېرەك.

— ياق، — دەپتۇ ئىككىنچىسى، — قەلئەنى ئالغانمۇ، لەشكەرنى يوقاتقانمۇ سەن ئەمەس. ماڭا ئاشۇ تۆھمەت گەپنى ئېيتىپ قانچىلىك شۆھرەت قازاندىڭ؟!

پادىشا بۇ ئىككى غۇلامنىڭ جېدەللىنى ئاڭلاپ، ئاندىن ئۆتكەن ئىشنىڭ تەكتىگە يېتىپتۇ. ئەتىسى ئەتىگەندە ئۇلارنى ئالدىغا چاقىرتىپ، ھەيۋە قىلىپ سوراق قىلىپتۇ. ئاخىر ئۇلار ئىقرار بولۇشۇپتۇ.

— بۇ گەپنى بىزگە ۋەزىرلەر ئۆگەتكەنىدى، — دەپتۇ ئۇلار توۋا قىلىشىپ.

## ماقتانچاقنىڭ قىسمىتى

بىر كۈنى بىر ھەرىنىڭ كۆزى مىڭ جاپادا ئۇۋۇسىغا دان سۆرەپ كېتىپ بارغان چۈمۈلىگە چۈشۈپ قاپتۇ. ھاكاۋۇرلۇقى تۇتۇپ، چۈمۈلىگە دەپتۇ:

— ھەي، چۈمۈلە! ئۆزۈڭنى بۇنچىلىك جاپاغا سېلىشىڭنىڭ سەۋەبى نېمە؟ بۇنچىلىك ئازابلىنىشنى ئىختىيار قىلىشىڭدىكى مۇددىئايىڭ نېمە؟ مېنىڭ ھاياتىم، يېيىش - ئىچىشىمگە قاراپ ئىش قىلساڭ بولمامدۇ؟ پادىشاھلار دەستۇرخانىدىكى ھەر قانداق تائام مەنسىز يېيىلمەيدۇ. شامالنى مىنىپ ئۇچىمەن، خالىغان يېرىمگە قونىمەن، نەيزەمنى دۈشمەننىڭ يۈرىكىگە سانچىيمەن، نېمىنى كۆڭلۈم تارتسا شۇنى يەيمەن.

ھەرە يۇقىرىقى گەپلىرىنى دەپ بولۇپ، پەرۋاز قىلىپ ئۇچقىنىچە ئۇدۇل قاسساپنىڭ دۇكىنىغا بېرىپ، كاناردىكى ئېسىپ قويۇلغان گۆشكە قونۇپتۇ. قولىدا پىچىقىنى تۇتۇپ تۇرغان قاسساپ، گۆشكە قونغان ھەرىنى كۆرۈپ، پىچاق بىلەن بىرنى ئۇرۇۋېلا ئىككى پارچە قىلىۋېتىپتۇ. شۇ يەردە مارىشىپ قاراپ تۇرغان چۈمۈلىلەر ھەرىنىڭ پارچىلاپ

تاشلانغان ئۆلۈكىنى ئۆزلىرىغا قاراپ سۆرەپ ئېلىپ مېڭىپتۇ.

## ئاچكۆز مۈشۈك

مۇھەممەت ئىبنى ئەھمەت باغدادىنىڭ بىر مۈشۈكى بار ئىدى. ھەر كۈنى ئۇنىڭغا بىر پارچىدىن گۆش بېرىپ تۇراتتىكەن. بىر كۈنى مۈشۈكنى كەپتەرخانىدا تۇتۇۋاپتۇ ۋە ئۇنى سويۇپ تېرىسىنى ئاپتۇ - دە، ئۇنى كەپتەرخانىنىڭ ئىشىكىگە ئېلىپ قويۇپتۇ. ئاندىن مۇھەممەت ئىبنى ئەھمەت مۈشۈكنىڭ تېرىسىگە قاراپ:

— ھەر كۈنى بېرىلىپ تۇرغان ئاشۇ بىر پارچە گۆشكە قانائەت قىلغان بولساڭ، بۇنداق ھالغا قالمىغان بولاردىڭ، — دەپتۇ.

## ئەدەبسىز ھەمرا

فازىل ئىبنى سالىھنىڭ ئىككى ھەمسۆھبەت ھەمراھى بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىرىنىڭ ئىسمى ناسىر ئىبنى ھارىس، ئىككىنچىسىنىڭ - سابىت ئىبنى شىرۋانىكەن. ئۇلار بىر كېچىسى شاراب ئىچىپ، كەيپى، يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلگەن بىر چاغدا فازىل ئىبنى سالىھدىن تەپ تارتماي بىر - بىرىنى زاڭلىق قىلىشقىلى تۇرۇپتۇ، ئاخىر ئۇلار بىر - بىرى بىلەن قىزىرىشىپ قېلىشىپتۇ. ناسىر ئىبنى ھارىس سابىت ئىبنى شىرۋانىنىڭ سەللىسىنى يۇلۇپ ئېلىپ، يەرگە تاشلاپتۇ. بۇ ئىشقا سابىت ئىبنى شىرۋانىنىڭ ئاچچىقى كەلگەنلىكتىن، يۈزلىرى قىزىرىپ - تاتىرىپ كېتىپتۇ.

فازىل ئىبنى سالىھ ئۇنى ئاچچىقىدىن ياندۇرماقچى بولۇپ:

— نىمانچە خاپا بولىسەن؟ قويە، ئاچچىقىڭغا هاي بەر، — دەپتۇ.

سەندىنمۇ تەپ تارتماي ئەشۇنداق ھاقارەت قىلسا، نېمىشقا خاپا بولماي؟ — دەپتۇ ئەلەم بىلەن سابىت ئىبنى شىرۋان.

— ئۆزەڭنى بېسىۋال، — دەپتۇ فازىل ئىبنى ساھىل، — ساڭا قىلىنغان ئاشۇ ھاقارەت، ماڭىمۇ تەگدى.

## ئەمەلگە ئاشمىغان پەرمان

ناسىر ئىبنى سامانىي زامانىدا بۇخارادا بىر سودىگەر ئۆتكەنىكەن. ئۇلار ناسىر ئىبنى سامانى بىلەن بىر كوچىدا ئۇدۇلمۇ - ئۇدۇل قوشنا ئولتۇرىدىكەن. سودىگەرنىڭ ئۆزى تەمبەل ئەمما نادان بىر ئوغلى بارىكەن. ئۇ، ناسىر ئىبنى ئەھمەت بەزىدە ئاتلىنىپ كوچىغا چىقىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



قالسا، ئۇنى كۆرۈپ ھەۋىسى كېلىدىكەن، ۋە بۇ ئەمىر كۆزدىن غايىپ بولغىچە ئارقىسىدىن قاراپ زوقلىنىدىكەن.

ئۇ ئاتىسى ئۆلگەندىن كېيىن، قالغان مىراس مال - مۈلكىنى ئاز ۋاقىت ئىچىدە يەپ - ئىچىپ تۈگىتىپتۇ. قالغان ئازىراق پۇلىغا ئات ۋە ئىككى خىزمەتكار — غۇلام سېتىۋاپتۇ. ئۇ بەزى - بەزىدە ئاتلىنىپ شەھەر ئايلىنىدىكەن، قايتىپ كېلىپ شارابخورلۇق قىلىدىكەن. غۇلاملىرى ئۇنىڭ ئاغزىغا قاراپ، نېمە خىزمەتكە بۇيرۇشىنى كۈتۈپ تۇرىشىدىكەن. شۇ تەرىقىدە ئاردىن بىر مەزگىل ئۆتۈپتۇ. ئۇنىڭ ئاشۇ ئىككى خىزمەتكارى بىلەن ئېتىدىن باشقا ھېچنېمىسى قالماپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئاخىر خىزمەتكارلاردىن بىرىنى بازارغا ئېلىپ چىقىپ سېتىپتۇ. قولىغا كىرگەن بۇ پۇلىنىڭ بىر قىسمىغا بىر ئېشەك سېتىپ ئاپتۇ، قالغىنىنى ئۆز تىرىكچىلىكىگە خىراجەت قىلىپتۇ. كۈنى قىيىن شارائىتتا ئۆتىدىكەن. شۇنداق بولسىمۇ، شەھەر ئارىلاشنى تاشلىماپتۇ. ناسىر ئىبنى ساماني كوچىغا چىقتى دېگەن خەۋەرنى ئاڭلىشى بىلەن ئۇمۇ ئېشىكىنى مىنىپ، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىپ ماڭىدىكەن. ئۆيىگە قايتىشى بىلەنلا، يەنە شارابخورلۇقنى قىلىدىكەن.

بىر كۈنى ئۇ شاراب ئىچىپ ئولتۇرغاندا، تۇيۇقسىز كوچا تەرەپتىن ۋاڭ - چۇڭ ئاۋاز ئاڭلىنىپتۇ.

— بۇ نېمە ۋاڭ - چۇڭ؟ — سوراپتۇ ئۆي خىزمەتچىسىدىن.

— ئەمىر ناسىر ئىبنى ئەھمەت ئۆتۈپ كېتىۋاتىدۇ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ خىزمەتكار.

سودىگەرنىڭ ئوغلى خىلىلا كەيپ بولۇپ قالغانىكەن. «ماڭ، بېرىپ ئۇنىڭ بېشىنى كېسىپ ئېلىپ كەل!» دەپ بۇيرۇپتۇ خىزمەتچىسىگە.

— يا ئاللا! بۇ گەپنى ئويلاپ دەۋاتامدىلا، ياكى... — دەپتۇ ھەيران بولۇپ خىزمەتكار.

— ماڭ، دېگەندىن كېيىن ماڭ! — دەپ غەزەپ بىلەن ۋاقىراپتۇ خوجايىن. خىزمەتكار «خوپ، بولىدۇ» دېگىنىچە تاشقىرىغا چىقىپ كېتىپتۇ.

خوجايىن خىزمەتكار چىقىپ كېتىشى بىلەن ئۆزى گاراڭ ھالدا داڭ قاتقىنىچە تۇرۇپلا قاپتۇ.

ئەتىسى ئەتىگەندە بايۋەچچە بىر ئاز ھوشىغا كېلىپ، خىزمەتكارىنى چاقىرىپ سوراپتۇ:

— ئاخشام مەسىلىكتە ساڭا نېمىلەرنى دېدىم؟

— ناسىر ئىبنى ئەھمەت سامانىينىڭ بېشىنى كېسىپ ئېلىپ كەل! — دەپ بۇيرىغانىدىلا.

— سەن قانداق قىلدىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ خوجايىن ئۆڭى ئۆچكەن ھالدا.

— مەسىلىكتىن شۇنداق دەۋاتقانلىقىڭىزنى ئۇقتۇم. كېيىن يانا پۇشايمان يەپ قالمىسۇن، دەپ ئۆزلىرىنىڭ ئەمىر پەرمانلىرىنى ئىجرا

قىلمىدىم، — دەپتۇ خىزمەتكار.
— ياخشى قىلىپسەن، — دەپتۇ خوجايىن ئەقلىنى تېپىپ، — چۈنكى ئۇ ئادەم مېنىڭ يان قوشنام ئىدى.

## دەردى بىداۋا

شاھىد دېگەن شائىر يالغۇز ئۆزى كىتاب كۆرۈپ ئولتۇرغانىكەن. بىر تەرسا — جاھىل تونۇشى كىرىپ كەپتۇ. سالاملاشقاندىن كېيىن:
— تەقسىر، نېمە سەۋەبتىن يالغۇز ئولتۇرىدىلا؟ — دەپتۇ.
— سىزنى كۈتۈپ شۇنداق ئولتۇرغانىدىم، — دەپتۇ شائىر.

## قەغەزۋاز پادىشاھ

بىر جاپاكەش سۇلتان مەسئۇدنىڭ ئالدىغا كىرىپ، ئەرز قىپتۇ:
— شاھىم، يولۇم غۇر شەھىرى ئارقىلىق ئۆتىشكە توغرا كېلىپ قالدى. غۇر ھاكىمى مېنى تۇتتۇۋالدى ۋە ئېلىپ ماڭغان بار - يوقىمنىڭ ھەممىسىنى تارتىۋالدى.
سۇلتان «ئۇنىڭ مېلىنى قايتۇرۇپ بەر!» دېگەن مەزمۇندا غۇر ھاكىمىغا خەت يېزىپ بېرىپتۇ.
غۇر شەھىرىنىڭ ھاكىمى ئۇ خەتنى كۆرۈپ، خەتنى ئېلىپ كەلگۈچىنى زاڭلىق قىلىپ كۇلۇپتۇ، تازا كېلىشتۇرۇپ دۇمبالاپتۇ. ئاخىرىدا سۇلتاننىڭ ئەۋەتكەن خېتىنى ئۇنىڭغا مەجبۇرلاپ يىگۈزۈپ قوغلاپ چىقىرىپتۇ.
ئازابلانغۇچى يەنە سۇلتاننىڭ ئالدىغا ئەرز قىلىپ بېرىپ، بولغان ئەھۋالنى ئېيتىپتۇ. سۇلتان كاتىبقا غۇر ھاكىمىغا قارىتىپ تەھدىت ئارىلاش جىددىي خەت يېزىپ بېرىشنى، ئۇ خەتكە «بۇ قېتىم بۇ بېچارىنىڭ مېلىنى قايتۇرۇپ بەرمىسەڭ جازاغا تارتىلىسەن»، دېگەن گەپنى يېزىپ قويۇشنى جېكىلەپتۇ. كاتىپ خەتنى يېزىشقا باشلىغانىكەن، ئازابلانغۇچى كىشى ئۇنىڭ قولىنى تۇتىۋاپتۇ ۋە سۇلتانغا يالۋۇرۇپتۇ:
— ھەزرىتى ئالىيلىرى، بۇنداق ئۇزۇن - ئۇزۇن خەت يېزىپ بېرىشنىڭ ھاجىتى يوق، قىسقىلا بىر پارچە مەكتۇپ بولسا بولىدۇ.
— نېمىشقا؟ — دەپ ھەيران بوپتۇ سۇلتان.
— چۈنكى، — دەپتۇ ئازاپلانغۇچى كىشى، — خەت كۆپ، قەغەز چوڭ بولسا، چايناپ يۇتالماي، قىينىلىپ قالماي دەيمەن.

## سۈنئ پۇلى ـ سۇغا كەتتى

بەسرىلىك بىر ئادەمنىڭ ئازىراق سېغىن قويلىرى بارىكەن. لېكىن ھەر كۈنى سېغىپ قويغان سۈتنىڭ بىر قىسمىنى كېچىسى شەپەرەڭلەر ئىچىۋالىدىكەن. قوي ئېگىسى بولسا، قالغان سۈتكە سۇ قوشۇپ، ئۇنى بازارغا ئاپىرىپ ساتىدىكەن. بىر كۈنى قويلارنى باققۇچى بۇ ئادەمگە: «ھەي، خوجايىن، بۇنداق قىلما. ئاقىۋىتى يامان بولىدۇ»، دەپتۇ. لېكىن ئۇ خوجايىن قۇلاق سالماپتۇ. سۈتكە سۇنى قوشۇپ سېتىۋېرىپتۇ. بىر كۈنى قويلار تاغ باغرىدا ئوتلاۋاتسا، تۇيۇقسىزلا قاتتىق بوران كۆتۈرۈلۈپ، شىددەتلىك يامغۇر يېغىپ كېتىپتۇ. بىر دەمدىلا تاغ ـ جىرالاردىن سەل يامراپ چۈشۈشكە باشلاپتۇ، ئاخىرى بۇ سەل ئۇلغىيىپ، ئوتلاۋاتقان قويلارنى ئېقىتىپ كېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن قويچى قىشلاققا قۇرۇق قول ئۆزىلا ئاران قايتىپ كەپتۇ. خوجايىن ئۇنىڭدىن قويلىرىنى سورۇشتۇرسە، قويچى: «سۈتكە سەن قوشقان سۇلار بىر ـ بىرىگە قوشۇلۇپ، سەلگە ئايلاندى ـ دە، قويلىرىڭنى ئېقىتىپ كەتتى» دەپتۇ.

## خىزمەتكار كۈندە ئەمەس، كۈندە كېرەك

ئەلمۇقاتىل دېگەن ئادەم تۆۋەندىكىلەرنى ھېكايە قىلىدۇ: يىگىتلىكىم ئەمدىلا باشلانغان چاغلىرىدا ھادىنىڭ خىزمىتىنى قىلدىم ۋە ئۇنىڭ بىلەن مەھرەمى ئەسرار (سىرداش) بولدۇم. بەختكە قارشى ئۇ خەلىپىلىك تەختىگە ئولتۇرغان كۈندىن باشلاپلا مېنى يېنىغا يولاتماي قويدى. بىر مەزگىل ھەسرەت چېكىپ يۈردۈم. بىر كۈنى «خەلىپە چاھار باغقا بارغۇدەك» دېگەن خەۋەر تارقالدى. مەن كوچىنىڭ بىر دوقمۇشىدا ئۇنىڭ ئۆتۈشىنى كۈتۈپ تۇردۇم. بىر ھازادىن كېيىن، ئۇ مەن تۇرغان كوچىدىن ئۆتتى. مەن ئورنۇمدىن دەس تۇرۇپ، ئۇنىڭ ئالدىغا ئوقتەك ئېتىلىپ چىقىپ سالام بەردىم ۋە ئۆزۈمنى تونۇشتۇردۇم:

— مەن سىلىنىڭ بۇرۇنقى قۇللىرى ئەلى مۇقاتىل بولىمەن، — دېدىم.

— ھە، سېنى كۆرۈپ تونۇدۇم، — دېدىدە، باشقىچە گەپ ۋە ئىلتىپاتمۇ قىلماي، ئېتىنى قامچىلاپ كېتىپ قالدى.

بولغان ۋەقەنى نەۋفەلگە دېدىم.

— پادىشاھلارنىڭ ئادىتى شۇكى، سەلتەنەت تەختىگە چىققاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ بۇرۇنقى ھەمسۆھبەت خىزمەتكارلىرىنى ئۆزىدىن يىراقلاشتۇرىدۇ، — دېدى ئۇ.

## ئاچكۆزلۈكنىڭ ئاقىۋىتى

جاھان كەزدى سەيياھلاردىن بىرى مۇنداق بىر ھېكايىنى ئېيتتى: «يىگىتلىك ۋە كۈچ - قۇۋۋىتىمگە تولغان چاغلىرىمنىڭ بىر كۈنى يالغۇز يولغا چىقتىم. يول تۇسار بۇلاڭچىلاردىنمۇ ئەندىشە قىلمىدىم. ئۇزۇن يولنى بېسىپ، بىر چاغدا چۆلگە جايلىشىۋالغان بىر قونالغۇ ئالدىغا بېرىپ قالدىم. سارايۋەن ئەپتىدىن ناپاك، خۇنخور ئادەمدەك تۇيۇلدى. ئۇ دائىم يالغۇز كەلگەن يولۇچىلارغا ياتىدىغان ئۆي، ئېتىغا يەم - خەشەك بېرىدىكەن، ياخشى مېھمان قىلىپ ياتقۇزۇپ، تۈن يېرىم بولغاندا ئۇنىڭ بېشىنى كېسىپ، مال - مۈلكىنى ئۆزىنىڭ قىلىۋالىدىكەن. ئۇ ماڭىمۇ زور ئىلتىپات كۆرسەتتى. ئۆزۈمگە ياتىدىغان ئۆي، ئېتىمغا يەم - خەشەك بەردى. تاماق يەپ بولغاندىن كېيىن، «شارابقا مەيلىڭىز قانداق؟» — دەپ سورىدى. مەن «مەيلى، ھەزمى تائام ئۈچۈن يامان بولماس»، — دېدىم. ئۇ بىر كوزا شاراب كۆتەرگەن، قەددى ئېلىپتەك بىر بالا بىلەن كىرىپ كەلدى. ئۇ سارايۋەننىڭ ئوغلى ئىكەن. بالا تەكەللۇپ بىلەن ساقىلىق قىلدى. كەيپىم ئۆرلەپ، ئۇيقۇ باسقىلى تۇرغان بىر چاغدا بىزگە بىر ئۆيگە ئورۇن سېلىپ بەردى. بالىنىڭ ئورنى ئىشىك ئالدىدا، مېنىڭ تۆر تەرەپتە ئىدى. مەن بالىنىڭ ئورنىدا يېتىپ قالدىم. لېكىن ئۇيقۇم قېچىپ كەتتى. بىر چاغدا ئىشىك غىچىرلاپ ئېچىلدى ۋە قولىدا پىچاق كۆتۈرۈپ سارايۋەن كىردى. ئۇ مېنىڭ ئۈستۈمدىن ئاتلاپ ئۆتۈپ بالىنىڭ ئۈستىگە مىنىۋېلىپ ئۇنىڭ بېشىنى شارتتىدە كېسىپ ئالدى.

شۇ چاغدىلا بىلدىمكى، ئۇ ئەسلىدە مېنى ئۆلتۈرمەكچى ئىكەن. ئورنۇمدىن چاچراپ تۇرۇپ، قوزۇقتىكى قىلىچىمنى ئالدىم، — دە، سارايۋەنگە ئېتىلدىم، سارايۋەن شۇ چاغدىلا ئۆز ئوغلىنى ئۆلتۈرۈپ قويغانلىقىنى بىلدى. پىچىقىنى تاشلاپ زارلىدى ۋە توۋا قىلغىلى تۇردى.

## ئۆزگىگە ئورا كولىساڭ ئۆزۈڭ چۈشىسەن

سەرىق ئىسىملىك بىر ئادەم ئۆز بېشىدىن ئۆتكەن بۇ ۋەقەنى ھېكايە قىلىپ بەردى: بىر كۈنى ئۆزۈم يالغۇزلا سەپەرگە چىقتىم. يولدا ئوبدان قوراللانغان بىر ئاتلىق ھەمراھقا يولۇقۇپ قالدىم. يېرىم يولغا بارغىنىمىزدا ئالدىمىزدىن ئاتلىق ئوغرى چىقىپ قالدى ۋە شېرىكىم بىلەن قىلىچلىشىپ كەتتى. كۆپ ئېلىشقاندىن كېيىن، ئوغرى ھەمراھىمنى ئۆلتۈرۈپ قويدى، ئاندىن ئۇ ماڭا قىلىچ شىلتىشقا باشلىدى.

— مەن ساڭا قارشى قول

كۆتۈرمىسەم، نېمشقا ماڭا تىغ كۆتۈرىسەن؟ ساڭا نېمە كېرەك؟ — دېدىم ئۇنىڭغا.

ئۇ گەپلىرىمنى ئاڭلاپ، ئېلىپ ماڭغان ھەممە مېلىمنى ئالدى، ئاندىن پۇت - قولۇمنى باغلاپ قويۇپ، مېنى شۇ يەرگە تاشلاپ كېتىپ قالدى. مەن كەچكىچە ئاچ - يالىڭاچ ئاشۇ سەھرادا ياتتىم. كېچىسى بىر ئىلاج قىلىپ پۇت - قولۇمنى بوشىتىۋالدىم - دە، يولغا چۈشتۈم. خېلى ماڭغىنىمدىن كېيىن يىراق بىر يەردە چىراغ يورۇقى كۆرۈندى. شۇ تەرەپكە قاراپ ماڭدىم ۋە بىرئازدىن كېيىن بىر چېدىرنىڭ ئالدىغا بېرىپ قالدىم. چېدىرغا كىردىم. قارىسام بىر ئادەم بىر ئايال بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇپتۇ. ھېلىقى ئادەم مېنى كۆرۈپلا ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتى ۋە كۆتۈردى. ئۇنىڭغا كۆپ يالۋۇردۇم، لېكىن ئۇ نىيىتىدىن يانمىدى. ھېلىقى ئايال «بۇ ئادەمنى مېنىڭ ئالدىمدا ئۆلتۈرمە» دەپ نالە قىلىپ تۇرىۋالدى. ئۇ ئادەم دەسلىپىدە ئۇنىڭ زارىغا قۇلاق سالمىدى، مەن ھېلىقى ئادەمگە دىققەت قىلىپ قارىسام، مېنى ئاشۇ چۆلدە باغلاپ قويۇپ، ماللىرىمنى بۇلاپ كەتكەن مۇتتەھەم ئىكەن. ئۇ مېنى تاشقىرىغا ئېلىپ چىقتى ۋە بىر يارداڭلىقنىڭ ئاستىغا ئېلىپ چۈشتى. مېنى بوغۇزلىۋېتىش ئۈچۈن تەييارلاندى. شۇ ئارىدا بىردىنلا شىرنىڭ ھۆركىرىگەن ئاۋازى ئەتراپنى بىر ئالدى. ئوغرى قىلىچىنى تاشلاپ قاچتى، ئۇنى كۆرگەن شىر ئارقىسىدىن قوغلاپ كەتتى.

## ئوغرىلارنىڭ ھىيلىسى

غۇلام ئىبنى ئىمان ھېكايە قىلىدۇ: بەسرىنىڭ بۇللا دېگەن يېرىدە بىر سودىگەرنىڭ ئائىلىسىدە ئىشلەيتتىم. بىر كۈنى بەش يۈز دىنار پۇلنى بىر خالتىغا سېلىپ، قوينۇمغا تىقىپ كېمىگە چۈشۈپ، بۇللاغا قاراپ يولغا چۈشتۈم. كېمىگە چىققاندىن كېيىن، پۇل سېلىنغان خالتىنى قوينۇمدىن ئېلىپ ئالدىمغا قويدۇم. شۇئاندا كېمە ئەمدىلا ئورنىدىن قوزغىلىشقا تەمشەلگەندى، قىرغاقتا قىرائەت قىلىپ، قۇرئان تىلاۋەت قىلىۋاتقان بىر ئەما ئادەمگە كۆزۈم چۈشۈپ قالدى. ئۇ شۇنچىلىك يېقىملىق قىرائەت قىلاتتىكى، كېمە ھەيدىگۈچى ئىختىيارسىز كېمىسىنى توختاتتى. كېمىچى بىلەن ئىككىمىز ئۇنىڭغا قارىغىنىمىزچە تىكىلىپ تۇرۇپلا قالدۇق. ئەما كىشى كېمىچىگە يالۋۇرۇپ، ئاۋاتراق بىرەر جايغا ئاپىرىپ قويۇشنى ئىلتىجا قىلدى. كېمىچى ئۇنىڭ ئىلتىجاسىنى رەت قىلىپ، دىلىغا ئازار بەردى. مەن كېمىچىگە كايىپ:

— بىر قېرىپ قالغان ئاجىز ھاپىزنى نېمشقا رەنجىتىسەن؟ ئۇنى كېمەڭگە سېلىۋالساڭ نېمە بولىدۇ؟ — دېدىم.

شۇنىڭدىن كېيىن، كېمىچى ھېلىقى ئەما كىشىنى كېمىسىگە چىقىرىۋالدى. ھازىر بىز تاكى ئاخىرقى مەنزىلىمىزگە يېتىپ بارغىچە قۇرئان تىلاۋەت قىلىپ باردى. مەن ئۇنىڭغا مەھلىيا بولۇپلا كېتىپتىمەن. بۇللاغا يېقىن قالغاندا ئۇ ئەما كىشى شۇ جايدا چۈشۈرۈپ قويۇشنى ئىلتىماس قىلدى. شۇ چاغدىلا، پۇل خالتىسى يادىمغا كېلىپ قارىسام، ئۇ خالتا ھېچ يەردە كۆرۈنمەيدۇ.

«ۋاي پۇل خالتام كۆرۈنمەيدۇ!» دەپ ۋارقىراپ - جارقىرىدىم.

كېمىچى مېنى ئەيىبلەپ كەتتى:

— مەنمۇ ساڭا ئوخشاش مۇشۇ كېمىدە تۇرسام، يولدا بىرەر يەردە توختاپ كېمىدىن چۈشمىگەن تۇرسام، ئۇ خالتاڭنىڭ يوقالغىنىنى مەن نەدىن بىلەي؟!

ھاپىزمۇ زارلاندى، قەسەم ئىچتى. قىسقىسى، ئۇ ئىككىيلەن مېنى زاڭلىق قىلىشتى ۋە ئەيىبلەپ كېتىشتى. مەن بولسام خالتىنىڭ قانداق يوقالغىنىنى ھېچ بىلمىدىم. مۇبادا ئاشۇ ئىككىيلەننىڭ بىرى ئالغان تەقدىردىمۇ نەرگە يوشۇرىدۇ؟ ئاخىر ئويلاپ، بۇ ئىككىيلەننىڭ ئۇنداق يامان غەرەزلىك ئەمەسلىكىگە ئۆزۈمچە ئىشەنچ ھاسىل قىلىپ:

«خۇدايى تائالا بۇ مال - دۇنيانى ماڭا راۋا كۆرمىگەن ئوخشايدۇ، مېنى ئەندىشە ۋە موھتاجلىقتا كۆن كەچۈرۈشكە مۇپتىلا قىلغان بولسا كېرەك. ئەمدى بالا - چاقام غورىبەتچىلىكتە ئۆتىدىغان بولدى. يۇرتنى تەرك ئېتىپ بېشىم قايغان تەرەپكە مېڭىشقا مەجبۇر بولدۇم» — دېگەنلەرنى ئويلىدىم. ئۆيۈمگە بارماي، باشقا بىر يەردە قونۇپ قېلىشقا ۋە ئەتىسى ناماز بامداتتىن كېيىن باشقا يۇرتلارغا كېتىشكە نىيەت قىلدىم.

قىسقىسى كۆڭلۈمدە دەرد - ئەلەم، كۆزۈمدە ياش كېتىپ باراتتىم. يولدا بىر يولۇچىغا يولۇقۇپ قالدىم. ئۇ مېنىڭ غەمكىن ئەھۋالىمنى كۆرۈپ، نېمە بولغانلىقىمنى سورىدى. ئۇنىڭغا بولغان ئىشنىڭ ھەممىسىنى دېدىم.

— قورقما، مەن ساڭا يول كۆرسىتىپ بېرەي، پۇلۇڭنى تېپىۋالىسەن. سەن ھازىر بازارغا بېرىپ بىر دەستە ئاق نان ئال ۋە ئوبدان تائاملاردىن بىرنەچچە قاچا ئال. ئاندىن ئۇدۇل زىندانغا بېرىپ، «مېنى قاماپ قويۇڭلار» دەپ ئىلتىماس قىل. زىندانغا كىرگەندىن كېيىن، زىنداننىڭ تۆرىدە ئەبۇبەكرى نوئاس دېگەن بىر ئادەم بار. شۇنىڭ بىلەن ئۇچرىشىپ، ئالغان نان، تائاملىرىڭنى ئۇنىڭ ئالدىغا قوي، تاماقنى يەپ، دۇئا - فاتىھە قىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇ ئالدىڭغا كېلىدۇ ۋە «مېنىڭ نېمە ئىش قىلىپ بېرىشىمنى تەلەپ قىلىسەن؟» — دەپ سورايدۇ. شۇ چاغدا ئۇنىڭغا دەردىڭنى تولۇق ئېيت. پۇلۇڭنى ئاشۇ ئەبۇبەكرى نوئاس تېپىپ بېرىدۇ، — دېدى.

بازارغا بېرىپ، ئاشۇ يولۇچى

uyghurkitap.com

دېگەن نەرسىلەرنى ئالدىم. ئاندىن زىندان بار جايغا بېرىپ، زىندان باشلىقىغا ئىلتىماس قىلدىم. زىندان باشلىقى كۆپ ئويلانمايلا مېنى زىندانغا قوبۇل قىلدى. مەن ئېلىپ كىرگەن نەرسىلىرىمنى ھېلىقى ئەبۇبەكرى نۇئاس دېگەن ئادەمنىڭ ئالدىغا قويدۇم. ئۇ تائامنى يەپ بولغاندىن كېيىن، بېشىمدىن ئۆتكەن كەچمىشلىرىمنى ئۇنىڭغا ئېيتىپ بەردىم.

— بۇ يەردىن چىقىپ، بەنى ھەلال قەبىلىسىنىڭ يۇرتىغا بار. ئۇ يەردىن پالانى دەرۋازىدىن كىرىپ، پالانى مەھەللىنىڭ بىر چېتىدىكى پالانى ھويلىغا كىر. ھويلىدا تۆت تەرىپى بورا بىلەن ئورالغان تۆت سۇپا بار. تاملىرىغا قوزۇق قېقىلغان. ئۇ قوزۇقلارنىڭ بىرىگە چىراغ ئېسىلغان. سەن چاپىنىڭنى سېلىپ بىر قوزۇققا ئىلىپ قوي، ئاندىن بىر بۇلۇڭغا بېرىپ ئولتۇر. ھايال ئۆتمەي بىر توپ ئادەم كىرىشىدۇ. ئۇلارمۇ چاپانلىرىنى يېشىپ، يېنىڭغا كېلىپ ئولتۇرۇشىدۇ. كېيىن شۇنىڭ بىلەن ئۇلار شاراب ئىچىشىدۇ. سەنمۇ ئۇلارغا قوشۇل. بىر مەھەلدىن كېيىن، قولۇڭغا قەدەھنى ئېلىپ: «ھەممەيلەن شاد ـ خۇرام بولغاي. ئەبۇ بەكرى نۇئاسنىڭ تېنى سالامەت ۋە ئامان بولغاي!» — دېگىن. ئۇلار مېنىڭ نامىمنى ئاڭلاشلىرى بىلەن چۆچۈپ كېتىشىدۇ، كېيىن ئۇلار بىر ئاز ھوشلىرىنى يىغىۋېلىشىپ، مېنىڭ شەنىمگە مەدھىيە ئوقۇشىدۇ، كېيىن: «نېمە، ئۇمۇ سېنىڭ ئەھۋالىڭغا چۈشۈپ قالدىمۇ؟» دەپ سورىشىدۇ. سەن: «ھەئە، شۇنداق بولۇپ قالدى» — دەپ جاۋاب بەر. كېيىن: «سىزلەرگە دۇئا يوللاش بىلەن بىرگە سىلەر ئۆتكەن كۈنى كەچ ئۇغرىلىغان خالتىدىكى پۇل مېنىڭ تۇغقىنىمغا تەۋە پۇل ئىدى دېگىن» — دېدى.

مەن زىنداندىن چىقىپ، ئەبۇبەكرى نۇئاسنىڭ دېگىنىنى قىلدىم. ئۇلار بىلەن بىللە تاماق يەپ، شاراب ئىچتىم. شۇ تەرىقىدە بىرنەچچە كۈن ئۆتتى. بىر كۈنى ئادەتتىكىدەك شاراب ئىچىشىپ ئولتۇرۇپ: «ئەبۇبەكرى نۇئاسنىڭ ئامان ـ ئېسەن، سالامەتلىكىنىڭ ياخشى ئىكەنلىكىدىن خۇشال بولغايسىلەر!» دېدىم. بۇ ئادەملەر ئۇنىڭ نامىنى ئاڭلاش بىلەن ھەممىسى دېگۈدەك ئورۇنلىرىدىن چۆچۈشكەن ھالدا تۇرۇشۇپ كەتتى ۋە «ئۇ زات بىزگە ئۇستاز ۋە يولباشچى بولىدۇ. بىز ئۇنىڭ ئۈچۈن جېنىمىزنى پىدا قىلىمىز»، — دەپ چۇرقىراشتى. ئەبۇبەكرى نۇئاسنىڭ سالامىنى يەتكۈزدۈم ھەم پۇلۇمنى تەلەپ قىلدىم. ئۇلاردىن بىرى دەل شۇ پەيتتە خالتامنى ئېلىپ، ئالدىمغا قويدى. مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ:

— بار يوقۇم مۇشۇنچىلىك ئىدى. رەھمەت سىلەرگە! لېكىن بىر ئىلتىماسىم بار، دېسەم بولامدۇ؟

— دېگىن، — دېيىشتى ئۇلار.

— خالتا قانداق قىلىپ سىلەرنىڭ قولۇڭلارغا چۈشۈپ قالدى؟ — دەپ سورىدىم.

ئۇلار بىرەر سائەتچە ھەر خىل باھانە - سەۋەبلەر قىلىپ جاۋاب بەرگىسى كەلمەي تۇرۇشتى. ئاخىرى ئۇلاردىن بىرى مەندىن سورىدى:

— مېنى تونۇدىڭمۇ؟

تازا دىققەت قىلىپ قارىسام، ھېلىقى قىرائەت قىلىپ تىرىكچىلىك قىلغان قارىغۇنىڭ دەل ئۆزى ئىكەن. باشقىلىرىغىمۇ سەپ سېلىپ قارىسام، ھېلىقى كېيىنچىمۇ شۇ يەردە ئولتۇرىدۇ.

— مانا بۇ كور، — دېدى ئۇ ماڭا، — تىلاۋەت قىلىپ، سېنى قايمۇقتۇرۇپ تۇردى؛ مەن سەزدۇرمەي خالتاڭنى ئېلىپ دەجلە دەرياسىغا تاشلىۋەتتىم. بىزنىڭ غەۋۋاس ھەمراھلىرىمىز ئۇنى دەريا تەكتىدىن سۈزۈپ ئېلىپ چىقتى. بۈگۈن بۇنى تەقسىملەيدىغان كۈنىمىز ئىدى. بەختكە قارشى ئۇستازىنىڭ ئەمر- پەرمانى كېلىپ قالدى.

## تۆت سەياھ

بۇنىڭدىن خېلى ئۇزۇن زامان بۇرۇن تۆت دوست سەپەرگە ئاتلىنىپتۇ. ئۇلارنىڭ بىرى شاھزادە، ئىككىنچىسى ۋەزىر زادە، ئۈچىنچىسى سودىگەرنىڭ ئوغلى، تۆتىنچىسى دېھقان بالىسى ئىكەن. ئۇلاردىن بىرى:

— ئالەمدە نېمە گەپ - سۆز بار؟ بىز بۇنى بىلىشىمىز كېرەك، — دەپ سۆز باشلاپتۇ ۋە مۇنۇ سوئالنى ئوتتۇرىغا قويۇپتۇ:

— ئاسايىشلىق ۋە پاراغەت قانداق كېلىدۇ؟

— ئالەمنىڭ ئالەم بولمىقى تېرىش - تىكىش بىلەندۇر، — دېدى دېھقان بالىسى.

— ياق، گەپ تىجارەت ئىلمىنى بىلىشتە، — دەپ ئېتىراز بىلدۈردى سودىگەرنىڭ ئوغلى.

— شەرەپلىك نەسەبكە ئېتىبار قىلىشتا، — دېدى ۋەزىر زادە.

— ھەممە نەرسە پېشانىگە پۈتۈلگىنىچە بولىدۇ، — دېدى شاھزادە.

ئۇلار كەچكىچە شۇ تېرىقىدە تالاش - تارتىش قىلىشتى، ئۈچىلىسى دەسلەپتە ئاشۇ سوئالنى چىقارغان دېھقان بالىسىغا يېپىشتى.

— بۈگۈن يەپ — ئىچكۈدەك ھېچ نەرسىمىز يوق، سېنىڭ ئېتىقادىڭ بويىچە بولغاندا ھۈنەر- كەسىپ ھەممىدىن مۇھىم. قېنى، ئۆز كەسپىڭنىڭ كارامىتىنى كۆرسەت ۋە تاپقان نەرسەڭ بىلەن بىزنى مېھمان قىل، — دېيىشىپتۇ.

شۇ سۆزدىن كېيىن ئۇلار شەھەرگە قايتىپ كىرىپتۇ. ئۇلارنىڭ بىرى دېھقان يىگىتكە پىچىرلاپ:

— بۇنداق بىر چوڭ شەھەردە قانداق تىرىكچىلىك قىلىسەن؟ — دەپتۇ.

دېھقان يىگىت دەرھال چۆلگە بېرىپ بىر كۆتۈرۈم ئوتۇن كۆتۈرۈپ كەپتۇ ۋە ئۇنى بازارغا ئەكىرىپ يىرىم

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

دىنار پۇلغا سېتىپتۇ. ئاندىن شەھەر دەرۋازىسىغا «بىر كۈندە تاپقىنىم يېرىم دىنار بولدى»، دەپ يېزىپ قويۇپتۇ.

ئەتىسى نۆۋەت سودىگەرنىڭ ئوغلىغا كەپتۇ. ئۇ ئەتىگەندە شەھەرگە كىرىپ، بازار ئايلىنىپ سودىگەرلەرنىڭ گەپلىرىگە قۇلاق سېلىپتۇ. كىشىلەر بۈگۈن چوڭ بىر كېمىنىڭ بەندەرى شەھىرىگە كېلىپ توختىغانلىقى، سودىگەرلەر قىممەتباھا ھەر خىل رەختلەرنى ئېلىپ كەلگەنلىكلىرىنى سۆزلىشىپتۇ. سودىگەرنىڭ ئوغلى بەندەر شەھىرىگە قاراپ يۈگۈرۈپتۇ ۋە سودىگەرلەر ئېلىپ كەلگەن نەپىس ماللارنى توپلاپ سېتىۋېلىپ، بازارغا ئېلىپ بېرىپ پارچە سېتىپ مىڭ دىنار پايدا ئاپتۇ. ئۇمۇ شەھەر دەرۋازىغا «بىر كۈنلۈك قىلغان سودامدىن مىڭ دىنار پايدا ئالدىم»، دەپ يېزىپ قويۇپتۇ، ئاندىن بېرىپ دوستلىرىنى مېھمان قىپتۇ.

نۆۋەت ۋەزىرزادىگە كەپتۇ. ئۇمۇ ئامەت تىلەپ شەھەر ئايلىنىپتۇ. ئاخىر بىر دوستىنى يولۇقتۇرۇپ قاپتۇ ۋە ئۇنىڭ قولىقىغا بىر نىمىلەرنى دەپ پىچىرلاپتۇ. دوستى ئۇنىڭغا ئەللىك دىرھەم (كۈمۈش پۇل - ت) بېرىپتۇ. ۋەزىرزادە شەھەر دەرۋازىغا «ئالىي نەسەبلىك ۋە مەرىپەتلىكلىكنىڭ بىر كۈنلۈك باھاسى ئەللىك دىرھەم ئىكەن»، دەپ يېزىپ قويۇپتۇ.

نۆۋەت شاھزادىگە كەپتۇ. ئۇ تەۋەككۇل قىلىپ شەھەرگە كىرىپتۇ ۋە شەھەرنى كەچكىچە ئايلىنىپتۇ. تۇساتتىن چوڭ بىر جېدەل - ماجىرا، دادۇ - پەريادنىڭ ئۈستىگە بېرىپ قاپتۇ.

— بۇ پاراكەندىچىلىكنىڭ سەۋەبى نىمە ئىكەن؟ — دەپ سوراپتۇ شاھزادە بىر يولۇچىدىن.

— پادىشاھ ھەززەتلىرى ئالەمدىن ئۆتتى، — دەپتۇ ئۇ، — ئۇنى دەپنە قىلىشقا ھېلىلا مۇشۇ يەردىن ئېلىپ ئۆتتىدۇ.

شاھزادىنى بۇ يەردىكى ئادەملەرنىڭ ھېچقايسىسى تونۇمايدىكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭغا ھېچكىم ئېتىبار قىلىشماپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ھازا تۇتۇپ ئولتۇرۇشقان ئەمىرلەرنىڭ ئالدىغا بېرىپتۇ. ئۇلار مەرھۇمنىڭ تەخت ۋارىسىنىڭ يوقلۇقىدىن ئەمدى كىمنى پادىشاھ سايلاشنى بىلەلمەي، بېشى قېتىشىپ ئولتۇرۇشقانىكەن. ھەركىم ئۆز نامزاتىنى كۆرسىتىدىكەن. تۇيۇقسىزلا ئۇلارنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئولتۇرغان يىگىتنىڭ پادىشاھزادە ئىكەنلىكىنى سېزىپ قېلىشىپتۇ. بىردەم ئەھۋاللىشىپ ئولتۇرۇش بىلەن بۇ يىگىتنىڭ پالانى پادىشاھنىڭ ئەۋلادى ئىكەنلىكى مەلۇم بولغاچقا، ئۇلارنىڭ ھەممىسى بىر بولۇپ ئۇ يىگىتنى شاھلىق تاج - تەخت بىلەن بېزەپتۇ، شۇنىڭدىن كېيىن، پادىشاھزادە ھېلىقى ئۈچ دوستىنى تاپتۇرۇپ كەپتۇ.

ۋەزىرزادىنى — ۋەزىرلىك لاۋازىمىتىگە، سودىگەرنىڭ ئوغلىنى باش مىرزىلىققا بەلگىلەپتۇ. دېھقان يىگىتنى ئادەتتىكى بىر كىچىك

ئەمەلگە قويۇپتۇ. پادىشاھزادە شەھەر دەرۋازىسىغا «بىر كونومىنىڭ بەرگەن پايدىسى پادىشاھىنىڭ قازا قىلىشى بولدى». دەپ يېزىپ قويۇپتۇ.

## خۇپىيانە ئوغرى

ھارۇن رەشىد زامانىدا ئەھۋاز دېگەن يۇرتتا ئوغرى كۆپىيىپ كېتىپ، ئۇلارنىڭ دەستىدىن پۇقرالار كۆپ ئازار چېكىپتۇ. كۆپلىگەن كىشىلەر ئۆلتۈرۈلۈپتۇ. بۇنى ھارۇن رەشىدكە خەۋەر قىلىشىپتۇ. خەلىپە ئۇلارغا قارشى ئەمىر مەسرۇرخام باشچىلىقىدا ئەسكەر ئەۋەتىپتۇ ۋە ئەمىر مەسرۇرگە ئوغرىلارنىڭ ھەممىسىنى تۇتۇپ، بېشىنى ئېلىشنى ۋە باغدادقا ئېلىپ كېلىشنى بۇيرۇپتۇ. يەنە ئۇلاردىن ئېھتىيات قىلىش ۋە ھەر قونالغۇدا كېسىلگەن باشلارنى ساناپ- تەكشۈرۈپ تۇرۇشنى تاپىلاپتۇ. ئەمىر مەسرۇر خەلىپىنىڭ دېگەنلىرىنى ئاشۇرۇپ ئورۇنداپ قايتىپتۇ. كېسىلگەن باشلارنى قاپقا سېلىپ، ئاغزىنى مەھكەم باغلىتىپ، باغدادقا قاراپ يولغا چىقىپتۇ. ئۇلار كەچقۇرۇن بىر ئۆتەڭگە كېلىپ چۈشۈپتۇ. ئەمىر قاپنى ئاچتۇرۇپ، كېسىلگەن باشلارنى سانىتىپتۇ. ھەممىسى تولۇق ئىكەن. ئەتىسى ئەتىگەندە يولغا چىقىشتىن بۇرۇن يەنە قاپلارنىڭ ئاغزىنى ئاچتۇرۇپ سانىسا بىر باش كەم چىقىپتۇ. بۇ ئەھۋالدىن ھەممەيلەن قورقۇپ، ھەيران بولۇشۇپتۇ. شۇ ئارىلىقتا ئۇدۇل تەرەپتىن ئېشەك مىنگەن بىر بوۋاي چىقىپتۇ. ئۇنىڭ قولىدا «قۇرئان» ۋە كۆزلىرىنى يۇمغىنىچە تىلاۋەت قىلىپ كېتىۋاتقانىكەن. ئۇنىڭ بىلەن سالام - سائەتتىن كېيىن ئەمىر مەسرۇر ئۇنىڭدىن سوراپتۇ:

— ئۆزۈڭ كىم بولىسەن؟ نەگە كېتىۋاتىسەن؟

— ھاجى ۋە ھاپىز بولىمەن. بېشىم قايغان تەرەپكە كېتىۋاتىمەن،— دەپ جاۋاب بېرىپتۇ بوۋاي.

ئەمىر مەسرۇر يېقىن ئادەملىرىگە: «مەن بۇ ئادەمگە ئىشەنمەيۋاتىمەن. بۇنى تۇتۇڭلار ۋە بېشىنى كېسىپ، ھېلىقى يوقالغان باشنىڭ ئورنىغا قاپقا سېلىڭلار!» دەپتۇ. مۇلازىملار ئەمىرنىڭ پەرمانىنى ئىجرا قىپتۇ.

يەنە بىر مەنزىلگە كېلىپ، قاپتىكى كاللىلارنى سانىسا، يەنە بىر باش كەم تۇرغۇدەك. ھەممەيلەن ھەيران بولۇشۇپتۇ. ئەتىسى ئۇلار يولدا بىر ئايال كىشىنى ئۇچرىتىپ قاپتۇ. ئەمىر مەسرورنىڭ پەرمانى بىلەن ئۇنىڭمۇ بېشىنى كېسىپ قاپقا سېلىپ، يوقالغان كاللىنىڭ ئورنىنى توشتۇرۇپتۇ.

ئۇلار باغدادقا كەلگەندىن كېيىن قاپنى ئېچىپ سانىسا، كېسىلگەن باشلار قىرىق بىر بولۇپ قاپتۇ. ئەمىر مەسرۇر بۇنى بىر سىرلىق ھادىسىگە، ئاشۇ بىرىنچى قېتىم ئۇچرىغان بوۋاينىڭ بىرەر سېھىر قىلغىنىغا جورۇپتۇ.

www.uyghurkitap.com

سارايغا بېرىپ بولغان ۋەقەنى خەلىپىگە سۆزلەپ بېرىپتۇ.

— باشقىلاردىن كۆرە، — دەپتۇ خەلىپە، — ھېلىقى بوۋاينىڭ بېشى كېسىلگەنلىكىدىن خۇشالمەن، چۈنكى باشقىلار ئوچۇق - ئاشكارا ئوغرىلىق قىلسا، بوۋاي ئۇمۇر بويى خۇپىيانە ئوغرىلىق قىلىپ كەلگەن.

## خۇراسان پادىشاھىنىڭ نەيرىڭى

«ماۋەرا ئۇننەھر تارىخى» دا مۇنداق بىر ھېكايە بايان قىلىنغان: خۇراسانلىق بىر پادىشاھ تۈركلەر بىلەن جەڭ قىلىش غەرىزىدە تېرمىز شەھىرىنىڭ ئۇدۇلىدا جەيھۇن دەرياسىنى كېچىپ ئۆتۈپتۇ. ئۇنىڭ لەشكىرى تەركىبىدە بىر گۇرۇھ ھەبەشلەر بار ئىكەن. تۈركلەر بۇ ئىقلىمنى (بۇنداق ئادەملەرنى) بۇرۇن زادىلا كۆرۈپ باقمىغانىكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارنى دىۋە دەپ پەرەز قىلىشىپ، جەڭ مەيدانىدىن بەدەر قېچىشىپتۇ. خۇراسان پادىشاھى بۇنى ئۇقۇپ قېلىپ، تېخىمۇ كۆپ ھەبەش غۇلاملارنى سېتىۋېلىپ، تۈركلەر بىلەن بولغان يېڭى ئۇرۇشلاردا ئۇلارنى (ھەبەش غۇلاملارنى) قوشۇنىنىڭ ئالدىغا قويۇپتۇ. بۇنداق ئەھۋال خېلى بىر ۋاقىتقىچە داۋام قىلىپتۇ. جەڭلەرنىڭ بىرىدە تۈركلەر بىر ھەبەشنى ئۆلتۈرۈپتۇ. قارىسا ئۇنىڭ يارىسىدىن ئاققان قان ئادەم قېنىغا، ھەبەشنىڭ ئۆزىمۇ ئادەمگە ئوخشاشلا ئىكەن. شۇنىڭدىن كېيىن تۈركلەر ئۇلاردىن قورقمايدىغان بولۇشۇپتۇ ۋە كېيىنكى ئۇرۇشلاردا خۇراسانلىقلارنى يېڭىپتۇ.

## تۈزكور غۇلام

مەجدىددىن مۇھەممەد ئەدنا سۇلتان ئىبراھىم تامغاچخانغا بېغىشلاپ يازغان كىتابىدا تۈركلەرنىڭ تارىخىنىمۇ قوشۇپ يازغانىكەن. شۇ كىتابتا مۇنداق دېيىلگەن: تۈركىستان پادىشاھلىرىدىن مەلەخ ئىران پادىشاھى خەسۇنە بىلەن قۇدىلىشىپتۇ. ئىران پادىشاھى تۈركىستانغا زور مىقداردا تويلۇق مال ۋە ھېسابسىز ھەدىيەلەرنى ئەۋەتىپتۇ. تويلۇق ئىچىدە بىر ھەبەش غۇلاممۇ بارىكەن. بۇنداق ئادەمنى تۈركىستانلىقلار بۇرۇن زادىلا كۆرمەپتىكەن. ئۇنىڭ رەڭگى - رويى، تۇرقى - سىياقى ئادەم قىياپىتىگە ئوخشىمايدىكەن.

غۇلام بەقۇۋۋەت ۋە زېرەك ئادەم ئىكەن. ئۇنىڭ بۇ سۈپەتلىرى پادىشاھنى ئۆزىگە جەلپ قىلىپتۇ. تۈركىستان پادىشاھى ئۇ ھەبەشنى ئۆزىگە مەھرەم (مەخسۇس خىزمەتچى، خادىم) قىلىۋاپتۇ. شۇندىن كېيىن ئۇ غۇلام پەيت تېپىپ، پادىشاھنى ئۆلتۈرۈپ، خانلىقنى قولىغا كىرگۈزۈۋاپتۇ.

# پارس تىللىق ئۇيغۇر كلاسسىكلىرى

شېرىن قۇربان

ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخىدا نۇرغۇن شائىر، ئەدىب ۋە يازغۇچىلار پارس ئەدەبىي تىل - يېزىقىدا ئىجادىيەت ئېلىپ بارغان ۋە ھەر خىل ئەسەرلەرنى يېزىپ قالدۇرغان. بۇ كلاسسىكلار ۋە ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرى ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخىدا، جۈملىدىن ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىدا سالماقلىق ئورۇنغا ۋە كۈچلۈك ئىجتىمائىي تەسىرگە ئىگە.

پارس ئەدەبىي تىل - يېزىقىدا ئەدەبىي ئىجادىيەت ئېلىپ بېرىش ۋە ھەر خىل ئەسەرلەرنى يېزىپ قالدۇرۇش ھادىسىسى — ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تارىخىدىكى ئالاھىدە بىر خىل تارىخىي ۋە ئەدەبىي ھادىسە. شۇنداق ئىكەن، ئۇ ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تەتقىقاتچىلىقىدا بىر مۇھىم تەتقىقات تېمىسى بولىدۇ، ئەلۋەتتە. چۈنكى، بىرىنچىدىن، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تارىخىدا پارس ئەدەبىي تىل - يېزىقىدا ئىجادىيەت ئېلىپ بېرىش ۋە ئەسەر يېزىپ قالدۇرۇش، بىر دەملىك تارىخىي ھادىسە، تەسادىپىي تارىخىي ھادىسە ۋە پارتلاش خاراكتېرلىك ۋاقىتلىق ھادىسە بولماستىن، بەلكى ئۇزۇن تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشلۈك ھادىسىدۇر. ئىككىنچىدىن، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تارىخىدا، پارس تىللىق شائىر، يازغۇچىلار سان جەھەتتىن كۆپ، ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرى سۈپەت جەھەتتىن يۇقىرى، يەنە كېلىپ ئەڭ مۇھىمى ئۇلار ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا مۇئەييەن گۈللىنىش ئېلىپ كىرگەن. ئۈچىنچىدىن، ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخىدا پارس تىلىدا ئىجادىيەت ئېلىپ بېرىش، زامان جەھەتتىن، 800 يىلدەك داۋام قىلغان، ماكان جەھەتتە، بۇ خىل ھادىسە ئەينى زامان ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە خېلى كەڭ دائىرىدە ئومۇملىشىپ كەتكەن. شۇڭا، پارس تىللىق ئەدەبىي ئىجادىيەت ھادىسىسى، ئۇنىڭ ئورنى ۋە تەسىرى ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تەتقىقاتچىلىقىدا مۇھىم تەتقىقات تېمىلىرىدىن بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ ئوبيېكتىپ تارىخ رىياللىقى. ھازىرغا قەدەر ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تەتقىقاتچىلىقىدا بۇ تېما بەكلا ئاز تىلغا ئېلىندى. بۇ ماقالىدە بىز مۇشۇ تېما ئۈستىدە ئازراق توختالماقچىمىز.

www.uyghurkitap.com

# 1. ئۇيغۇرلار بىلەن پارسلار ئوتتۇرىسىدىكى ئۇزاق تارىخىي مۇناسىۋەتلەر

بۇ يەردە ئالدى بىلەن شۇنى ئىزاھلاپ ئۆتۈش زۆرۈركى، ماقالىدە دىيىلىۋاتقان «ئۇيغۇر» ئاتالغۇسى ئاساسىي جەھەتتىن، ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزىگىلا قارىتىلىپ ئىشلىتىلدى. لېكىن «پارس» ئاتالغۇسى كەڭ مەنىلىك ئۇقۇم سۈپىتىدە پارس تىللىق خەلقلەر مەنىسىدە ئىشلىتىلدى. ئۇ نوقۇل ھالدا پارسلارنىلا كۆرسەتمەستىن، بەلكى ئوتتۇرا ئەسىر دەۋرىدە مۇقىم ئولتۇراقلاشقان، ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان، شەرقىي پارس تىلى (شەرقىي ئىران تىلى) دا سۆزلىشىدىغان تاجىكلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. چۈنكى قەدىمكى دەۋرلەردىن تارتىپ ئۇيغۇرلار بىلەن پارسلار ئوتتۇرىسىدىكى خىلمۇ - خىل تارىخىي - ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەر كۆپرەك تاجىكلار ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلغان. ئوتتۇرا ئەسىر دەۋرىدىكى پارس تىللىق ئۇيغۇر شائىر - يازغۇچىلىرىنىڭ كۆپىنچىسى بەلخ، ھېرات، كابۇل، بۇخارا، سەمەرقەند، خۇراسان قاتارلىق جايلاردا بىلىم تەھسىل قىلغان، پائالىيەت ئېلىپ بارغان ۋە ئەدەبىي ئىجادىيەت ئېلىپ بارغان. بۇ جايلاردا ئۆز دەۋرىدە تاجىك تىللىق مەدەنىيەت گۈللەنگەنىدى. شۇڭا، ماقالىدىكى «پارسلار» پارس - تاجىك خەلقلىرىنىڭ ئومۇمىي ئاتىلىشىدۇر.

ئۇيغۇرلار بىلەن پارسلار ئوتتۇرىسىدىكى تارىخىي مۇناسىۋەت ناھايىتى قەدىم زامانلاردىن بېرى داۋاملىشىپ كەلگەن. ئۇ ئىسلامىيەتتىن بۇيانقى ئەھۋال بولماستىن، بەلكى ئۇنىڭدىنمۇ ئۇزاق تارىخقا ئىگە.

بىرىنچىدىن، پارسلار بىلەن ئۇيغۇرلار گەرچە ئوخشىمىغان تىل، ئوخشىمىغان مەدەنىيەت كاتېگورىيىسىگە مەنسۇپ خەلقلەر بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ قەدىمكى يەرلىك ئاھالىلىرى بولۇشى بىلەن بۇ مەدەنىيەتلىك رايوندا ئورتاق ياشىغان ۋە تىرىكچىلىك قىلغان. تاجىك كلاسسىكى ئەبۇلقاسىم فىردەۋسى (931 ــ 1020) نىڭ جاھانغا مەشھۇر ئېپوسى «شەھنامە» نىڭ تىلى بىلەن ئېيتقاندا، قەدىمكى زاماندا پارس - تاجىكلار «ئىرانىلار»، ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي خەلقلەر «تورانىلار» دەپ ئاتىلاتتى. بۇ ئىككى خەلق گەرچە تارىختا تۈرۈپ ئەپلىشىپ، تۈرۈپ تىركىشىپ كەلگەن بولسىمۇ، ئۇلار بەربىر يېقىن قوشنىلار ئىدى. قوشنىلارئارىسىدا ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىش، بىر - بىرىنىڭ ھاجىتىدىن چىقىش، ئەڭ ئەقەللىي ئىنسان مۇناسىۋىتى مورفىسىمىدۇر. دېمەكچىمىزكى، ئوتتۇرا ئاسىيادىن ئىبارەت بۇ ئادەمىزات ۋە مەدەنىيەت بۆشۈكىدە ئۇيغۇرلار ۋە پارسلار مەدەنىيەت جەھەتتە بىر - بىرىگە چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن. بۇ خىل تەسىر ئىدىيە - پەلسەپە، ئېتىقاد، دىن، تىل - يېزىق، ئەدەبىيات - سەنئەت، ئۇسسۇل - مۇزىكا، ئىجتىمائىي ئەخلاق ۋە تورمۇش شەكىللىرىدە كەڭ كۆزگە تاشلىنىدۇ.

ئىككىنچىدىن، تارىختا ئۇيغۇرلار «ئۇيغۇر مىللىتى»، پارسلار «پارس» ۋە «تاجىك مىللىتى» بولۇپ شەكىللىنىش جەريانىدىمۇ بىر - بىرىگە چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن ياكى ئۆزئارا سىڭىشىپ كەتكەن. بۇ توغرىلىق ئۇيغۇر خەلقىنىڭ بۈيۈك تىلشۇناسى مەھمۇد قەشقىرى ئۆزىنىڭ «دىۋانۇ لۇغەتىت - تۈرك» دېگەن ئۆلمەس ئەسىرىدە: «تاتسىز تۈرك بولماس، باشسىز بۆك بولماس. بۇنىڭ مەنىسى باشسىز بۆك بولمىغىنىغا ئوخشاش، پارسلارسىز تۈركمۇ بولمايدۇ» ① دېگەن بولسا، ئاتاقلىق ھازىرقى زامان تاجىك تارىخشۇناسى، سابىق بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى پەن - مەدەنىيەت - مائارىپ مۇئەسسەسى خەلقئارا ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقاتى جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى، ئاكادېمىك باباجان غاپۇروۋ (1908 — 1977) ئۆزىنىڭ «تاجىكلار تارىخى» ناملىق ئەسىرىدە: «شەرقىي ئىران قەبىلىلىرى باشقا يەرلەردىن ئوتتۇرا ئاسىياغا كۆچۈپ كەلگەن بولماستىن، بەلكى ئۇلار ئىپتىدائىي دەۋردىن تارتىپلا مۇشۇ رايوندا ياشاپ كەلگەن خىلمۇ خىل ئىرق تەركىبلىرىنى قوبۇل قىلىش ئاساسىدا شەكىللەنگەن، شەرقىي ئىران قەبىلىلىرى كېيىنكى چاغلاردا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بارلىق مىللەتلەرنى شەكىللەندۈرۈشتە تەركىب بولغان. ئۇلار يالغۇز تاجىك مىللىتىنى شەكىللەندۈرۈپلا قالماي، بەلكى يەنە تۈركىي تىلدا سۆزلەشكۈچى مىللەتلەرنىڭمۇ تەركىبىي قىسمى بولغان. تاجىك مىللىتى ھەر خىل مىللەت تەركىبلىرى (تۈركلەرمۇ بۇنىڭ ئىچىدە) ئاساسىدا شەكىللىنىش جەريانىدا، شەرقىي ئىران قەبىلىلىرى تەركىبى بىلەن ئىران تىلىنى ئەڭ زور دەرىجىدە قوبۇل قىلغان ۋە ساقلاپ قالغان. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، قەدىمكى شەرقىي ئىران قەبىلىلىرىنى تاجىكلارنىڭ بىۋاسىتە ئەجدادلىرى دېيىشكە، تاجىكلارنىڭ ئۆزى بولسا تەكتىدىن ئىران قەبىلىلىرىدۇر، دېيىشكە بولىدۇ. تامامەن تەسەۋۋۇر قىلىپ ئېيتىشقا بولىدۇكى، شەرقىي ئىران قەبىلىلىرى بىلەن تۈرك قەبىلىلىرى قەدىمدىن تارتىپلا يېقىن قوشنىلاردۇر» ② دەپ كۆرسەتكەنىدى.

قەدىمكى زامانلاردا، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ يەرلىك ئاھالىلىرى ئارىسىدا شەرقىي پارس تىللىق قەبىلىلىرى بولغان ساكلار، سوغدىلار، توخارلار ياشايتتى. بۇلار تاجىكلار بىلەن قان، تىل ۋە مەدەنىيەت جەھەتتە ئورتاقلىققا ئىگە. كېيىنكى دەۋرلەردە يۇقىرىدىكى خەلقلەرنىڭ بىر قىسمى ھازىرقى شىنجاڭ تاجىكلىرىنى شەكىللەندۈرگەن بولسا، كۆپ قىسمى ئۇيغۇر مىللىتىگە سىڭىپ كەتتى. ئوخشاشلا تاجىكلار رايونىدا ياشايدىغان بىر قىسىم ئۇيغۇر ئەجدادلىرىمۇ كېيىنكى چاغلاردا تاجىكلىشىپ كەتتى. قىسقىسى، ئۇيغۇرلار بىلەن پارسلار مىللەت بولۇپ شەكىللىنىش جەريانىدا ئۆزئارا سىڭىشىپ كەتكەن.

ئۈچىنچىدىن، قەدىمكى شەرق بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدىكى مەشھۇر كارۋان يولى (يىپەك يولى) مەشرىق ئېلىدىن بىپايان تارىم ئويمانلىقىغا كىرگەندىن

① مەھمۇد قەشقىرى: «دىۋان لۇغەتتىت تۈرك» ئىككىنچى توم 409 - ، 410 - بەتلەر.
② باباجان غاپۇروۋ: «تاجىكلار تارىخى»، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى 1985 - يىل خەنزۇچە نەشرى 21 - ، 22 - بەتلەر.

كېيىن، جەنۇبىي يول ۋە شىمالىي يول دەپ ئىككى تارماق يولغا ئايرىلىدۇ. تەرەپ - تەرەپكە سوزۇلۇپ، يەنە «دۇنيانىڭ ئۆگزىسى» دەپ ئاتالغان پامىر ئېگىزلىكىگە بارغاندا، قەدىمكى تاشقورغاندىكى مەشھۇر تاش شەھەردە ئۆزئارا قوشۇلۇپ، ئاندىن مۇشۇ يەرنى يەنە باشلام بېكەت قىلىپ، جەنۇبىي يول ۋە شىمالىي يول دەپ ئايرىلىپ، ئوخشىمىغان مەنزىللەر بويىچە، تاشقورغاننىڭ مىكتىگە ۋە خونجىراپ داۋانلىرى ئارقىلىق ئوتتۇرا ئاسىيا، جەنۇبىي ئاسىيا ئىككىنچى چوڭ قۇرۇقلۇقى، كىچىك ئاسىيا (غەربىي ئاسىيا) ۋە ئېرىخمۇ يىراق غەربكە باراتتى. «خەننامە» نىڭ تىلى بىلەن ئېيتقاندا، «جەنۇبىي يول سۇڭلىڭ (پامىر) دىن ئۆتۈپ، توخرىلار (大月氏) ۋە ئارساك (安息) قا بارىدۇ، ... ، شىمالىي يول غەربتە سۇڭلىڭ (پامىر) دىن ئۆتۈپ، داۋەن (پەرغانە)، كانگىيە (سەمەرقەند) ۋە ئائورسى (ھازىرقى كاسپىي دېڭىزى بىلەن ئورال بويلىرى) گە بارىدۇ» ①.

ئىنىقكى، تارىم ئويمانلىقى، پامىر ئېگىزلىكى، ئامۇ — سىردەريا - ساھىللىرى ۋە ئىران ئېگىزلىكى يىپەك يولىنىڭ بىۋاستە ئۆتۈشمىلىرى ۋە ئاۋات يەرلىرى. بۇ ئۆتۈشمىلەردىكى بېرىش - كېلىشلەر جەريانىدا، ئۇيغۇرلار بىلەن پارسلارنىڭ مەدەنىيەتلىرى بىر - بىرىگە تەسىر كۆرسىتىپلا قالماي، يەنە بۇ ئىككى خەلق مۇشۇ ئۆتۈشمىدە دۇنيادىكى باشقا ئىلغار مەدەنىيەتلەرنىمۇ قوبۇل قىلغان ياكى ئۆز مەدەنىيىتى ئارقىلىق دۇنيا مەدەنىيىتىگە تەسىر كۆرسەتكەن.

تۆتىنچىدىن، دىن تارىختا مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش جەھەتتە ناھايىتى مۇھىم رول ئوينىغان، ئۇ ھەتتا ئوخشىمىغان مەدەنىيەتلەرنى بىر خىل مەدەنىيەت كاتېگورىيىسىگە مەركەزلەشتۈرگەن (مەسىلەن، ئىسلام مەدەنىيىتى، بۇددا مەدەنىيىتى دېگەندەك). قەدىمكى ئاتەش دىنى (زەردوشت دىنى) ئەھمېندلار خاندانلىقى (پىرسىيە ئىمپېرىيىسى، مىلادىدىن بۇرۇنقى 550 — 331 - يىللار) دەۋرىدە تاجىكلار پۇشتىدىن زەردوشت (ياۋروپاچە: زارو ئاسترو دېيىلىدۇ، مىلادىدىن بۇرۇنقى VI — VII ئەسىردە يا شىغان) دېگەن كىشى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى باكتېرىيە (توخارىستان دەپمۇ ئاتىلىدۇ، ھازىرقى ئافغانىستاننىڭ بەلخ شەھىرى) دېگەن جايدا ئاتەش ئىلاھىغا نەزىر - چىراغ قىلىپ ئىجاد قىلغان. ئاتەشپەرەستلىك — ئاتەش دىنىنىڭ مەركىزىي ئىدىيىسى. ئاھۇر مازدا — ئاتەش دىنىدىكى ئالەمنىڭ بەرپا قىلغۇچىسى، دۇنيانى ياراتقۇچى، ھەممىگە قادىر ئەڭ ئالىي ئىلاھ. مەشھۇر ئاۋىستا داستانى — ئاتەش دىنىنىڭ مۇقەددەس دەستۇرى. تارىختىن ئايانكى، زەردوشت دىنى بارلىققا كەلگەندىن كېيىن، قەدىمكى پارس ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ھۆكۈمران دىنى بولغان. بۇ دىن كېيىن ئوتتۇرا ئاسىيادىن شىنجاڭ رايونىغا كىرىپ، ئۇيغۇر جەمئىيىتىگە تارقىلىپ ئومۇملىشىپ كەتكەن. ناھايىتى روشەنكى، زەردوشت پارس مەدەنىيىتى

① بەن گۇ: «خەننامە، غەربىي يۇرت تەزكىرىسى»، جۇڭخۇا نەشرىياتىنىڭ 1983 - يىل نەشرى، 3872 - بەت.

بىلەن ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى نۇرغۇن جەھەتلەردە باغلىنىشلىق قىلىپ قويغان. پارسلارنىڭ يەنە مانى دىنىمۇ ئۇيغۇرلار ئارىسىغا مۇئەييەن دەرىجىدە تارقالغان.

X ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ، ئىسلام دىنى ئۇيغۇرلار ئارىسىغا كىرىپ تارقىلىشقا باشلىغان. ھالبۇكى، ئىسلام دىنى ئەرەبىستاندىن شىنجاڭ رايونىغا بىۋاسىتە تارقالغان بولماستىن، بەلكى پارسلار ئارقىلىق، تېخىمۇ ئېنىقراق ئېيتقاندا، ئوتتۇرا ئاسىيا تاجىكلىرى ئارقىلىق كىرگەن. بۇ ھەقتە ئىسپاتلىق ماتېرىياللار بىرقەدەر كۆپ. ئىسلام دىنىنىڭ ئۇيغۇر خەلقى ئىچىگە تارقىلىشى پارس مەدەنىيىتى بىلەن ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى تېخىمۇ يېقىنلاشتۇرۇپ، بۇ ئىككى خىل مەدەنىيەتنى بىر كاتېگورىيىگە — ئىسلام مەدەنىيىتى كاتېگورىيىسىگە ئومۇملاشتۇردى.

بەشىنچىدىن، يېزىق — ئىنسانىيەتنىڭ مەدەنىيەتكە قەدەم تاشلىغانلىقىنىڭ نامايەندىسى، ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ مۇھىم ئامىللىرىدىن بىرى، شۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە يېزىق يەنە مىللەتلەر ئارىسىدىكى مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشنىڭمۇ مۇھىم ۋاسىتىسى. ئۇيغۇرلار بىلەن پارسلار ئارىسىدا تارىختا يېزىق جەھەتتىكى باغلىنىشلىق مۇناسىۋەتمۇ بار. مىلادىنىڭ IX ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن ئېتىبارەن، ئۇيغۇر خەلقى «ئۇرخۇن - يەنسەي يېزىقى» دىن «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى» غا كۆچۈپ، ئۇنى ئومۇميۈزلۈك قوللىنىشقا باشلىغان. ھالبۇكى، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى شەرقىي پارس تىللىق قەبىلىسى — سوغدىلارنىڭ يېزىقى ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن. مۇئەييەن تارىخىي ئاساس ۋە مۇناسىۋەت بولمىسا، قەدىمكى ئۇيغۇر خەلقى مۇنداقسىگىلا سوغدى يېزىقى ئاساسىدا ئۆز يېزىقىنى بارلىققا كەلتۈرمەس ئىدى.

ئۇيغۇر خەلقى ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، ئۇيغۇرلاردا ئەرەب ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى ئۇيغۇر يېزىقى بارلىققا كەلدى. X ئەسىردىن XIII ئەسىرگىچە ئۇيغۇرلار جەمئىيىتىدە ئەرەب يېزىقى ئەينەن ئىشلىتىلگەن. XIV ئەسىردىن XX ئەسىرنىڭ 30 - يىللىرىغا قەدەر ئۇيغۇرلار ئەرەب ئېلىپبەسى ئاساسىدا ئىسلاھ قىلىنغان ۋە پارس - تاجىك ۋە باشقا تۈركىي خەلقلەرگە ئورتاق بولغان يېزىقنى ئىشلەتكەن. «چاغاتاي يېزىقى» نامى بىلەن ئاتىلىدىغان يېزىق ئەمەلىيەتتە مۇشۇ يېزىقتۇر، XX ئەسىرنىڭ 30 - يىللىرىدىن تارتىپ ھازىرغا قەدەر قوللىنىلىۋاتقان يېزىق ئادەتتە «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر يېزىقى» نامى بىلەن ئاتىلىپ، ئۇنىڭغا تەسۋىر بەرگەندە، ئەرەب ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى يېزىق دەپ ئاتالماقتا. بۇنىسى راست بولسىمۇ، جىددىي ئىلمىي پوزىتسىيىدىن ئېيتقاندا، راۋۇرۇس راست ۋە ئىلمىي ئەمەس. چۈنكى «پ، چ، ژ، گ» قاتارلىق فونېمىلار ئەرەب يېزىقى سىستېمىسىدا يوق. بەزى مەخسۇس ئەسەرلەردە يۇقىرىدىكى تۆت فونېمىنى پارسچىدىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلۈكلەرنى ئىپادىلەش زۆرۈرىيىتى ئۈچۈن قوبۇل قىلىنغان، دەپ قارالماقتا. بۇ توغرا ئەمەس. چۈنكى «چاچ»، «پىچاق»، «گەپ» دېگەن سۆزلەر ئۇيغۇرچە سۆزلەر بولۇپ، ئۇلارنى پەقەت

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



يۇقىرىدىكى فونېمىلار بىلەن ئىپادىلەشكە توغرا كېلىدۇ.

قىسقىسى، ئۇيغۇرلار بىلەن پارسلار ئوتتۇرىسىدا يېقىن مۇناسىۋەتنى قەدىمدىن بېرى ئۈزلۈكسىز داۋام قىلىپ كەلگەن.

ئالتىنچىدىن، خۇددى يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، پارس تىللىق خەلقلەر بىلەن تۈركىي تىللىق خەلقلەر تارىختىن بويان ئوتتۇرا ئاسىيانى مەركەز قىلغان رايونلاردا قوشنا ياكى ئارىلىشىپ ئولتۇراقلاشقان. تارىختىن ئايانكى، بۇ كەڭ ماكاندا، توروپ پارسىي خەلقلەر هاكىمىيىتى بارلىققا كېلىپ سەلتەنەت سۈرگەن، توروپ تۈركىي خەلقلەر هاكىمىيىتى بارلىققا كېلىپ سەلتەنەت سۈرگەن. مىلادىدىن بۇرۇنقى VII — VIII ئەسىرلەردىن كېيىن ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ تارىخ سەهنىسىدە سوغدىيانا دۆلىتى، باكتېرىيە (توخارىستان) دۆلىتى، خارەزم دۆلىتى، پېرسىيە ئىمپېرىيىسى، سېلۇكىلار خاندانلىقى، ئارساكىلار سۇلالىسى، گرېك باكتېرىيە خانلىقى، توخارلارنىڭ كوشان خاندانلىقى، ساسانىلار خاندانلىقى، تاهىرىلار سۇلالىسى، سافارىلار سۇلالىسى، سامانىلار خاندانلىقى، گور خاندانلىقى، مىلادى VI — VII ئەسىردىن ئېتىبارەن بارلىققا كەلگەن تۈرك خاندانلىقى، غەزنەۋىلەر سۇلالىسى، قاراخانىلار خانلىقى، سالجۇقلار ئىمپېرىيىسى، خارەزىم شاهلىقى، ئوسمان ئىمپېرىيىسى، خۇراسان، شەيبان خانلىقى، بۇخارا خانلىقى، خىۋە خانلىقى، قوقان خانلىقى، سەئىدىيە خانلىقى قاتارلىق سىياسىي هاكىمىيەتلەر بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى ئالمىشىپ تۇرغان، بەزىلىرى تەڭ مەۋجۇد بولۇپ تۇرغان. گرېك ئىمپېرىيىسى، ئەرەپ ئىمپېرىيىسى، موڭغۇل ئىمپېرىيىسى، چاغاتاي خانلىقى، تۆمۈرىلەر ئىمپېرىيىسى قاتارلىق هاكىمىيەتلەر ئارىلاشما هاكىمىيەتلەر ئىدى. بۇ هاكىمىيەتلەر تەركىبىدە ئۇيغۇرلارمۇ، پارسلارمۇ بولغان.

ئوخشاش سىياسىي هاكىمىيەتلەر هۆكۈمرانلىقىمۇ پارس مەدەنىيىتى بىلەن ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى مۇئەييەن دەرىجىدە يېقىنلاشتۇردى. سالجۇقلار سۇلالىسى تۈركىي خەلقلەر هاكىمىيىتى بولسىمۇ، بۇ سۇلالە پارس تىلىنى دۆلەت تىلى ۋە ئەدەبىي تىل قىلىپ بېكىتكەنىدى.

يەتتىنچىدىن، تاجىكلارنىڭ سامانىلار خاندانلىقى دەۋرىدە، سوغدىيانا، باكتېرىيە ۋە خۇراسانلار تۇتىشىدىغان رايون «مەدەنىيەت چەمبىرىكى مەركىزى» دەپ ئاتىلاتتى. بۇ رايوندا سوغدى تىلى، ساك تىلى، توخار تىلى ۋە باشقا ئىران تىللىرى ئاساسىدا تاجىك - پارسلارنىڭ ئورتاق ئەدەبىي تىلى — «دەرى تىلى» بارلىققا كەلدى. رۇس ئوتتۇرا ئاسىياشۇناسى ۋ. ۋ. بارتولدنىڭ تىلى بىلەن ئېيتقاندا، «X ئەسىردىن باشلاپ دەرى تىلى مۇسۇلمان دۇنياسىنىڭ شەرقىي قىسمىدا تەدرىجىي يوسۇندا ئەدەبىي تىلغا ئايلاندى».

«دەرى تىلى» ئەرەب تىلى مۇتلەق هاكىمىيەت ۋە ئىلىم - پەن تىلى بولۇپ قوللىنىلىۋاتقان شارائىتتا بارلىققا كەلگەن. بۇ تىلمۇ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى باشقا مىللەتلەرنىڭ تىللىرىغا ئوخشاش ئەرەب تىلىنىڭ تەقىبى ئاستىدىكى تىل ئىدى.

ئەمما، بۇ تىل ئەرەب تىلىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قەتئىي قارشىلىق كۆرسىتىپ كەلدى ھەمدە تەدرىجىي ھالدا ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئەدەبىي ۋە ئىلىم - پەن تىلى بولۇپ شەكىللەندى. بۇ تىلدا شۇ دەۋردىن ئېتىبارەن تاكى يېقىنقى زامانغىچە تاجىك - پارس يازغۇچى شائىرلىرى ئەسەر يېزىپلا قالدۇرماستىن، بەلكى تۈركمەنلەر، ئەزەربەيجان، ئۆزبېكلەر، ھىندىلار ۋە ئۇيغۇرلارمۇ مۇشۇ تىلدا ئەسەر يېزىپ قالدۇرغانىدى. ئەلىشىر نەۋائىينىڭ ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە يازغان ئەدەبىياتشۇناسلىققا ئائىت يىرىك ئىلمىي ئەسىرى «مەجالىسۇن - نەفائىس» تىكى مەلۇماتلارغا قارىغاندا، نەۋائىي دەۋرىنىڭ ئالدى ۋە مۇشۇ دەۋردە تۈركىي خەلقلەر ئىچىدىن يەتكەن 355 شائىردىن پەقەت ئوتتۇز نەچچىسىلا تۈركىي تىلدا شېئىر يازغان، قالغان مۇتلەق كۆپى پارس تىلىدا شېئىر يازغان.

سەككىزىنچىدىن، تارىخىي ۋە ئىجتىمائىي سەۋەبلەر تۈپەيلى، X ئەسىردىن تارتىپ تاكى يېقىنقى زامانغا قەدەر، چەت ئەلگە چىققان ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپى ئوتتۇرا ئاسىيا تاجىك - پارس مەدرىسلىرىدە پارس تىلىدا بىلىم تەھسىل قىلغان ۋە ئەسەر يازغان. شۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە يەنە شىنجاڭ رايونىدا ناھايىتى ئۇزاق زامانلارغىچە ئۇيغۇر مەدرىسلىرىدە تاجىك - پارس كلاسسىكلىرىدىن جەئفەر رۇداكى، ئەبۇلقاسىم فىردەۋسى، شەيخ سەئدى، نىزامى، ھافىزشىرازى، مەۋلانا ئەبدۇرەھمان جامىي، مەۋلانا جالالىددىن رۇمى، مىرزا ئابدۇلقادىر بىدىل قاتارلىقلارنىڭ شېئىر - غەزەللىرى، قەسىدە - رۇبائىيلىرى، پەندى - نەسىھەتلىرى ۋە باشقا پەلسەپىۋى - دىداكتىك ئەسەرلىرى تىل - ئەدەبىيات ساۋادى ۋە ئوقۇشلۇقى سۈپىتىدە ئۆتۈلگەن، مۇشۇ ۋەج تۈپەيلىدىن، ئۇيغۇر ئەدەبىي تەرجىمانلىرى ۋە شەرھچىلىرى پارس - تاجىك كىلاسسىك ئەدەبىياتىدىن نۇرغۇن نەمۇنە - دۇردانىلەرنى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلغان ۋە شەرھلىگەن. بۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇر خەلقى پارس كلاسسىك ئەدەبىياتى بىلەن كەڭ تونۇشۇش شارائىتىغا ئېرىشكەن.

توققۇزىنچىدىن، بىز ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى لېكسىكىسىغا نەزەر تاشلىدۇق. سېلىشتۇرۇپ كۆرۈش ئارقىلىق كۆز ئالدىمىزغا شۇ نەرسە نامايان بولدىكى، ئۇيغۇر تىلى لېكسىكىسىدا، سان جەھەتتە، ئەرەبىي سۆزلەر پارسىي سۆزلەردىن سەل - پەل ئارتۇق، سۈپەت جەھەتتە، پارسىي سۆزلەر ئەرەبىي سۆزلەردىن خېلىلا يۇقىرى. دېمەكچىمىزكى، ئەرەبىي سۆزلەرنىڭ مۇتلەق كۆپى ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئادەتتىكى لۇغەت تەركىبىدىن ئورۇن ئالغان بولۇپ، ئاساسىي جەھەتتىن ئىدىئولوگىيە ساھەسىدە قوللىنىلىدۇ. پارسچە سۆزلۈكلەرنىڭ خېلى كۆپ قىسمى ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئاساسىي لۇغەت تەركىبىدىن ئورۇن ئالغان بولۇپ، يېمەك - ئىچمەك، كىيىم - كېچەك، تۇرار - جاي، قاتناش، سەنئەت ۋە كۈندىلىك تۇرمۇشنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىدە كەڭ قوللىنىلىدۇ. بۇ خىل سۆزلەر ئىنتايىن ئومۇمىيلىققا، تۇراقلىققا ۋە سۆز ياساش ئىقتىدارىغا ئىگە. بۇلاردىن باشقا، پارسچىدىن ئۇيغۇر تىلىغا كىرگەن سۆز ياسىغۇچى ئالدى قوشۇمچىلار،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



سۆز ياسىغۇچى ئارقا قوشۇمچىلار، تۈرلۈك سىنتاكسىسلىق باغلىغۇچىلار ۋە باشقا تىل ئامىللىرى ئۇيغۇر تىلىدا ئىنتايىن ئۇنۇملۇك رول ئويناپ كەلمەكتە. ئوخشاشلا ئۇيغۇر تىلىمۇ تاجىك ـ پارس تىلىغا كۆپ جەھەتتىن تەسىر كۆرسىتىپ ئىجابىي رول ئويناپ كەلمەكتە.

پارسلار بىلەن ئۇيغۇرلار ئوتتۇرىسىدىكى تارىخىي مۇناسىۋەتلەر يۇقىرىقىلار بىلەنلا چەكلىنىپ قالمايدۇ.

پارسلار بىلەن ئۇيغۇرلار ئوتتۇرىسىدىكى خىلمۇ خىل مۇناسىۋەتلەرنىڭ شەكىللىنىشىنىڭ تارىخى ناھايىتى ئۇزۇن؛ ئۇ ئىسلامىيەتتىن خېلى بۇرۇنلا شەكىللىنىپ، ئىسلامىيەتكە كەلگەندە، يۇقىرى پەللىگە چىققان. ھالبۇكى، بۇ خىل رەڭگارەڭ تارىخىي مۇناسىۋەتلەر پارس تىللىق ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى شەكىللەندۈرۈشنىڭ كەڭ تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشى. مۇشۇنداق كەڭ تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشنى مۇھىم تەتقىقات سەھنىسى قىلغاندىلا، ئاندىن ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىكى پارس تىللىق ئەدەبىي ھادىسىنى توغرا، ئەتراپلىق ۋە ئىلمىي ئاساسىدا تەتقىق قىلغىلى ھەم ھەل قىلغىلى بولىدۇ.

## 2. پارس تىللىق ئۇيغۇر كلاسسىك شائىر ـ يازغۇچىلىرىغا نەزەر

ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تارىخىدا، پارس تىللىق ئۇيغۇر شائىر ـ يازغۇچىلىرى سان جەھەتتىن نىسبەتەن كۆپ. پەقەت نەۋائى دەۋرىدىلا 355 ئۇيغۇر ـ تۈركىي شائىرلىرىدىن ئوتتۇز نەچچىسىلا ئانا تىلىدا شېئىر يازغاندىن باشقا مۇتلەق كۆپى پارس تىلىدا شېئىر ـ ئەسەر يازغان. بۇ يەردە بىز ۋەكىللىك خاراكتېرلىك پارس تىللىق ئۇيغۇر شائىر ـ يازغۇچىلىرىنى مۇھاكىمىلىك تونۇشتۇرىمىز.

### مەۋلانا لۇتفى (1366 ـ 1465)

مەۋلانە لۇتفى مىلادى XIV ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمى، XV ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا ياشاپ، مىلادى 1465 ـ يىلى ۋاپات بولغان. ئۇنىڭ ئۆمرىنىڭ كۆپ قىسمى خۇراساننىڭ مەركىزى ھىرات شەھىرىدە ئۆتكەن. خۇراسان، جۈملىدىن ھىرات بولسا، قەدىمكى ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيەت مەركەزلىرىدىن بىرى. مەۋلانا لۇتفى مانا مۇشۇ مەدەنىيەت مەركىزىدە ئۆسۈپ يېتىلگەن. موللا ئىسمەتۇللا بىننى موللا نىمەتۇللا مۇجىزنىڭ «تەۋارىخى مۇسىقىيۇن» ناملىق ئەسىرىدىكى مەلۇماتىغا قارىغاندا، مەۋلانا لۇتفى ئۆز دەۋرىنىڭ كاتتا ئۆلىماسى. ئاپتور ئۇنى ئالىملىقتا ئەبۇ نەسىر فارابى بىلەن، ھەكىملىكتا ئۇنى ئەبۇئەلى ئىبىن سىنا بىلەن، شائىرلىقتا ئۇنى نىزامى گەنجەۋى ۋە ئەلشىر نەۋائى بىلەن،

نەغمىچىلىكتە ئۇنى قىدىرخان يەركەندى بىلەن تەڭ ئورۇنغا قويغان. ئۇنىڭ قولىدا 500 دىن ئارتۇق ئۆلىما ۋە قارى تەربىيىلىنىپ چىققان. ئۇ يىگىرمە نەچچە پارچە كىتاب يازغان [1].

مەۋلانا لۇتفى ئۆز دەۋرىنىڭ قوش تىللىق شائىرى بولۇپ، ئۇ ھەم تاجىك - پارس تىلىدا ئەسەر يازغان ھەم چاغاتاي تىلىدا ئەسەر يازغان. ئۇنىڭ 2400 مىسرالىق «گۇل ۋە نەۋرۇز» ناملىق داستانى ئەڭ مەشھۇردۇر. ئۇ يەنە مەشھۇر پارس تارىخچىسى شەرەفىددىن ئەلى يەزدى (مىلادى 1454 - يىلى ۋاپات بولغان) نىڭ ئەمىر تۆمۈرگە بېغىشلاپ يازغان «زەفەرنامە» ناملىق كىتابىنى پارسچىدىن چاغاتاي تىلىغا تەرجىمە قىلغان. ئەلىشىر نەۋائى ئۆزىنىڭ «مەجالىسۇن - نەفائىس» ناملىق ئەسىرىدە، مەۋلانا لۇتفىغا ئالاھىدە نەزەر بىلەن باھا بېرىپ، ئۇنى ئۆز دەۋرىنىڭ «مالىكۇل - كەلامى» (سۆز پادشاھى)، «ئۇيغۇر ئىبارىلىرىنىڭ ماھىرى، تۈرك تىلىنىڭ ئۇستىسى» دەپ تەرىپلىگەن.

لۇتفى ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى مىنۇتلىرىدا پارس تىلىدا بىر غەزەل باشلىغان. لېكىن ئۇ بۇ غەزەلنى تاماملاشقا ئۈلگۈرەلمىگەن. ئۇ بۇ غەزەلنى «مەخدۇمى نۇرەن» (نۇرلۇق مەخدۇم) — ئەبدۇرەھمان جامىي يېزىپ تاماملىسۇن ۋە ئۇنى ئۆز دىۋانىغا كىرگۈزسۇن، دەپ ۋەسىيەت قالدۇرغان. تاجىك شائىرى جامىي قەدىرناس دوستىنىڭ ۋەسىيىتىنى بەجا كەلتۈرگەن [2].

مەۋلانا لۇتفى ئۆز دەۋرىنىڭ ئۇستا ناتىقلىرىدىن بىرى بولۇپ، پارس ۋە تۈركىي تىلىدا تەڭداشسىز ئىدى. ئۇنىڭ شېئىرلىرى تۈركىي ۋەپارس خەلقلىرى ئىچىدە يۇكسەك شۆھرەتكە ئىگە ئىدى.

## ئەلىشىر نەۋائى (1441 — 1501)

ئەمىر نىزامىدىن ئەلىشىر نەۋائى — XV ئەسىردىكى، ئۇيغۇر — ئۆزبېك ئەدەبىياتىنىڭ يېڭى تارىخىي دەۋرىنى ئاچقان بۈيۈك ئالىم، مۇتەپەككۇر، شائىر، دۆلەت ۋە جامائەت ئەربابى بولۇپلا قالماستىن، يەنە رايون، دۆلەت، مىللەت، ئېتىقاد ۋە زاماننىڭ چېگرىسىدىن ھالقىغان دۇنياۋى شەخس. ئۇنىڭ مۇبارەك نامى دۇنيا مەدەنىيىتى تارىخىدىن ئورۇن ئالىدۇ.

ئەلىشىر نەۋائى ھىرات شەھىرىدە دۇنياغا كەلگەن ۋە مۇشۇ رايوننىڭ مەدەنىيەت مۇھىتىدا ئۆسۈپ يېتىلگەن. ئۇ ئۆز ھاياتىدا پارس، ئەرەب تىللىرىنى پىششىق ئىگىلىگەن، شەرق ئەللىرى تارىخىنى، ئىسلام پەلسەپىسى ۋە قانۇنلىرىنى، قەدىمكى گرېك پەلسەپىسى ۋە مەدەنىيىتى، جۇغراپىيە، ئاسترونومىيە ئىلمىنى، تۈرك، پارس ۋە ئەرەب ئەدەبىياتىنى تولۇق ئۆگەنگەن. ئۇ خۇراسان شاھى ھۇسەيىن بايقارا ھاكىمىيىتىگە قاتناشقان. ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا ئاساسەن، ئەدەبىي ئىجادىيەت ۋە ئىلمىي تەتقىقات پائالىيەتلىرى بىلەن

① «تەۋارىخى مۇسىقىيۇن»، مىللەتلەر نەشرىياتى 1982 - يىل نەشرى، 64 - بەت.
② ئەزىز قەيىموۋ: «ئەلىشىر نەۋائى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1993 - يىل نەشرى، 25 - بەت.

شۇغۇللانغان.

ئەلشىر نەۋائى ئۆمرىدە ئىككى تىلدا ئىجادىيەت ئېلىپ بارغان. ئۇ «نەۋائى» تەخەللۇسى بىلەن چاغاتاي تىلىدا ئەسەر يېزىپ ئاتاق چىقارغان بولسا، «فانى» تەخەللۇسى بىلەن پارس تىلىدا ئەسەر يېزىپ شۆھرەت قازانغان. نەۋائىنىڭ پارس تىلىدا ئىجاد قىلىنغان شېئىرلىرى ئالاھىدە بىر دىۋان قىلىنىپ «دىۋانى فانى» نامى بىلەن ئاتالغان.

ئەلشىر نەۋائى ئىرانى خەلقلىرىنىڭ قەلبىدىمۇ ھۆرمەتكە سازاۋەر. ئۇنىڭ نۇرغۇن ئەسەرلىرى پارس تىللىق خەلقلىرىنىڭ قەدىمكى تارىخى ۋە مەدەنىيىتىدىن قىممەتلىك ئۇچۇر - مەلۇمات بېرىدۇ. «تارىخى مۇلۇكى ئەجەم» (ئەجەم ئەللىرىنىڭ تارىخى) — نەۋائىنىڭ ئەنە شۇ جۈملىدىكى ئەسىرى بولۇپ، ئۇنىڭدا قەدىمكى پارس تارىخىدىكى پىشدادىلار، كەيانىيلار، ساسانىيلار سەلتەنىتى ۋەكىللىرىنىڭ تارىخى، ئىش - پائالىيەتلىرى، ياخشىلىق ۋە يامانلىقلىرى بايان قىلىنغان بولۇپ، زور تارىخي قىممەتكە ئىگە.

ئەلشىر نەۋائى تاجىك پەيلاسوپى ۋە شائىرى ئەبدۇرەھمان جامىينىڭ پەيلاسوپلار تەرجىمىھالى دەپ ئاتالغان «نەفەھاتۇل - ئۈنس» ناملىق ئەسىرىنى «نەسائىمۇل - مۇھەببەت» نامى بىلەن تۈركىي تىلغا ئىجادىي تەرجىمە قىلغان. بۇ ئەسەر يىراق تارىختىكى پەيلاسوپلارنىڭ ئىدىيىسى ۋە ئىش - ئىزلىرىنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرۈپلا قالماستىن، يەنە ئەبدۇرەھمان جامىي بىلەن ئەلشىر نەۋائىنىڭ دوستلۇق مۇناسىۋىتىنىمۇ كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرىدۇ.

«تارىخي ھۆكەما ۋە ئەنبىيا» — نەۋائىنىڭ ئالىملار تەرجىمىھالى ۋە تەۋسىپى توغرىسىدىكى تارىخي ئەسىرى بولۇپ، مەزكۇر كىتابنىڭ بىرىنچى كىتابى ئۇنىڭ ئۇستازى ۋە قەدىناس دوستى ئەبدۇرەھمان جامىينىڭ ھاياتىغا بېغىشلانغان.

ئومۇمەن، بۈيۈك دانىشمەن ئەبدۇرەھمان جامىينى تەتقىق قىلغاندا، ئەلشىر نەۋائىنىڭ ئۇچۇر - مەلۇماتلىرى ناھايىتى مۇھىم ۋە قىممەتلىكتۇر.

نەۋائىنىڭ كېيىنكى چاغلاردا يازغان «مۇھاكەمەتۇل - لۇغەتەين» ناملىق ئەسىرى تىللار تارىخى ۋە تىللار سېلىشتۇرمىسى ھەققىدىكى تەتقىقاتى بولۇپ، ئەسەرنىڭ باش قىسمىدا ئەرەب، پارس، تۈرك ۋە ھىندى تىللىرىنىڭ شەكىللىنىش تارىخى بايان قىلىنغان. كېيىنكى قىسىملىرىدا بولسا، تۈركىي تىل بىلەن پارس تىلى تەھلىل قىلىنغان. نەۋائى ئىنتايىن كۆپ مىساللار ئارقىلىق تۈركىي تىلىنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىنى، پارس تىلىنىڭ ئاجىزلىقلىرىنى تەھقىقلىغان، ئۇ يەنە پارس تىلىغا بولغان چوڭقۇر ھۆرمىتىنى ئىزھارلىغان ۋە بۇ تىلنى تولۇق بىلىدىغانلىقىنىمۇ ئەسكەرتكەن. نەۋائىنىڭ بۇ ئەسىرىمۇ سېلىشتۇرما تىل تەتقىقاتچىلىقىدا بەلگىلىك ئىلمىي قىممەتكە ئىگە.

## رەشىدى (1510 — 1560)

رەشىدى — يەركەن خانلىقىنىڭ تۇنجى پادشاھى سۇلتان سەئىدخانىنىڭ تۇنجى ئوغلى سۇلتان ئابدۇرېشىتخانىنىڭ ئەدەبىي تەخەللۇسى. مىلادى 1510 - يىلى مۇغۇلىستان خانلىقى تەۋەسىدىكى پەرغانە شەھىرىدە دۇنياغا كەلگەن. بالىلىق ۋە بىلىم تەھسىل قىلىش دەۋرى پەرغانە ۋە تاغىسى بابۇر شاھنىڭ كابۇلدىكى ئوردىسىدا ئۆتكەن. مىلادى 1514 - يىلى يەركەن خانلىقى قۇرۇلغاندىن كېيىن دادىسى سۇلتان سەئىدخان بىلەن بىللە قەشقەر ۋە يەركەنگە كەلگەن. رەشىدى يىگىرمە ياشلارغا كىرگەن چاغلىرىدىلا ھەربىي ئىلىم، پەلسەپە، ئەدەبىيات ۋە مۇزىكا ساھەسىدە ئەتراپلىق يېتىشكەن. دادىسى سۇلتان سەئىدخان ۋاپات بولغاندىن كېيىن، رەشىدى يەركەن خانلىقىغا سۇلتان بولغان.

تارىخىي ماتېرىياللار ۋە تەتقىقاتلارغا قارىغاندا، رەشىدىنىڭ دادىسى سۇلتان سەئىدخان شاھ بولۇپلا قالماستىن، يەنە شائىر ئىدى. ئۇ پارسىي ۋە تۈركىي تىللاردا شېئىر يېزىپ داڭق چىقارغان.

رەشىدىمۇ دادىسىغا ئوخشاشلا ھەم سۇلتانلىق قىلغان ھەم ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىپ، كۆپلىگەن ئەسەرلەرنى يېزىپ قالدۇرغان. خۇددى تارىخچى موللا مۇسا سايرامى كۆرسەتكىنىدەك، «ئابدۇرېشىتخان ناھايىتى غەيرەتلىك، سېخىيلىقتا تەڭدىشى يوق، ئۆلىما، پەزىلەتلىك، شائىر كىشى ئىدى. پارس، تۈرك تىللىرىدا ياخشى شېئىرلارنى يازاتتى. مۇزىكا ئىلمىدا فىساغورس (قەدىمكى يونان موزىكشۇناسى) ئىدى.» ①

رەشىدىنىڭ پارسچە ۋە تۈركچە «دىۋانى رەشىدى»، «مەشۇقنامە»، «غەزەلىياتى رەشىدى» قاتارلىق ئەسەرلىرى بار.

## مۇھەممەد مىرزا ھەيدەر (1500 — 1551)

مۇھەممەد مىرزا ھەيدەر — يەكەن خانلىقىنىڭ سىياسىي، ھەربىي ۋە مەدەنىي ئەربابى. ئۇنىڭ نەسەبى ۋە توغۇلغان جايى توغرىلىق تالاش - تارتىشلار بولسىمۇ، لېكىن ئىلىم ئەھلى ئاساسەن ئۇنى قەشقەرلىك دەپ قارايدۇ.

مۇھەممەد مىرزا ھەيدەر ئەدەبىيات ساھەسىدە پارسچە «ئاياز شىكەستە» ياكى «ئاياز» دېگەن تەخەللۇسى بىلەن كىشىلەرگە تونۇلغان. ئۇ زەھىرىدىن مۇھەممەد بابۇر (1483 — 1530) ئىزىدىن مېڭىپ تارىخىي تەزكىرە يازغان. ئەمما، ئۇ بابۇردىن پەرقلىق ھالدا ئۆز ئەسىرىنى پارس تىلىدا يازغان. مۇھەممەد مىرزا ھەيدەرگە شان - شەۋكەت ئېلىپ كەلگەن ئەسەر — «تارىخى رەشىدى» دۇر. بۇ ئەسەر پارسچە يېزىلغان بولۇپ، مەزمۇن جەھەتتىن، تۇغلۇق تۆمۈر (مىلادى

① «تارىخى ئەمنىيە»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1988 - يىل نەشرى، 18 - بەت.

www.uyghurkitap.com



1331 — 1363 - يىللىرى) خاندىن باشلانغان مۇغۇلىستان خانلىقى (مىلادى 1348 — 1514 - يىللىرى) دەۋرى بىلەن يەركەن خانلىقىنىڭ دەسلەپكى دەۋرى (مىلادى 1514 — 1551 - يىللىرى) دىكى شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ مۇپەسسەل تارىخى بولۇپ، ئۆزىنىڭ تارىخىي ماتېرىياللىق ۋە بەدىئىي ئۇسلۇب جەھەتتىكى قىممىتى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىياشۇناسلىق تەتقىقاتىدىكى مەشھۇر ئەسەرلەر قاتارىدىن ئورۇن ئالىدۇ. بۇ ئەسەر 1838 - يىلى مۇھەممەد نىياز بىننى غۇپۇر بەگ تەرىپىدىن ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان. ئۇنىڭدىن كېيىن ئىنگلىز تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان. شۇنىڭ بىلەن ئەسەرنىڭ شۆھرىتى كۆنسېرى ئېشىشقا باشلىغان.

## مەھمۇد جوراس (1626 — 1696)

مەھمۇد جوراس يەكەن خانلىقىنىڭ ئاخىرقى دەۋرلىرى، خوجىلار دەۋرىنىڭ ئالدىنقى مەزگىلىدە ياشىغان تارىخچى، ئەدىب ۋە شائىر. ئۇ ئۇيغۇرلاشقان موغۇل نەسەبىدىكىلىرى ئائىلىسىدە توغۇلغان. كىچىك چېغىدىن تارتىپلا مەدرىسلەردە پارس، ئەرەب تىللىرىنى ئۆگەنگەن، شەرق ئەللىرىنىڭ تارىخى ۋە ئەدەبىياتىدىن بىلىم ئالغان.

مەھمۇد جوراس ئاساسەن پارس تىلىدا ئەسەر يازغان. ئۇنىڭ پارسچە ئىككى كىتابى بولۇپ، مەزمۇنەن تارىخىي ئەسەرلەر دائىرىسىگە كىرىدۇ، ئەمما بەدىئىي خۇسۇسىيىتى چېلىقارلىق بولغاچقا، ئەدەبىي ئەسەرلەر قاتارىغىمۇ كىرىدۇ. بۇ ئىككى ئەسەر — «تەۋارىخ» («تارىخى رەشىدى زەيلى» دەپمۇ ئاتىلىپ كەلگەن) ۋە «ئەنىسەت - تالىبىن» («تەلەپكارلار قاياشى») دىن ئىبارەت. بۇلاردىن «تەۋارىخ» بىرقەدەر داڭلىق بولۇپ، ئاپتورىغا شانۇ - شەۋكەت ئېلىپ كەلگەن. ئەسەردە تارىخىي ۋەقەلىكلەر بايان قىلىنىش بىلەن بىرلىكتە تارىخىي شەخسلەر تەزكىرىسى بېرىلگەن. تەتقىقاتچىلار مەزكۇر ئەسەردىكى ئۇچۇر - مەلۇماتلارغا ئاساسەن، يەركەن خانلىقى دەۋرىدىكى بىر قىسىم ئەدىبلەر توغرىسىدا يىپ ئۇچلىرىغا ئېرىشمەكتە. بىز يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن سۇلتان سەئىدخان، سۇلتان ئابدۇرىشىتخان (رەشىدى) غا ئائىت مەلۇماتلارمۇ ئاساسەن مەھمۇد جوراسنىڭ «تەۋارىخ» ناملىق ئەسىرىدىن كەلگەن. شۇڭا، پارس تىللىق تارىخچى ۋە ئەدىب مەھمۇد جوراسنىڭ ئەسەرلىرى يەركەن خانلىقى ۋە خوجىلار دەۋرىدىكى شىنجاڭ تارىخى ۋە شەخسلەر تەزكىرىسىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم مەنبەلىك رولىنى ئوينايدۇ.

## مۇھەممەد سىدىق زەلىلى (1676 — 1755)

مۇھەممەد سىدىق زەلىلى XVII — XVIII ئەسىرلەردە ئۆتكەن ئۇيغۇر شائىرى. ئۇ يەركەندە تۇغۇلغان، شىنجاڭنىڭ كۆپ يەرلىرىنى كېزىپ، كۆپلىگەن مازار ۋە ماشايىخلارنى تاۋاب قىلغان.

زەلىلى پارسچە، ئەرەبچىدە يېتىشكەن شائىر. ئۇنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتى ئۇيغۇر تىلى بىلەن پارس تىلىدا ئېلىپ بېرىلغان. ئۇنىڭ پارسچە شېئىرلىرى مەخسۇس بىر توپلام بولغان. ھازىر ئۇنىڭ پارسچە 46 لىرىك غەزىلى ساقلانماقتا.

زەلىلىنىڭ پارسچە غەزەللىرى ئۆزىگە خاس ئۇسلۇبقا ئىگە بولۇپ، تىلى گۈزەل، تەقلىد ـ ئۇخشىتىشلىرى كۆركەم، پىكىرلىرى چوڭقۇر بولۇپ، ئەينى زامان شىنجاڭ رايونىدىكى پارسچە شېئىرلارنىڭ يۇقىرى سەۋىيىسىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ.

مەزمۇن جەھەتتە، زەلىلى شېئىرلىرىنىڭ تېماتىكىسى ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە يۇرت سۆيەرلىكى بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ. بولۇپمۇ ئۇ ئۆز ئانا يۇرتى — يەركەن دىيارىنى جەننەت كەبى تەسۋىرلەپ شېئىر يازغان. تەسەۋۋۇپ ئېقىمى شىنجاڭنى قاپلاپ، تەركىي دۇنياچىلىقنى تەرغىب قىلغان شېئىرلار ئەۋجىگە چىققان ئاشۇ دەۋرلەردە، زەلىلى بۇ ئېقىمغا ئۆزىنى بەك ئۇرۇپ كەتمىگەن. ئۇ ئۇيغۇرچە شېئىرلىرىدا ئۇيغۇر كلاسسىك شېئىرىيىتىنىڭ ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلغان بولسا، پارسچە غەزەللىرىدە پارس ـ تاجىك كلاسسىك غەزەللىياتىنىڭ ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلغان. ئۇنىڭ شېئىر ـ غەزەللىرىدە خەلقچىللىق ئىدىيىسى ۋە ئۈمىدۋارلىق روھ چاقناپ تۇرىدۇ.

زەلىلىنىڭ ئانا تىلدا يازغان «سەفەرنامە» ۋە «چىلتەن تەزكىرىسى» تارىخىي ۋە بەدىئىي قىممەتكە ئىگە.

## خوجا ياقۇپ ئەرشى (1685 — 1756)

خوجا ياقۇپ ئەرشى ھازىرقى تاجىكىستاننىڭ خوجەند شەھىرىدە دۇنياغا كەلگەن ھەم مۇشۇ قەدىمكى مەدەنىيەتلىك رايوندا ھەم يەركەندە بىلىم تەھسىل قىلغان. پارس، ئەرەب ۋە تۈرك تىللىرىنى پىششىق ئۆگەنگەن.

خوجا ياقۇپ ئەرشى كۆپرەك ھاكىمىيەت ۋە ئىجتىمائىي ئىشلار بىلەن شۇغۇللانغان. لېكىن ئۇ قارا قورساق خان بولمىغاچقا، ئەل ۋە يۇرتنىڭ مەدەنىيىتى ۋە ئەدەبىياتىغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلگەن. ئۆزىمۇ قولىغا قەلەم ئېلىپ ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان.

خوجا ياقۇپ ئەرشى ھەم تۈركىي تىلدا ئەدەبىي ئىجادىيەت ئېلىپ بارغان ھەم تاجىك ـ پارس تىلىدا شېئىر يازغان. ئۇ تاجىكلار رايونىدا تۇغۇلغانلىقى، بىلىم تەھسىل قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ شېئىرىي ئىجادىيەتلىرى كۆپرەك تاجىكىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسىدە ساقلانماقتا. XVIII ئەسىردە تاجىكلارنىڭ زەبەردەست شائىرى سەيىدا نەسەفىي ۋاپات بولغاندا، ئەرشى بۇ قەدىناس بۇرادىرىنىڭ ۋاپاتىغا قايغۇرۇپ، ئۇنىڭ غەزەللىرىگە تاجىكچە مۇخەممەس يازغان. ئەرشىنىڭ تاجىك ـ پارس تىلىدا يازغان شېئىرلىرى «دىۋانى ئەرشى فارسى» نامى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com


بىلەن توپلام بولغان. ئېيتىشلارچە، مەزكۇر دىۋان ھازىرمۇ تاجىكىستان پە... ئاكادېمىيىسىدە (NHB №2277/1) نامى بىلەن ساقلانماقتا ئىكەن.

خوجا ياقۇپ ئەرشىنىڭ تۈركچە ۋە پارسچە شېئىرلىرى XVIII ئەسىردىكى ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا ماتېرىياللىق قىممىتىگە ئىگە.

## تەجەللى (1856 — 1925)

تەجەللى — ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ ئاخىرقى ۋەكىللىرىدىن بىرى. ئۇ قەشقەرنىڭ قاغىلىق ناھىيىسىدە بىر مەرىپەتلىك ئائىلىدە تۇغۇلغان. ئۇ دادىسى بىلەن مەككە، ھىندىستان، ئىران ۋە ئافغانىستانغا بېرىپ، ئىلگىرى - ئاخىر بۇ يەرلەردە مەدرىسىلەردە ئوقۇپ، پارس، ئەرەب، ھىندى، ئوردو تىللىرىنى ئۆگەنگەن. بۇنداق كۆپ خىل مەدەنىي تىللارنى ئىگىلەش ئارقىلىق شائىرنىڭ ئىقتىدارى ھەسسىلەپ ئاشقان. شائىر ئۈچ تىلدا ئىجادىيەت ئېلىپ بارغان ۋە تارىخى - تەزكىرە ئەسەرلەرنى يازغان. ھازىرچە ئېنىق بولغان مەلۇماتلاردىن قارىغاندا، شائىرنىڭ ئۇيغۇرچە، ئەرەبچە، پارسچە شېئىرلىرىدىن جەملەنگەن 17 قەسىدە، 31 پارچە مۇسەددەس، 15 پارچە ھەر خىل تېمىدىكى ئەسەرلەر بار. ئۇلار ئىچىدىن «تۆھبەتۇل بەررەيىن» (ئىككى قۇرۇقلۇق ئۈچۈن تۆھپە) توپلىمىدىكى كۆپ قىسىم قەسىدىلەر پارس تىلىدا يېزىلغان بولۇپ، مۇھەممەد پەيغەمبەر مەدھىيىلىرى، زامان شىكايىتى قاتارلىق مەزمۇنلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. «سەپدەرنامە» (قەھرىمانغا مەدھىيە) ئۇيغۇر ۋە پارس تىلىدا يېزىلغان شېئىرلار توپلىمىدۇر. «تىلسىمى ئىشق» (سىرلىق مۇھەببەت) ساپ پارس تىلىدا يېزىلغان سۆيگۈ ناخشىلىرى ۋە غەزەللىرىدۇر.

شائىر يەنە پارسچە لۇقما ھەكىمنىڭ «تىببى ئەزەم» ناملىق كىتابىنى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلغان.

تەجەللى ياشىغان دەۋردىكى شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئىجتىمائىي، تارىخىي ھادىسىلىرى ۋە ئەدەبىياتىنى تەتقىق قىلىشتا تەجەللى ئەسەرلىرى قىممەتلىك ماتېرىيال ھېسابلىنىدۇ.

* *

يۇقىرىدىكى شائىر، يازغۇچىلاردىن باشقا، يەنە ئەھمەد يەسەۋى (1005 — 1106)، ئابدۇرەھىم ھافىز (XIV — XV ئەسىرلەردە ياشىغان)، جامال قارشى (تەخمىنەن 1230 - يىللىرى تۇغۇلغان)، سەيفى سەرايى (XIV ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا ياشىغان)، سەئىدىددىن كاشغەرى (1377 — 1458)، ئەھمەد ھاجىبەگ (XV ئەسىردە ياشىغان)، يۇسۇپ ئەمىرى (XV — XIV ئەسىردە ياشىغان) زىلەيخا بېگىم (مىلادى 1608 - يىلى تۇغۇلغان)، ھىرقەتى (1634 — 1724)، نەۋبەتى (1691 — 1760) قاتارلىق شائىر - يازغۇچىلارمۇ پارس تىلىدا ئوقۇغان ھەم پارس تىلىدا شېئىر يازغان.

تەرجىمە ئەدەبىياتى ساھەسىدە، ئۇيغۇر تەرجىمانلىرىدىن سەيفى سەرايى

تاجىك - پارس كلاسسىكى شەيخ سەئدى (1208 ـ 1292) نىڭ مەشھۇر «گۈلىستان» ئەسىرىنى، مۇھەممەد سادىق پارسچە «مەجمۇئەتۇل - مۇھەققىقىن» دېگەن ئەسەرىنى، نامەلۇم ئۇيغۇر تەرجىمانى رەبغۇزىنىڭ پارسچە «قىسسەسۇل رەبغۇزىنى» نى «قىسسەئى ئەنبىيا» نامى بىلەن ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلغان. 1751 - يىلى «تارىخى رەشىدى» پارس تىلىدىن ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان. بۇلاردىن باشقا، پارسچە «كەلىلە ۋە دىمنە»، «رەۋزەتۇس - سەفا»، «شەھنامەئى فىردەۋسى»، «تارىخى ئەل ئىسلام»، «تارىخى بىناكەتى»، جامىنىڭ «يۇسۇپ - زىلەيخا» داستانى، «ئەخلاقۇل - مۇھسىنىن» (گۈزەل ئەخلاق) قاتارلىق پارسى ئەسەرلىرى كېيىنى - كېيىندىن تەرجىمە قىلىنىپ، كەڭ ئۇيغۇر زىيالىيلىرى بىلەن يۈز كۆرۈشتى.

پارس تىللىق ئۇيغۇر يازغۇچىلىرى، شائىرلىرى، تەزكىرىچىلىرى سان جەھەتتىن كۆپ. بىز سەھىپە چەكلىمىلىكىنى كۆزدە تۇتۇپ، ۋەكىللىك خاراكتېرىگە ئىگە بىر قىسمىلىرىنىلا قىسقىچە تونۇشتۇردۇق.

## پايدىلىنىلغان ماتېرىياللار


1. مەھمۇد قەشقەرى: «دىۋانۇ لۇغاتىت - تۈرك»، ئىككىنچى توم، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1983 - يىل نەشرى.
2. باباجان غاپۇروپ: «تاجىكلار تارىخى»، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى 1985 - يىل خەنزۇچە تەرجىمە نەشرى.
3. بەن گۇ: «خەننامە»، جۇڭخۇا نەشرىياتى 1983 - يىل نەشرى.
4. «تەۋارىخى مۇسىقىيۇن»، مىللەتلەر نەشرىياتى 1982 - يىل نەشرى.
5. ئەزىز قەيىمۇۋ: «ئەلىشىر نەۋائى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1993 - يىل نەشرى.
6. «تارىخى ئەمىنىيە»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1988 - يىل نەشرى.
7. «تارىخى رەشىدى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1983 - يىل خەنزۇچە نەشرى.
8. «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تىزىسلىرى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1987 - يىل ئۇيغۇرچە نەشرى.
9. شەرىپىدىن ئۆمەر: «ئۇيغۇرلاردا كلاسسىك ئەدەبىيات»، شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1988 - يىل نەشرى.
10. غەيرەتجان ئوسمان: «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ قىسقىچە تارىخى»، 1992 - يىل نەشرى.
11. «جۇڭگو تاجىكلىرى»، شىنجاڭ داشۆسى نەشرىياتى 1994 - يىل ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە نەشرى.
12. «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ مۇناسىۋەتلىك سانلىرى.
13. ھەرقايسى گېزىت - ژۇرناللارنىڭ مۇناسىۋەتلىك سانلىرى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# چۆچەكلەر

## شەمشەرشاھ

بۇرۇنىنىڭ بۇرۇنىسىدا بىر شەھەر بولغانىدىكەن. شۇ شەھەر پادىشاھىنىڭ ئاتا-ئانىسىدىن مىراس قالغان بىر شەمشىرى بار ئىكەن. ئۇ پادىشاھنىڭ يەنە بىر ئوغلى بار ئىكەن. ئۇ پادىشاھ ئاتا-ئانىسىدىن مىراس قالغان ئاشۇ شەمشەرنىڭ ھەققى-ھۆرمىتى ئۈچۈن ئوغلىغا «شەمشەرشاھ» دەپ ئىسىم قويغانىكەن. شەمشەرشاھ ئون سەككىز ياشقا كىرگىچە ئالەمدىكى ھەممە ئىلىم-ھۈنەر، ھېكمەتلەرنى ئۆگىنىپ كامالەتكە يېتىپ ئۆز زامانىسىدىكى تەڭداشسىز پالۋان سانىلىپتۇ. شەمشەرشاھ ئون سەككىز ياشقا توشقاندا ئاتىسى ئاغرىپ قاپتۇ. پادىشاھ ئۆز شەھرىدىكى داڭلىق تېۋىپلارنى تەكلىپ قىلىپ كېسىلىنى كۆرسىتىپتۇ. لېكىن، تېۋىپلار پادىشاھدىن كېسەل تاپالماپتۇ. پادىشاھ شۇ شەھەردىكى تېۋىپلار پىرىنى چاقىرىپ كېسىلىنى كۆرسىتىپتۇ. تېۋىپلار پىرى پادىشاھنىڭ تومۇرىنى تۇتۇپ:

— ئەي پادىشاھىم، كۆڭۈللىرىنى ياساپ يالغان سۆزلەيمەنمۇ ياكى كۆڭۈللىرىنى غەش قىلىپ راست سۆزلەيمەنمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ. پادىشاھ:

— ئەي تېۋىپ، يالغان سۆزلىسەڭ نېمە پايدا، راست سۆزلىسەڭ نېمە زىيان؟ — دەپتۇ. تېۋىپ:

— يالغان سۆزلىسەم مەن ئىنئام ئالىمەن. لېكىن، كۆڭۈلسىز بولىمەن. سىلى ئەخمەق بولىلا، راست سۆزلىسەم مەن خاتىرجەم بولىمەن. سىلىنىڭ كېيىنكى ئىشلارغا كۆڭۈللىرىدە سان بولىدۇ، — دەپتۇ. پادىشاھ ئويلىنىپ:

— راست سۆزلىگىن، — دەپتۇ. تېۋىپ:

— ئەي پادىشاھ، سىلىنىڭ بۇ كېسەللىرى قېرىلىق كېسىلى — دەپتۇ. پادىشاھ تېۋىپنىڭ سۆزىنىڭ تېگىگە يېتىپتۇ. تېۋىپقا ئىنئام بېرىپ يولغا سېلىپتۇ. ھەم ئوغلى شەمشەرشاھنى ئالدىغا چاقىرىپ:

— ئەي ئوغلۇم، مەن قېرىپ بىر پۇتۇم گۆرگە ساڭگىلىدى. مەن ئۆلۈشتىن ئىلگىرى ساڭا ۋەسىيەت قىلىمەن ئېسىڭدە مەھكەم تۇت، — دەپتۇ. شەمشەرشاھ:

— ئەي شاھ ئاتا، ئېيتقانلىرىنى دىلىمغا مۆھۈر قىلىپ باسىمەن، — دەپتۇ. پادىشاھ:

— ئەي ئوغلۇم، سەن ئىسمىڭنى نېمە ئۈچۈن «شەمشەرشاھ» دەپ قويغانلىقىمنى مەندىن نەچچە نۆۋەت سورىغانىدىڭ. ئۇ چاغدا مەن كېيىن ئېيتىپ بېرىمەن دېگەنىدىم. مانا ئەمدى پۇرسەت كەلدى. مەندە ئاتا - ئانامدىن مىراس قالغان بىر خىسلەتلىك شەمشەر بار ئىدى. مەن شۇ شەمشەرنىڭ ھەققى ھۆرمىتى ئۈچۈن سېنىڭ ئىسمىڭنى «شەمشەرشاھ» دەپ قويغان. ئۇ شەمشەرنى ساڭا بېرىمەن. ئوبدان ساقلىغىن، — دەپ شەمشەرنى مەرمەر ساندۇقتىن ئالدۇرۇپ، شەمشەرشاھقا بېرىپتۇ. شەمشەرشاھ شەمشەرنى ئېلىپ قارىسا، شەمشەرنىڭ سېپىغا «شەمشەرشاھ» دەپ ئالتۇندا خەت چېكىلگەنىكەن. شەمشەرشاھ بۇ شەمشەرنى يېنىغا ئېسىۋاپتۇ. شەمشەرشاھقا تېخىمۇ ھەيۋەتلىك تۇس كىرىپتۇ.
پادىشاھ شەمشەرشاھنى يەنە ئالدىغا ئولتۇرغۇزۇپ:

— ئەي ئوغلۇم، — سەن ئىشىك ئالدىدىكى قەبرىنى كىمنىڭ قەبرىسى، ئۇنى نېمىشقا ئىشىك ئالدىدىن يۆتكىۋەتمەيمىز دەپ نەچچە نۆۋەت سورىغانىدىڭ. ئۇ چاغدا كېيىن ئېيتىپ بېرىمەن دېگەنىدىم. ئەمدى ئاڭلا، ئىشىك ئالدىدىكى قەبرە سېنىڭ قولۇڭدىكى ئاشۇ شەمشەرنىڭ خىسلىتى بىلەن بەنت قىلىنغان بىر دېۋىنىڭ قەبرىسى. ئېسىڭدە بولسۇنكى ئۇ قەبرىنىڭ ئۈستىگە يۇندا ياكى سۇ چېچىپ قويمىغىن. ئەگەر، شۇنداق بولۇپ قالسا ئۇ دېۋە ئەسلىگە كېلىپ ساڭا ئاۋارىچىلىق تېپىپ بېرىدۇ، — دەپ ۋەسىيەت قىپتۇ.

ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي پادىشاھ پانى ئالەمدىن باقى ئالەمگە سەپەر قىپتۇ. شەمشەرشاھ ئاتىسىنىڭ ئورنىغا پادىشاھ بولۇپ تەختتە ئولتۇرۇپتۇ. ئۇ تەختتە ئولتۇرۇپ قىرىق كۈندىن كېيىن ئاتىسىنىڭ قىرقى نەزىرىسىنى بېرىپتۇ. قىرىق بىرىنچى كۈنى ئانىسىنىڭ ئالدىغا كىرىپ:

— ئەي ئانا، مەن شىكارغا چىقىپ كەلسەم، — دەپ سوراپتۇ. ئانىسى رۇخسەت بېرىپتۇ. شەمشەرشاھ ئۆز يىگىتلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ شىكارغا مېڭىش ئالدىدا ئانىسىغا:

— ئەي ئانا، بىرەرسى ئىشىك ئالدىدىكى قەبرىگە سۇ ياكى يۇندا چېچىپ قويمىسۇن، — دەپ تاپىلاپ كېتىپ قاپتۇ.

شەمشەرشاھنىڭ ئانىسى ئۆيدە قېلىپ: «شاھنىڭ قارىلىقىنى تۇتىمەن دەپ ئۈستى - بېشىمنى سۇغا سالمىغىلى قىرىق بىر كۈن بولدى. بويۇمنى سۇغا سىلىۋالاي» دەپ ئويلاپ، بويىنى سۇغا ساپتۇ. ئۇ يۇندىسىنى تۆككەنىكەن يۇندىنىڭ تامچىسى ئىشىك ئالدىدىكى قەبرىگە چاچراپ كېتىپتۇ. شۇ ھامان يەر تېگىدىن:

— سۇ، سۇ — دېگەن ئېچىنىشلىق ئاۋاز ئاڭلىنىپتۇ. بۇ ئاۋازنى ئاڭلاپ ئۇ چۆچۈپ كېتىپتۇ. شۇ چاغدا ئوغلىنىڭ ئۇۋغا ماڭغىچە ئېيتقان سۆزى يادىغا كېلىپ، «بۇنىڭ ئاستىدا نېمە بولغىيدى» دەپ قىزىقىپ، ئۆيدىن بىر تەڭنە سۇ ئەپچىقىپ قەبرىگە چېچىپتۇ. شۇ ھامان ھېلىقى قەبرە ئىچىدىن بىر دېۋىنىڭ بېشى چىقىپتۇ - دە:

— ئەي مەزلۇم، ساڭا رەھمەت: ياخشىلىق قىلدىڭ، ئەمدى ئاخىرىغىچە ياخشىلىق قىل. بىر تەڭلە سۆيۈك بىلەن بېشىم چىقتى. ئەمدى يەنە بىر تەڭلە سۇ چاچساڭ توپا زىنداندىن تولۇق قۇتۇلىمەن — دەپ يالۋۇرۇپتۇ.

كۆكۈلچەك ئانا «قېنى نېمە بولاركىن» دەپ، يەنە بىر تەڭلە سۇ چاچقانىكەن، دېۋە توپا زىنداندىن قۇتۇلۇپ چىقىپ، ئايالنى تۇتۇۋاپتۇ ۋە مۇنداق دەپتۇ:

— مېنى توپا زىنداندىن قۇتۇلدۇردۇڭ، بۇ ياخشىلىقىڭدۇر. لېكىن، يەر يۈزىگە چىقىرىپ مەشۇقلىرىمدىن ئايرىۋەتتىڭ. شۇ ۋەجىدىن ماڭا خوتۇن بولۇشقا ۋەدە قىل. بولمىسا ئۆزۈم چىققان توپا زىندانغا سېنى بەنت قىلىۋېتىمەن، — دەپتۇ.

ئايال قورقۇپتۇ. دېۋە تەلپىدە چىڭ تۇرغاچقا ئايال ئامالسىز ئۇنىڭ تەلپىگە قوشۇلۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن دېۋىنى گەمىگە سولاپ ئوغلىدىن خۇپىيانە ساقلاپتۇ.

كۈنلەر، ئايلار ئۆتۈپتۇ. شەمشەرشاھ دېۋە بىلەن ئانىسىغا پۈتكىلىكاشاڭ بوپتۇ. بىر كۈنى دېۋە:

— سەن مېنى توپا ئاستىدىن قۇتۇلدۇرۇپ چىقىپ گەمىگە سولىدىڭ، بۇ ئىككىمىزنىڭ نېمە پەرقى، سەن ئوغلۇڭنى كۆزدىن يىراق قىلمىساڭ مەن ئۆزۈمنى ئاشكارىلايمەن. سېنى شەرمەندە قىلىمەن ياكى سېنى ئۆزۈم چىققان يەرگە بەنت قىلىۋېتىمەن، — دەپ تەھدىت سېپتۇ شەمشەرشاھنىڭ ئانىسى قورقۇپ كېتىپ:

— ئۇنىڭغا نېمە ئامال قىلسام بولىدۇ — دەپ سوراپتۇ. بۇلار ئىككىسى مەسلىھەتلىشىپ شەمشەرشاھنى يوقاتماقچى بوپتۇ. دېۋە شەمشەرشاھنىڭ ئانىسىغا:

— سەن قورسىقىم ئاغرىدى دەپ يېتىۋالغىن. بالاڭ كېلىپ نېمە بولدى دەپ سورىسا، ئۈچ كۈن بولدى قورسىقىم ئاغرىپ كېتىۋاتىدۇ. ھۆر تاغنىڭ ئۆڭكۈرىدە بىر بۆرە كۈچۈكلەيدۇ. شۇنىڭ سۈتىدىن ئىچسەم ساقىياتتىم دېگىن، — دەپتۇ. ئايال دېۋىنىڭ دېگىنىدەك ئاغرىغان بولۇپ يېتىۋاپتۇ:

شۇ كۈنى شەمشەرشاھ ئوۋدىن قايتىپ كەپتۇ. ئۇ ئانىسىنىڭ ھوجرىسىغا كىرسە ئانىسى ئالىلتوۋا قىلىپ ياتقۇدەك. شەمشەرشاھ ئانىسىنىڭ ھالىنى كۆرۈپ چۆچۈپ كېتىپ:

— ۋاي ئانا، نېمە بولدى، — دەپ سوراپتۇ ئانىسى:

— سەن ئۇۋغا كەتكەندىن باشلاپ قورسىقىم ئاغرىپ كەتتى. مانا ئۈچ كۈن بولدى. ھېچ توختىمايۋاتىدۇ، — دەپتۇ. شەمشەرشاھ:

— مەن تېۋىپ چاقىرىپ كىرەي، — دەپتۇ. ئانىسى:

— مەن تېۋىپقا كۆرۈندۈم. ئۇ دورا بۇيرۇپ بەردى. سەن شۇ دورىنى ئەكەلسەڭ مەن ساقىيىپ كېتىمەن — دەپتۇ. شەمشەرشاھ:

— تېۋىپ نېمە دورا بۇيرۇدى — دەپ سوراپتۇ. ئانىسى:

— تېۋىپ: «ساڭا بۆرە سۈتى دورىكەن. ھازىر ھۆر تاغدا بۆرە كۈچۈكلەيدىغان ۋاقىت، ئوغلۇڭ ھۆر تاغقا بېرىپ بۆرە سۈتى ئەكەلسە بىر قوشۇق ئىچسەڭ ساقىيىپ قالىسەن» دېدى، — دەپتۇ.

شەمشەرشاھ ھۆر تاغقا بېرىپ بۆرە سۈتى ئەكىلىشكە ماقۇل بوپتۇ. ئۇ كېچىچە سەپەر تەييارلىقىنى پۈتتۈرۈپ ئەتىسى سەھەر يولغا چىقىپتۇ. ئۇ شۇ ماڭغىنىچە كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ يول يۈرۈپتۇ. يول يۈرسىمۇ مول يۈرۈپ يۇرتنى كەينىدە قالدۇرۇپ بىر چۆل- جەزىرىگە چىقىپتۇ. ئۇ جەزىرە ئىچىدە كېچە - كۈندۈز يول يۈرۈپ بىر بۇلاق بېشىغا بېرىپ قاپتۇ. بۇلاق بېشىدا بىر تۈپ ئاسمان پەلەك بوي تارتىپ، يەتتە پاتمان يەرگە سايە تاشلاپ ئۆسكەن چىنار بار ئىكەن. ئۇ بۇلاق سۈيىدىن ئىچىپ، چىنار سايىسىدە ئولتۇرۇپ ئۇخلاپ قاپتۇ. ئۇ چۈش كۆرۈپتۇ. چۈشىدە نۇرانە چىراي، ئاپئاق ساقال بىر بوۋاينى كۆرۈپتۇ. ئۇ بوۋاي شەمشەرشاھنىڭ سالىمىنى ئىلىك ئېلىپ:

— ئەي ئوغلۇم، بۇ يەردە نېمە ۋەجىدىن ياتىسەن، سەپىرىڭ قايان — دەپ سوراپتۇ. شەمشەرشاھ:

— ئانامنىڭ قورسىقى ئاغرىپ قالغانىدى. ئۇنىڭغا بۆرە سۈتى دورا ئىكەن. ھازىر ھۆر تاغدا بۆرە كۈچۈكلەيدىغان پەيت. شۇڭا، بۆرە سۈتى ئالغىلى كېتىۋاتىمەن، — دەپتۇ.

— ئانا يولىدا يولۇڭ يول بولغاي، — دەپتۇ بوۋاي بىر تال ئالتۇن يىڭنىنى ئۇنىڭغا تۇتقۇزۇپ، — شۇ تاپتا بىر نەچچە ئاي بولدى، ھۆر تاغدىكى ئۆڭكۈردە ئانا بۆرىنىڭ پۇتىغا تىكەن كىرىپ كېتىپ كېچە - كۈندۈز ئازاب چېكىپ يېتىۋاتىدۇ. ئۇنىڭ تاپىنىدىكى تىكەننى ئېلىۋەتسەڭ بۆرە ئارام تاپىدۇ. شۇ چاغدا ئۇ سېنىڭدىن: «ئەي ئادىمىزات، بۇ يەرگە نېمە ھاجەت بىلەن كەلدىڭ» دەپ سورايدۇ. سەن مەقسىتىڭنى ئېيتقىن. تۇر ئورنۇڭدىن! — دەپ ۋارقىراپتۇ.

شەمشەرشاھ چۆچۈپ ئويغانسا چۈشى ئىكەن. ئۇ قولىدا بىر تال ئالتۇن يىڭنە تۇرغانلىقىنى كۆرۈپتۇ. ئۇ ئالتۇن يىڭنىنى سىقىمدىغىنىچە ھۆر تاغقا قاراپ مېڭىپتۇ. يىراقتىن ھۆر تاغنى كۆرۈپتۇ. شۇ چاغدا بىر ئەجدىھا چىقىپ ئۇنىڭ يولىنى توساپتۇ. ئۇ ئەجدىھا بىلەن ئۈچ كېچە- كۈندۈز ئېلىشىپتۇ. شەمشەرشاھ ئاجىزلاپ يىقىلىپ قالغىلى قىل قاپتۇ. ئۇنىڭ قولىدىن شەمشەر چۈشۈپ كېتىپتۇ. شۇ چاغدا قولىدىكى ئالتۇن يىڭنە ئۇچۇپ چىقىپ ئەجدىھانىڭ ئوڭ كۆزىدىن كىرىپ، سول كۆزىدىن چىقىپتۇ. ئەجدىھا تىن تارتماي ئۆلۈپتۇ. شەمشەرشاھ ئەجدىھا تېرىسىدىن قىرىق غۇلاچ تاسما ئېلىپ، بېلىگە ئوراپ يولىنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ. ئۇ كېتىپ بارسا ئالدىغا ئاجايىپ ھەيۋەتلىك، ئۇ قېتىنى كۆرگىلى بولمايدىغان بىر دەريا ئۇچراپتۇ. ئۇ دەريادىن قانداق ئۆتەرمەن دەپ بېشى قېتىپ تۇرۇشىغا قولىدىكى ئالتۇن يىڭنە ئۇچۇپ چىقىپ دەريانىڭ ئۈستىگە كۆۋرۈك بوپتۇ. شەمشەرشاھ دەريادىن ئۆتۈپتۇ. يەنە ئۈچ كۈن يول يۈرۈپ ھۆر تاغدىكى ئۆڭكۈرگە كىرىپتۇ. ئۆڭكۈردە بىر بۆرە ئىڭراپ ياتقانىكەن. شەمشەرشاھ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



بۆرىنىڭ پۇتىنى سىلاپ ئالتۇن يىڭنە بىلەن تىكەننى ئېلىۋېتىپتۇ. تىكەن سانچىلغان جايدىكى يىرىڭنى تازىلاپتۇ. پەشمىتىنىڭ پېشىنى يىرتىپ بۆرىنىڭ پۇتىنى تېڭىپ قويۇپتۇ. بۆرە ئىڭراشتىن توختاپتۇ. بۇ ياخشىلىقنى كۆرگەن بۆرە شەمشەرشاھتىن:

— ھەي ئادىمىزات، بۇ يەرگە نېمە مەقسەتتە كەلدىڭ، — دەپ سوراپتۇ. شەمشەرشاھ مەقسىتىنى ئېيتىپتۇ. بۆرە:

— مېنىڭ تۆت بالام ئۇۋىغا چىقىپ كەتتى. سەن قوينۇمغا كىرىپ يېتىپ تۇرغىن. ئۇلار سېنى تاسادىپى كۆرۈپ قالسا ئۇقۇشماي ساڭا زىيان يەتكۈزۈپ قويمىسۇن، — دەپتۇ.

شەمشەرشاھ بۆرىنىڭ قوينىغا يوشۇرۇنۇپتۇ. بىر ھازادىن كېيىن بۆرە باللىرى كېلىپ:

— ئەي ئانا، ئادىمىزاتنىڭ ھىدى بارغۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— باللىرىم، بۇ جاھاندا ۋاپاغا ۋاپامۇ، جاپامۇ؟ — دەپتۇ ئانا بۆرە.

— ۋاپاغا ۋاپا، — دېيىشىپتۇ بۆرە باللىرى.

— بىر ئادىمىزات، تاپىنىمدىكى تىكەننى ئېلىۋېتىپ، مېنى ئازابتىن قۇتقۇزدى ئۇ ئەسلى مېنىڭ بىر قوشۇق سۇتۇمگە ھاجىتى چۈشۈپ كەلگەندىكەن — دەپتۇ ئانا بۆرە.

— ئانا، بىز ئادىمىزاتنى كۆرۈپ باقمىغان بىر كۆرسەتكىنە.

— سىلەردىن ئۇنى يەپ قويامدىكىن دەپ ئەنسىرەيمەن، — دەپتۇ ئانا بۆرە.

— سېنى ئازابتىن قۇتقۇزغان ئادىمىزاتنى يەيمىزمۇ؟

ئانا بۆرە شەمشەرشاھنى قوينىدىن چىقىرىشىقا يەنە بىر چىشى بۆرە شەمشەرشاھنى ھاپلا قىلىپ يۇتۇۋاپتۇ. ئانا بۆرە خاپا بولۇپ:

— ھەي ھارامزادە، بۇ نېمە قىلغىنىڭ، سېنىڭ ۋاپاغا ۋاپا قىلغىنىڭ شۇمۇ؟! — دەپ ۋارقىراپتۇ.

— ئەي ئانا، شەمشەرشاھ ئۆز يېرىدە پالۋان سانالغان بىلەن كامالەتكە يەتمىگەن. مېنىڭ قورسىقىمدىن چىقسا جاھاندا تەڭدىشى يوق پالۋانغا ئايلىنىدۇ. ھەممە ئىشى ئوڭغا تارتىدۇ. مەن يەنە بۇنىڭغا يانداپ بىر بۆرە تۇغىمەن، — دەپتۇدە، بىر ئىنچىقلاپ شەمشەرشاھ بىلەن قوشۇپ بىر بۆرە بالىسى تۇغۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن سۈتىنى سېغىپ شەمشەرشاھقا بېرىپتۇ. شەمشەرشاھ بىلەن بىرگە تۇغۇلغان بۆرە بالىسىنى شەمشەرشاھقا بېرىپتۇ. شەمشەرشاھ ئۇ يەردىن ئايرىلغان چاغدا، شەمشەرشاھنى يۇتقان بۆرە:

— ئەي شەمشەرشاھ، سېنىڭ جېنىڭ ئەمدى شەمشەرگە بەنت قىلىندى. سەن ھەقىقى شەمشەرشاھ بولدۇڭ. بۇ سىرنى چىڭ ساقلىغىن — دەپ جېكىلەپتۇ.

شەمشەرشاھ بۆرە بالىسى بىلەن شەھەرگە كەپتۇ. ئانىسى بۆرە سۈتىنى ئېچىپ ساقايغان بوپتۇ. دېۋە مەقسىتىگە يېتەلمەپتۇ. ئاردىن يەنە بىر مەزگىل

ئۆتكەندىن كېيىن دېۋە شەمشەرشاھنىڭ ئانىسىغا يەنە تەھدىت ساپتۇ. شەمشەرشاھنىڭ ئانىسى دېۋىنىڭ يول كۆرسىتىشى بىلەن ئەمدى چىشىم ئاغرىدى دەپ يېتىۋاپتۇ. شەمشەرشاھ ئوۋدىن قايتىپ كېلىپ:

— ئانا، نېمە بولدۇڭ؟ — دەپ سوراپتۇ. ئانىسى:

— ئەي ئوغلۇم، سەن ئوۋ ئوۋلاپ ئويۇن-تاماشا بىلەن يۈرۈيسەن، مەن بۇ يەردە چىش ئاغرىقىنىڭ دەردىدە ئۆلەي دېدىم، — دەپتۇ. شەمشەرشاھ:

— مېنى كەچۈر ئانا، مەن تېۋىپ چاقىرتىپ كېسىلىڭنى داۋالىتاي — دەپتۇ. ئانىسى:

— مەن تېۋىپقا كۆرۈندۈم. بۇ چىش ئاغرىقىغا تېۋىپنىڭ دورىسى كار قىلمايدىكەن. ئەگەر مېنىڭ چىشىمغا داۋا ئىزدەيمەن دېسەڭ قەلقە تېغىغا بارغىن دەپتۇ.

— ئۇ يەردە دورا بارمىكەن، — دەپتۇ شەمشەرشاھ.

— شۇ يەردە بىر دېۋە بار، شۇ دېۋىنىڭ چىشى چىش ئاغرىقىغا دورا ئىكەن. شۇ دېۋىنىڭ چىشىنى ئەكىلىپ بەرسەڭ چىشىم ساقىيىدۇ — دەپتۇ ئانىسى.

شەمشەرشاھ قەلقە تېغىغا بېرىشقا ماقۇل بوپتۇ. ئۇ تەييارلىقىنى پۈتتۈرۈپ بۆرە بالىسىنى ھەمراھ قىلىپ يولغا چىقىپتۇ. ئۇ شۇ ماڭغىنىچە يەتتە كېچە-كۈندۈز يول يۈرۈپتۇ. ئۇ يولنىڭ يېرىمىنى بېسىپ بولۇپ چارچاپ قاپتۇ. ئۇ ئارام ئېلىش ئۈچۈن بىر سايىنى تېپىپ ئولتۇرغانىكەن كۆزى ئۇيقۇغا كېتىپتۇ. ئۇ چۈشىدە يەنە ئاپئاق ساقال، نۇرانە چىراي بوۋاينى كۆرۈپتۇ. ئۇ بوۋايغا سالام بېرىپتۇ، بوۋاي ئۇنىڭدىن ئەھۋال سوراپتۇ. شەمشەرشاھ ئانىسىنىڭ تەلىپى بويىچە كېتىپ بارغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. بوۋاي:

— ئەي ئوغلۇم، سەن ئۇ يەرگە چىڭقى چۈشتە بارغىن. بۇ چاغدا دېۋە يەرگە سۇ چېچىپ، مەيدىسىنى نەم يەرگە يېقىپ ئۈچ كۈن ئۇخلايدۇ. سەن شۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ قىسقۇچ بىلەن دېۋىنىڭ چىشىنى يۇلۇشقا باشلا. دېۋە ئاغرىققا چىدىماي ئويغىنىپ يالۋۇرىدۇ. ئاخىرىدا سېنىڭدىن ئايرىلماس دوست بولۇشقا ۋەدە بېرىدۇ. مە، مانا قىسقۇچ. بۇ بولمىسا ھەرقانچە قىلساڭمۇ دېۋىنىڭ چىشىنى سۇغۇرالمايسەن. تۇر ئورنىڭدىن! — دەپ ۋارقىرايدۇ.

شەمشەرشاھ چۈشتىن چۆچۈپ ئويغىنىپ كېتىپتۇ. ئۇ قولىدا بىر قىسقۇچنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ ئاپئاق ساقال بوۋايغا دۇئا قىلىپ يولنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ. شەمشەرشاھ يول يۈرۈپ قەلقە تېغىنىڭ قارىسىنى كۆرگەندە ئالدىنى ئىككى كۆزىنىڭ ئوتتۇرىسىدا مۈڭگۈزى بار بىر مەخلۇق چىقىپ توساپتۇ. شەمشەرشاھ ئۇ مەخلۇق بىلەن ئېلىشىشقا باشلاپتۇ. شەمشەرشاھ شەمشىرى بىلەن ئۇ مەخلۇقنىڭ مۈڭگۈزىنى ھەر نۆۋەت چاپسا مۈڭگۈزى ئىككى پارچە بولۇپ كېتىپ، دەرھاللا يەنە ئىلگىرىكىدىن ئىككى غېرىچ ئۆزىراپ قالىدىكەن. شەمشەرشاھ مۈڭگۈزنى توختىماي چېپىپتۇ. مۈڭگۈزمۇ ئۈزلۈكسىز ئۆسۈشكە باشلاپتۇ. ئاخىرى شەمشەرشاھ ئۇ مەخلۇقنىڭ مۈڭگۈزىنى چېپىپ تۈگۈتەلمەي

www.uyghurkitap.com

چارچاپ كېتىپتۇ. شۇ چاغدا ئۇنىڭ يادىغا بوۋاي بەرگەن خىسلەتلىك قىسقۇچ كېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن مەخلۇقنىڭ مۇڭگۈزىنى قىسىپ بىر تارتقانىدىكەن، مۇڭگۈزىنى يەردىن قامقاقنى يۇلغاندەك يۇلىۋاپتۇ. ئۇ مەخلۇق شۇ هامان كۆزدىن غايىپ بوپتۇ. شەمشەرشاھ يەنە يولىنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ. ئۇ بىر مەزگىل يول يۈرگەندىن كېيىن ئالدىنى چەكسىز كەتكەن چىغانلىق توساپتۇ. چىغاننىڭ هەربىر شىخىدا توخۇدەك زورلۇقتىكى زەھەرلىك ئۆمۈچۈكلەر خىرىس قىلىشىپ، نەشتەرلىرىنى دىڭگايتىپ تۇرغۇدەك. شەمشەرشاھ دەسلەپتە شەمشىرى بىلەن چىغانلارنى چېپىپ، ئۆمۈچۈكلەرنىڭ بېشىنى ئېلىپ ئىلگىرىلەپتۇ. لېكىن، ئۇزۇنغا بارماي چارچاپتۇ. ئاخىر بوۋاي بەرگەن قىسقۇچ بىلەن شەمشىرىنى سۈركىگەنىكەن. دەھشەتلىك چاقماق چېقىپ چىغانلىققا ئوت تۇتۇشۇپتۇ. شۇ هامان بىر توكۇر قۇيۇنتاز پەيدا بولۇپ چىغانلىقنى كۆيدۈرۈپ تۈگىتىپتۇ. شەمشەرشاھ يولىنى داۋاملاشتۇرۇپ بۆرە بالىسىنىڭ هەمراھلىقىدا قەلقە تېغىغا كەپتۇ. شەمشەرشاھ ئىزدەپ دېۋىنى تېپىپ قارىسا، ئۇخلاپ ياتقۇدەك. تارتقان خورىگىدىن قەلقە تېغى تىترەپ تۇرغۇدەك. شەمشەرشاھ دېۋىنى ئاستا ئۆرۈپ، قىسقۇچ بىلەن ئوتتۇرا چىشىنى قىسىپ بىر تارتقانىكەن، دېۋىنىڭ چىشىنى سۇغۇرىۋاپتۇ. دېۋىنىڭ يەنە بىر چىشىنى سوغۇرۇشقا تەمشەلگەندە دېۋە ئويغىنىپ:

— ئەي ئادىمىزات مېنىڭ چىشىمنى يۇلۇپ نېمە قىلىسەن — دەپ سوراپتۇ. شەمشەرشاھ:

— سېنىڭ چىشىڭ، ئانامنىڭ چىش ئاغرىقىغا دورا بولۇپ قالدى، — دەپ بۇ يەرگە كېلىش مەقسىتىنى ئېيتىپ بېرىپتۇ. دېۋە ئۇنىڭ ئېيتقانلىرىنى ئاڭلاپ:

— مېنىڭ چىشىم دورا بولسا مەن ئۆزۈملا باراي - دەپ ئايرىلماس دوست بولۇشقا ۋەدە بېرىپتۇ. شەمشەرشاھ، بۆرە بالىسى، دېۋە ئۈچىسى شەھەرگە ساق سالامەت قايتىپ كەپتۇ. شەمشەرشاھنىڭ ئانىسى دېۋە چىشىنى ئېلىپ ساقايغان بولۇپتۇ.

شەمشەرشاھ يەنە بۆرە بالىسى بىلەن دېۋىنى كەينىگە سېلىپ ئوۋ ئوۋلاپ يۈرۈپتۇ. شۇ كۈنلەردە دېۋە شەمشەرشاھنىڭ ئانىسىغا يەنە:

— سەن ئوغلۇڭغا يەر ئاستى پادىشاھىنىڭ قىزىنى ئەكىلىپ بەرگىن، يالغۇزلۇق تارتىپ قالدىم دېگىن — دەپ ئەقىل كۆرسىتىپتۇ. ئۇ ماقۇل بوپتۇ.

بىر كۈنى شەمشەرشاھ دوستلىرى بىلەن ئوۋدىن قايتىپ كەلسە ئانىسى يىغلاپ ئولتۇرغانىكەن. شەمشەرشاھ ئانىسىدىن:

— ئەي ئانا ساڭا نېمە بولدى، نېمىگە يىغلايسەن، — دەپ ئەھۋال سوراپتۇ. ئانىسى:

— ئەي ئوغلۇم، سەن دوستلىرىڭ بىلەن ئوۋ ئوۋلاپ ئويۇن - تاماشا قىلىپ يۈرۈيسەن. مەن ئۆيدە يالغۇز قېلىپ ئىچىم پۇشۇپ كەتتى. شۇڭا سېنى ئۆيلەپ

قويۇپ كېلىن قىزنىم بىلەن مۇڭدىشىپ ئولتۇرسام دەيمەن. سەن ماڭا يەر ئاستى پادىشاھىنىڭ قىزىنى كېلىنلىككە ئەكىلىپ بەرگىن دەپتۇ.

شەمشەرشاھ ماقۇل بولۇپ، ھەمراھلىرى بىلەن يولغا چىقىپتۇ. لېكىن، ئۇلار يەر ئاستى پادىشاھىنىڭ ئوردىسىنى بىلمەيدىكەن. شەمشەرشاھ يول ئۈستىدە خىزىر بوۋايغا يەنە ئۇچراپتۇ. بوۋاي ئۇنىڭدىن:

— ئەي ئوغلۇم سەپىرىڭ قايان؟ — دەپ سوراپتۇ.

شەمشەرشاھ ئانىسىنىڭ تەلىپى بويىچە سەپەرگە چىققانلىقىنى ئېيتىپتۇ.

بوۋاي:

— ئوغلۇم تەڭرىگە تەۋەككۇل قىلىپ يولغا چىقىپسەن. ساڭا يول كۆرستەي سەن مۇشۇ نىشاندىن ئاداشماي ئۈچ كۈن ماڭساڭ بىر تاغ باغرىغا بارىسەن، تاغ باغرىدىكى قۇدۇق دەل يەر ئاستى پادىشاھىنىڭ ئوردىسى. سەن مۇنۇ ئارغامچا بىلەن ئوردىغا چۈشكىن ھەمراھلىرىڭ قۇدۇق سىرتىدا سېنى كۈتسۇن. يولدا ئۇچرىغانلىكى كىشىنى ئۆزۈڭگە ھەمراھ قىلىۋالغىن، — دەپتۇدە، كۆزدىن غايىپ بوپتۇ.

ئۇلار ئۈچ كۈن يول يۈرۈپ بوۋاي ئېيتقان تاغ باغرىغا بېرىپ، ئوردىغا چۈشىدىغان قۇدۇقنى تېپىپتۇ. ئۇلار ھېلىقى ئارغامچىنىڭ بىر ئۇچىنى قۇدۇق بېشىدىكى چىنارغا چىگىپ بىر ئۇچىنى قۇدۇققا سالىپتۇ. شەمشەرشاھ قۇدۇققا چۈشكىچە ھەمراھلىرىغا:

— خوش بۇرادەرلەر خۇداغا ئامانەت، مېنىڭ قايتىشىمنى كۈتۈڭلار دېگىنىچە قۇدۇققا چۈشۈپتۇ. شۇ چۈشكىنىچە قانچىلىك ۋاقىت كەتكىنىنى ئۇقالماپتۇ بىر چاغدا پۇتى يەرگە تېگىپتۇ. كېتىۋېتىپ تىنماي تاغتى ئۇسۇۋاتقان بىرەيلەننى ئۇچرىتىپتۇ. ئەسلىدە ئۇ ئالماس چوققا باتۇر ئىكەن. شەمشەرشاھنىڭ كېلىشىنى ئاڭلاپ ئۇنىڭ بىلەن بىر ئېلىشىپ باقماقچى بولغانىكەن.

— قېنى نوچى بولساڭ مەيدانغا چۈش، مانا مەن شەمشەرشاھ بولىمەن. ئىككىمىز بىر ئېلىشايلى، — دەپتۇ شەمشەرشاھ.

ئىككىسى ئېلىشىشقا باشلاپتۇ. ئۇلار دەھشەت بىر قەپەس ئېلىشقاندىن كېيىن شەمشەرشاھ ئالماس چوققىنى يېڭىۋاپتۇ. ئۇلار دوستلىشىپ يەر ئاستى پادىشاھىنىڭ ئوردىسىغا قاراپ راۋان بوپتۇ. ئۇلار كېتىۋاتسا بىر كۆلنىڭ سۈيىنى بىر پىيالە چاي ئورنىدا ئىچىپ، بىر شەھەر خەلقىنىڭ بىر يىللىق ئوزۇقىنى بىر قېتىمدا يەۋېتەلەيدىغان گىلەم قورساق باتۇر يوغان قورسىقىنى سۆرەپ شەمشەرشاھ بىلەن بىر ئېلىشقىلى كېلىۋاتقۇدەك.

— مانا مەن شەمشەرشاھ، قېنى ئېلىشقۇڭ بولسا مەيدانغا چۈش - دەپتۇ شەمشەرشاھ.

ئۇلار ئىككىسى ئېلىشىشقا باشلاپتۇ. ئۇلارنىڭ ھەيۋىسىدىن ئالەمنى چاڭ - توزان بېسىپ قاراڭغۇلۇق قاپلاپتۇ. ئاخىرى شەمشەرشاھ گىلەم قوساقنى يېڭىپ دوست بولۇشۇپتۇ.

ئۇچەيلەن پادىشاھ قەسىرىگە قاراپ يول ئاپتۇ. كېتىۋېتىپ بىر ئادەمنىڭ

www.uyghurkitap.com



ئىككى سەرلىك ياغاچ بولقا بىلەن تۆمۈر كۆتەكنى يېرىپ ئولتۇرغىنىنى كۆرۈپتۇ. شەمشەرشاھ:

— ھەي پالۋان ھۆنۈرۈڭ قالتىسقۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— شۇنداق ھۆنۈرۈم قالتىس بولمىسا شەمشەرشاھنىڭ ئالدىنى توساپ ئولتۇرماس ئىدىم. ئۇنى تولا ساقلاپ زېرىكىپ ياغاچ بولقىدا تۆمۈر پارچىلاپ ئولتۇرىمەن - دەپتۇ ئۇ پالۋان.

— مانا مەن شەمشەرشاھ بولىمەن.

— شەمشەرشاھ بولساڭ مەيدانغا چىق، بىر ئېلىشايلى — دەپتۇ ھېلىقى پالۋان.

شەمشەرشاھ مەيدانغا چۈشۈپتۇ، ئۇلار دەسلەپتە تەرتىپلىك ئېلىشىپ بىر-بىرىنى يىقالماپتۇ. نەچچە كېچە - كۈندۈزلەپ قاتتىق ئېلىشىپتۇ. شەمشەرشاھ ئاخىر پالۋاننى يىقىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن شەمشەرشاھ باشلىق تۆتەيلەن سەپەرنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ. ئۇلار زىمىستان قىش بولۇۋاتقان بىر يەرگە كېلىپ قارىغۇدەك بولسا بىر ئادەم كۆپ - كۆك مۇزدا يالىڭاچ كاسىسى بىلەن مۇزنى سىيپاپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ. شەمشەرشاھ ئۇنىڭدىن:

— سەن نېمە ئادەم، بۇ يەردە نېمە قىلىپ يۈرىسەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

ئۇ ئادەم:

— مەن مۇزكاسسا پالۋان بولىمەن. شەمشەرشاھنى كېلىۋاتىدۇ دەپ ئاڭلاپ ئۇنىڭ بىلەن ئېلىشماقچىدىم، ئۇ كەلگىچە بىكارچىلىقتا زېرىكىپ مۇز تېيىلىۋاتىمەن، — دەپتۇ.

شەمشەرشاھ بىلەن مۇزكاسسا پالۋان بىر نەچچە كۈن ئېلىشىپتۇ. ئاخىرى شەمشەرشاھ ئۇنىمۇ يىقىپتۇ. ئۇلار يولنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ. ئۇلار بىر تاغ ئىچىگە كىرسە بىر ئادەم ئىككى تاغنى ئىككى قولىغا ئېلىپ سوقۇشتۇرىۋاتقۇدەك.

شەمشەرشاھ بۇنى كۆرۈپ:

— ھەي سەن نېمە ئادەم، نەگە ماڭدىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— مەن تاغ يۆتكەر پالۋان، شەمشەرشاھنى كەپتۇ دەپ ئاڭلاپ، ئۇنى ئىككى تاغنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئېلىپ مىجىقىنى چىقىرىۋېتىشكە ماڭدىم، — دەپتۇ ھېلىقى پالۋان.

— قورۇق ھەيۋەڭنى قوي، مانا مەن شەمشەرشەھ بولىمەن، قېنى نوچى بولساڭ مەيدانغا چىق ئىككىمىز ئېلىشىپ باقايلى، — دەپتۇ شەمشەرشاھ.

پالۋان ئىككى قولىدىكى تاغنى قىرىق كۈنلۈك يەرگە چۆرۈۋېتىپ مەيدانغا چۈشۈپتۇ. ئۇلار ئىككىسى ئېلىشىشقا باشلاپتۇ. ئۇلار شۇنداق ھەيۋە بىلەن ئېلىشىپتۇكى، ئەتراپتا قاراپ تۇرغانلار قورققىنىدىن كۆزلىرىنى چىڭ يۇمىۋاپتۇ. ئۇلار شۇنداق ھەيۋە بىلەن بىر نەچچە كېچە — كۈندۈز ئېلىشىپتۇ. ئاخىرى تاغ يۆتكەر پالۋان يىقىلىپتۇ. ئالتەيلەن يولنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ. ئۇلار شۇنداق ھەيۋە بىلەن كېتىۋاتسا ئالدىدىن بىر ئادەم بەش بارمىقى بىلەن يەر ئاغدۇرۇپ چىقىپ كەپتۇ.

شەمشەرشاھ بۇنى كۆرۈپ:

— سەن نېمە ئادەم، نەگە كېتىۋاتىسەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

ئۇ ئادەم:

— مەن تۆمۈر تىرناق پالۋان بولىمەن، شەمشەرشاھنى كەپتۇ دەپ ئاڭلاپ ئۇنى تىرناقلىرىم بىلەن تىلىم — تىلىم قىلىپ گۆشلىرىنى تۇزغا باساي دەپ كېتىۋاتىمەن، — دەپتۇ.

—مانا مەن شەمشەرشەھ، ئېلىشقۇڭ بولسا مەيدانغا چۈش، — دەپتۇ شەمشەرشاھ.

ئىككىسى ئېلىشىشقا باشلاپتۇ. ئۇلار شۇ ئېلىشقىنىچە يەتتە كېچە — كۈندۈز ئېلىشىپتۇ. ئاخىرى شەمشەرشاھ تۆمۈر تىرناق پالۋاننى يېڭىپتۇ. تۆمۈر تىرناق پالۋان شەمشەرشاھقا قول قويۇپتۇ. يەتتەيلەن ھەممىسى بولۇشۇپ ئاخىر پادىشاھ ئوردىسىغا بېرىشىپتۇ. يەر ئاستى پادىشاھىنىڭ خىزمەتكارلىرى:

— ۋاي پادىشاھى ئالەم، مېھمان كەلدى، — دەپ يەر ئاستى پادىشاھىغا خەۋەر قىپتۇ. يەر ئاستى پادىشاھى ئۇلارنى قوبۇل قىلىپ:

— خوش، نېمە مەقسەتتە كەلدىڭلار؟ — دەپ سوراپتۇ.

— تەقسىر، سىلىنىڭ بىر قىزلىرى بار ئىكەن شۇ قىزلىرى ئۈچۈن ئالدىلىرىغا كەلدۇق، — دەپتۇ شەمشەرشاھتىن باشقىلىرى.

— كەلگىنىڭلار ياخشى بوپتۇ. بۇنىڭدىن ئىلگىرىمۇ سىلەرگە ئوخشاش نەچچىسى كەلگەن. ئۇلار مەن قويغان شەرتلەرنى ئورۇندىيالماي قانداق كەلگەن بولسا شۇنداق كېتىشكەن. سىلەرمۇ مېنىڭ ئاشۇ شەرتلىرىمنى ئورۇندىساڭلار قىزىمنى بېرىمەن ئورۇندىيالمىساڭلار كاللاڭلارنى ئالىمەن — دەپتۇ پادىشاھ.

— خوش تەقسىر، نېمە شەرتلىرى باركىن؟ — دەپتۇ شەمشەرشاھ.

— بىرىنچى شەرتىم، تۆمۈر كۆتەكنى ياغاچ پالتا بىلەن يېرىپ بېرىسىلەر. ئىككىنچى شەرت: ئوردىنىڭ ئارقىسىدىكى تاغنى قىرىق كۈنلۈك يەرگە يۆتكەيسىلەر. ئۈچىنچى شەرت: ئوردىنىڭ ئالدىدىكى ئاشۇ كۆرۈنۈپ تۇرغان تاغدىن بۇ يەرگە ئىككى ئۆستەڭ سۇ باشلاپ كېلىسىلەر. تۆتىنچى شەرت: قىرىق قولاقلىق قازانغا ھالال جانىۋاردىن مىڭلاپ سويىسىلەر، ئاندىن ئۇنى پىشۇرۇپ ھەممىنى يەپ بولىسىلەر. بەشىنچى شەرت: قىزىم بىلەن تەڭ تۇغۇلغان بىر قوچقار بار ئۇنىڭ بىلەن بىر مەيدان ئۇسۇشىسىلەر. ئالتىنچى شەرت: تۆمۈر ئۆيىنىڭ ئىچىدە بىر كېچە ياتىسىلەر. بۇ شەرتلەرنى ئادا قىلساڭلار قىزىمنى ئالىسىلەر.

شەمشەرشاھ ماقۇل بوپتۇ. تامام شەھەر خەلقى تاماشا كۆرۈشكە ھازىرلىنىپتۇ. شەمشەرشاھ تۆمۈر كۆتەك يارغۇچى پالۋاننى ئىشقا سېپتۇ. پادىشاھنىڭ بىرىنچى شەرتى ئورۇنلىنىپتۇ. بۇنى كۆرگەن تامام شەھەر خەلقى پالۋانغا ئاپىرىنلار ئوقۇشۇپتۇ. شۇ تەرىقىدە ئىككىنچى شەرتنى تاغ يۆتكەر باتۇر، ئۈچىنچى شەرتنى تۆمۈر چوققا باتۇر، تۆتىنچى شەرتنى تۆمۈرتىرناق باتۇر،

www.uyghurkitap.com

بەشىنچى شەرتنى گىلەم قورساق باتۇر بەجا كەلتۈرۈپتۇ. پادىشاھ غەزەپلىنىپ ئالتىنچى شەرت بويىچە ئۇلارنى تۆمۈر ئۆيگە سولاپ سىرتىغا ئوت قويۇپتۇ. بىر چاغدا مۇزكاسسا باتۇر كارامىتىنى كۆرسىتىپتۇ. مۇلازىملار ئەتىسى ئىشىكنى ئېچىپ قارىسا، ھەممىسىنىڭ چىرايىنى قىرو باسقان، ئۇلار توڭلىغىنىدىن تىترەپ تۇرۇشقان. پادىشاھ ئامالسىز قىزىنى ئۇلارغا قوشۇپ قويۇپتۇ. شەمشەرشاھ ئالتە پالۋان بىلەن خوشلىشىپ قىزنى ئېلىپ قۇدۇق ئاغزىغا كەپتۇ، ئىككى ھەمراھى ئۇلارنى قۇدۇقتىن چىقىرىپ بىرلىكتە ئوردىغا قايتىپتۇ.

ئانىسى ناھايىتى خۇشال بولغان بوپتۇ. ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇلارنىڭ توينى قىلىپ قويۇپتۇ. شەمشەرشاھ ۋىسال جامىدا شەربەت ئىچىپتۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي شەمشەرشاھ يەنە ئۆز ئادىتى بويىچە كۆندە شىكارغا چىقىپ كېتىدىغان بوپتۇ. شۇ كۈنلەردە دېۋە شەمشەرشاھنىڭ ئانىسىغا:

— قارىغاندا ئوغلۇڭنىڭ جېنى ئۆز تېنىدە ئەمەس ئىكەن. شۇنچە خەتەرلىك ئىشلارغا بۇيرۇساقمۇ پۈتتۈرۈپ كەلدى. ئەمدى بىز ئۇنىڭ جېنىنىڭ نەدە ئىكەنلىكىنى بىلىپ، شۇ ئارقىلىق ئۆلتۈرمىسەك بولمىغۇدەك، — دەپتۇ.

شەمشەرشاھنىڭ ئانىسى:

— ئۇنىڭ جېنىنىڭ نەدە ئىكەنلىكىنى قانداق بىلىمىز، — دەپ سوراپتۇ.

دېۋە:

— ئۇنىڭ خوتۇنىغا بىر قېرى جادۇگەرنى سالايلى، شۇ خوتۇنى ئارقىلىق سوراپ بىلسۇن، — دەپتۇ.

شەمشەرشاھنىڭ ئانىسى ماقۇل بولۇپ، بىر جادۇگەر موماينى تېپىپتۇ، ئالدىغا نۇرغۇن ئالتۇن — كۈمۈشنى تۆكۈپ، مەقسىتىنى ئېيتىپتۇ. جادۇگەر موماي ئالتۇن — كۈمۈشنى كۆرۈپ ماقۇل بوپتۇ. شەمشەرشاھنىڭ ئانىسى ئۇ يەردىن كېلىپ يەنە تەتۈر قاراپ يېتىۋاپتۇ. شەمشەرشاھ ئوۋدىن قايتىپ كېلىپ ئانىسىنىڭ خاپا بولۇپ ياتقانلىقىنى كۆرۈپ:

— ئەي ئانا يەنە نېمە بولدى — دەپ سوراپتۇ.

— ئەي ئوغلۇم، سەن توي قىلدىم دەپ ئۆيدە ئولتۇرمىساڭ، خوتۇنۇڭ زېرىكىپ كېتىدىكەن. سەن ئۇنىڭغا بىرەر ھەمراھ تېپىپ بەرمىسەڭ، مەن ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئالىمەن دەپ پاي — پىتەك بولۇپ كېتىدىكەنمەن، — دەپتۇ.

شەمشەرشاھ ئايالىغا بىر ھەمراھ تېپىپ بېرىشكە ماقۇل بوپتۇ. ئەتىسى ئۇ ئادەم ئىزدەپ ئىشىكتىن چىقىشىغا ئانىسى بىلەن كېلىشىپ ئالغان جادۇگەر مومايغا ئۇچراپتۇ. شەمشەرشاھ ئۇ مومايغا سالام بېرىپ:

— ئەي موما، نەگە ماڭدىڭلا؟ — دەپ سوراپتۇ.

— بالام، ماڭا گەپ قىلما، ئۆز ئۆمرۈمدە ئەركەك چىۋىنىنىمۇ كۆرمىگەنمەن — ؟ دەپتۇ موماي تەتۈر ئۆرۈلۈپ.

شەمشەرشاھ بۇ موماي راسا لايىق ئىكەن دەپ ئويلاپ:

— ئەي موما، پاناھ جايلىرى نەدە، بارار جايلىرى قايسى؟ — دەپ سوراپتۇ.

مومای:

— پاناھىم خۇدا، بارار جايىم خۇدانىڭ دەرگاھى، — دەپتۇ.

شەمشەرشاھ، — ئەي موما، مېنىڭ خوتۇنۇمغا ھەمراھ بولسىلا، سىلىگە باشپاناھ بولاي، خىزمەتلىرىنى قىلاي، — دەپتۇ.

— مەن باشقىلارغا ئۆتنىمىغانىدىم، سەن پادىشاھ بولغاندىكىن خىزمىتىڭنى قىلسام قىلاي، — دەپتۇ موماي.

شەمشەرشاھ مومايىنى ئۆيىگە ئاپىرىپ ئايالىغا تونۇشتۇرۇپتۇ. موماي بىر نەچچە كۈن مەلىكىنىڭ خىزمىتىنى جان كۆيدۈرۈپ ئىشلەپتۇ. شەمشەرشاھمۇ مومايىنىڭ خىزمىتىدىن رازى بوپتۇ. خانىشمۇ مومايغا ئىچەكىپ كېتىپتۇ. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە شەمشەرشاھ يەنە ئوۋغا كېتىپتۇ. بۇ پۇرسەتنى كۈتۈپ تۇرغان موماي خانىشنىڭ چېچىنى تاراپ ئولتۇرۇپ:

— قىزىم سىز كىمنىڭ قىزى؟ — دەپ سوراپتۇ.

— مەن يەر ئاستى پادىشاھىنىڭ قىزى بولىمەن، — دەپتۇ قىز.

— شەمشەرشاھ سىزنى قانداق قىلىپ ئالغان؟

— ئېرىم، تەڭداشسىز كۈچ قۇدرەتكە ئىگە بولغاچقا ئاتامنىڭ شەرتلىرىنى ئورۇنداپ ئالغان.

— شەمشەرشاھ سىزگە ئىشىنەمدۇ؟

— مەن ئايالى تۇرسام نېمىشقا ئىشەنمىسۇن!

— ئەگەر ئىشەنسە، شەمشەرشاھ قايتىپ كەلسە ئۇنىڭدىن «سىزنىڭ جېنىڭىز قايەردە» دەپ سوراپ بېقىڭ. ئېرىڭىز «ھەجەپ سوراپ قالدىڭغۇ» دەپ سورىسا، «سىز ئوۋغا چىقىپ كەتكەندە جېنىڭىزنى كۆرۈپ ئولتۇرسام سىز بىلەن بىرگە تۇرغاندەك بولىمەن» دەڭ. ھەقىقەتەنمۇ ئۇنىڭ جېنى يېنىڭىزدا بولسا بىرگە بولغاندەك راھەت ياشايسىز، — دەپتۇ موماي، مەلىكە ماقۇل بوپتۇ.

شۇ كۈنى شەمشەرشاھ ئوۋدىن قايتىپ كەپتۇ. مەلىكە قەستەنگە دومسىيىپ يېتىۋاپتۇ. شەمشەرشاھ ئەھۋال سورىغانىكەن مەلىكە:

— ئەي شاھىم، سىز مېنى شۇنچە يەردىن يالغۇز ئولتۇرسۇن دەپ ئېلىپ كەلگەنمۇ؟ سىز مېنى ئۇنتۇپ قىلىۋاتىسىز — دەپتۇ.

شەمشەرشاھ مەلىكىدىن ئەپۇ سوراپ كۆڭلىنى ياساپتۇ. شۇ چاغدا مەلىكە:

— ئەي شاھىم سىز ماڭا ئىشىنەمسىز؟ — دەپ سوراپتۇ.

— نېمىشقا ئىشەنمەيدىكەنمەن!

— راست ئىشەنسىڭىز ماڭا جېنىڭىزنىڭ قايەردە ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىڭ، — دەپتۇ.

شەمشەرشاھ مەلىكىنىڭ بۇ گېپىنى ئاڭلاپ ھۆر تاغقا بۆرە سۈتى ئالغىلى بارغاندا ئانا بۆرىنىڭ ئېيتقانلىرى يادىغا كېلىپ:

— ئەي مەلىكەم، مېنىڭ جېنىم تېنىمدە بولماي نەدە بولغۇدەك، — دەپ يالغان سۆزلەپتۇ. مەلىكە ئۇنىڭ سۆزىگە قايىل بولماي تەتۈر قاراپ:

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

— سىز ماڭا يالغان سۆزلەۋاتىسىز، ماڭا ئىشەنمىسىڭىز ئاتا — ئانا... يېنىغا ئاپىرىۋېتىڭ بولمىسا راست گەپنى قىلىڭ، — دەپتۇ.

شەمشەرشاھ ئىلاجىسىز قاپتۇ. ئاخىر خەيرىيەت، ئۆز ئايالىم ماڭا زىيانكەشلىك قىلماس دەپ ئويلاپ:

— ئەي مەلىكەم سەن بۇنى يامان سورىدىڭ، سەندىن يوشۇرماي، لېكىن بۇ سىرنى سەندىن باشقا ئادەم بىلمىسۇن. مېنىڭ جېنىم شەمشىرىمنىڭ سېپىدا، — دەپ ئۆز سىرىنى خوتۇنىغا ئاشكارىلاپ قويۇپتۇ. بۇ گەپلەرنى ئىشىكنىڭ كەينىدە مۆكۈپ تۇرغان جادۇگەر موماي ئاڭلاپ قاپتۇ.

شەمشەرشاھ ئادىتى بويىچە شىكارغا مېڭىش ئالدىدا مەلىكە نازلىنىپ:

— ئەي شاھىم مېنى يالغۇز تاشلاپ كەتكىلى قويىتىڭىز، جېنىڭىزنى ماڭا قالدۇرۇپ كەتكەن بولسىڭىز ئۆزىڭىز بىلەن بىرگە بولغاندەك راھەت ياشىغان بولاتتىم، — دەپتۇ. مەلىكىنىڭ شېرىن سۆزلىرىدىن كۆڭلى يايراپ كەتكەن شەمشەرشاھ يېنىدىن شەمشەرنى چىقىرىپ مەلىكىگە بېرىپتۇ. بىر كۈن ئۆتۈپ جادۇگەر موماي مەلىكىنىڭ ھوزۇرىغا كېلىپ:

— ئەي مەلىكەم، ئېرىڭىز جېنىنىڭ نەدىلىكىنى ئېيتىپ بەردىمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ. مەلىكە مومايىنىڭ ئالدىدا مەغرۇرلىنىپ:

— ئېيتىپ بەردى، ئېرىمنىڭ جېنى مانا مۇشۇ شەمشەرنىڭ سېپىدا ئىكەن، — دەپ شەمشەرنى كۆرسىتىپتۇ.

موماي شەمشەرنى قولىغا ئېلىپ قاقاقلاپ كۈلۈپتۇ. مەلىكە ھەيران بولۇپ:

— ئەي موما، نېمىگە شۇنچە كۈلۈپ كەتتىلە؟ — دەپ سوراپتۇ. موماي ئۆز ئەپتىنى ئاشكارىلاپ:

— ئەي شەمشەرشاھ، ئاخىر مېنىڭ قولۇمدا ھالاك بولىدىغان بولدۇڭ، — دەپ شەمشەرنى ئوچاقتىكى كۆيۈۋاتقان ئوتقا تاشلاپتۇ.

مەلىكە ئۆزىنىڭ ئالدانغانلىقىنى بىلىپ قاتتىق پۇشايمان قىپتۇ. ئۇ كۆيۈۋاتقان ئوتتىن شەمشەرنى ئالماقچى بولۇشىغا جادۇگەر موماي مەلىكىنى ئۈرۈپ ئايلاندۇرۇپ ئۆيىگە ئېلىپ كېتىپتۇ.

ئوۋ قىلىپ يۈرگەن شەمشەرشاھنىڭ تۇيۇقسىزلا پۈتۈن بەدىنى كۆيۈشۇشكە باشلاپتۇ. ئۇ دەسلەپتە ئۈڭشىلىپ قالارمەن دەپ غەيرەت قىپتۇ. ئاخىر ئىچ — ئىچىدىن قىزىپ، چىدىيالماي قاپتۇ. شەمشەرشاھنىڭ بىئارام بولۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن بۆرە بىلەن دېۋە:

— ئەي شەمشەرشاھ ساڭا نېمە بولدى — دەپ سوراپتۇ. شەمشەرشاھ:

— پۈتۈن بەدىنىم قىزىپ، ئىچىم كۆيۈپ كېتىۋاتىدۇ، مەن ئۆلۈپ كېتىدىغان ئوخشايمەن، — دەپتۇ. بۆرە:

— شەمشەرشاھ، سېنىڭ جېنىڭ تېنىڭدە بولمىسا قانداق ئۆلىسەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

شەمشەرشاھ بولغان ئەھۋالنى ئۇلارغا ئېيتىپ بېرىپ:

— ئەي بۇرادەرلەر، مەن بۇ يەرگە ماڭغىچە جىنىم بەنت قىلىنغان شەمشەرنى ئاپالىمغا قالدۇرۇپ كەلگەن. بىرى ماڭا قەست قىلغان ئوخشايدۇ، — دەپ ھوشىدىن كېتىپتۇ. بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن بۆرە بىلەن دىۋە ھەيران قاپتۇ. ئۇلار شەمشەرشاھنى ياۋايى ھايۋانلار تېگەلمەيدىغان جايغا يوشۇرۇپ شەھەرگە قايتىپ كەپتۇ. ئوردىغا كىرسە مەلىكە يوق. ئۇلار ئۇيان ئىزدەپ، بۇيان ئىزدەپ شەمشەرنى تاپالماپتۇ. بىر چاغدا بۆرە شەمشەرنىڭ موردىكى ئوتتا كۆيمۇاتقانلىقىنى كۆرۈپ دىۋىگە كۆرسىتىپتۇ. دىۋە شەمشەرنى ئوتتىن ئېلىپتۇ. شەمشەرنىڭ سېپى ئېرىپ كەتكەنىكەن. ئۇلار شەمشەرنىڭ سېپىنى ئەسلىگە كەلتۈرسە شەمشەرشاھنىڭ تىرىلىدىغانلىقىنى بىلىپ نۇرغۇن چارە قىپتۇ. لېكىن، بىرەر كىشىمۇ ئۇ شەمشەرنىڭ سېپىنى ئىلگىركىدەك ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە جۈرئەت قىلالماپتۇ. ئاخىر ئۇلار شەمشەرنى ئەسلىگە كەلتۈرىدىغان ئادەمنى ئىزدەش قارارىغا كېلىپ، كۆمۈر كانىدىن كۆمۈر ئېلىپ كېلىپ سېتىشقا كىرىشىپتۇ. دەسلەپتە ھېچ كىم ئۇلاردىن بىرەر پارچىمۇ كۆمۈر ئالماپتۇ. ئارىدىن بىر ھەپتە ئۆتۈپ بىر ئادەم كېلىپ كۆمۈرنىڭ باھاسىنى سوراپتۇ. بۆرە بىلەن دىۋە:

— پۇلغا ساتمايمىز، بىزدە سېپى يوق بىر شەمشەر بارئىدى. شۇنىڭغا ساپ ياساپ، سېپىغا «شەمشەرشاھ» دېگەن خەتنى ئويۇپ بەرسەڭ كۆمۈرنى سەن ئالىسەن دەپتۇ.

— سېپىنى ياسالايمەن، — دەپتۇ ئۇ كىشى — ئەمما مەن خەت بىلمەيمەن.

بۆرە بىلەن دىۋە كۆمۈرنى ئۇ كىشىگە بېرىپ، «شەمشەرشاھ» دېگەن خەتنى يازالايدىغان ئادەمنى ئىزدەش ئۈچۈن قەغەز سېتىشقا باشلاپتۇ.

— قەغەزنىڭ ھەممىسىنى قانچىگە ساتىسەن؟ — دەپ سوراپتۇ بىر كۈنى موللام.

— قەغەزنى پۇلغا ساتمايمىز، بىزگە «شەمشەرشاھ» دېگەن خەتنى مۆھۈر قىلىپ يېزىپ بەرسەڭ ھەممە قەغەزنى بېرىمىز، دەپ جاۋاب بېرىپتۇ بۆرە بىلەن دىۋە.

موللا «شەمشەرشاھ» دېگەن خەتنى مۆھۈر قىلىپ يېزىپ بېرىپ، قەغەزلەرنى ئېلىپ كېتىپتۇ. بۆرە بىلەن دىۋە خەتنى تۆمۈرچىنىڭ ئالدىغا ئاپىرىپ شەمشەرنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپتۇ. ئۇلار شەمشەرنى ئېلىپ شەمشەرشاھنى يوشۇرۇپ قويغان يەرگە كەپتۇ.

— يا خۇدانىڭ ئەمرى، تېز ئەسلىڭگە كەلگىن — دەپ شەمشەرنى شەمشەرشاھنىڭ ئوڭ كۆكسىگە سانجىپتۇ. شەمشەرشاھ شۇ ھامان كۆزىنى ئېچىپ:

— پاھ، راسا ئۇخلاپتىمەن، سىلەر چىمدىمىغان بولساڭلار قاچانغىچە ئۇخلايتتىمكىن، — دەپ ئورنىدىن تۇرۇپتۇ.

بۆرە بىلەن دىۋە بولغان ئەھۋاللارنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. شەمشەرشاھ ئۇلارنىڭ

www.uyghurkitap.com

گېپىنى ئاڭلاپ مەلىكە بىلەن موماينى ئىزدەپ بىر مەھەللىگە كېلىپ قاپتۇ. قارىسا نۇرغۇن ئۇششاق بالىلار بىر قورۇنىڭ ئالدىدا ئويناۋاتقانىكەن. شەمشەرشاھ بالىلاردىن بىرىنى چاقىرىپ:

— ئۇكام، بۇ يەردە نېمە ئىش بولدى، — دەپ سوراپتۇ.

— مەھەللىمىزدە بىر جادۇگەر موماي بار ئىدى. شۇ بىر قىزنى ئوغرىلاپ كەپتىكەن، شۇ قىز بىلەن ئوغلىنىڭ توينى قىلىۋاتىدۇ، — دەپتۇ. بالا.

— بۇ تويىنىڭ بىرىنچى كۈنىمۇ، ئۈچىنچى كۈنىمۇ، — دەپ سوراپتۇ شەمشەرشاھ.

— بىرىنچى كۈنى — دەپتۇ بالا.

شەمشەرشاھ ئۆيگە كىرىپ جادۇگەر موماي بىلەن ئۇنىڭ ئوغلىنى ئۆلتۈرۈپ، مەلىكىنى قۇتۇلدۇرۇپ چىقىپتۇ. مەلىكە شەمشەرشاھنى كۆرۈپ ئۆزىنىڭ باشقىلارنىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشۈپ كەتكەنلىكىنى ئېيتىپ ئەپۇ سوراپتۇ. شەمشەرشاھ مەلىكىنى مېھرى بىلەن باغرىغا بېسىپ ئوردىغا قايتىپ كەپتۇ.

مەلىكە ئوردىغا كېلىپ شەمشەرشاھنىڭ ئانىسىغا سالام بېرىپ چىقاي دەپ ئانىسىنىڭ ھوجرىسىنىڭ ئالدىغا كەلسە شەمشەرشاھنىڭ ئانىسىنىڭ يات بىر ئەر كىشى بىلەن پاراڭلىشىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ تۇرۇپ قاپتۇ. ئۇ ئەر كىشى شەمشەرشاھنىڭ ئانىسىغا دوق قىلىپ:

— سەن ھەرقانچە قىلىپمۇ ئوغلۇڭنى كۆزدىن يىراق قىلالمىدىڭ، ئۇ يەنە ساق ـ سالامەت قايتىپ كەلدى. بول، مېنىڭ تېقىممنى كېسىپ مانتا ئەت، بۈگۈن ئۆز قولۇڭ بىلەن ئوغلۇڭغا يېگۈز، شۇ چاغدا بىزنىڭ مەقسىتىمىز ئەمەلگە ئاشىدۇ، — دەپتۇ. شەمشەرشاھنىڭ ئانىسى:

— بولىدۇ، — دەپتۇ. مەلىكە ئىشىكنىڭ يوچۇقىدىن قاراپ بىر بەد بەشىرە دېۋنى كۆرۈپ چۆچۈپ كېتىپ جىممىدە كەينىگە يېنىپ چىقىپ كېتىپتۇ.

شەمشەرشاھنىڭ ئانىسى مانتىنى پۇشۇرۇپ چىقىپ شەمشەرشاھنىڭ ئالدىغا قويۇپ:

— ئوغلۇم، ئۇزۇن بولدى ساڭا ئۆز قولۇم بىلەن تاماق ئېتىپ بەرمىگىلى، بۈگۈن ئۆز قولۇم بىلەن مانتا ئەتتىم. ئىىغىز تېگىپ باققىن، — دەپتۇ. شەمشەرشاھ ئانىسىغا تازىم قىلىپ رەھمەت ئېيتىپ:

— ئانا، تولىمۇ كايىپ كېتىپسىز، — دەپ مانتىنى ئېلىپ يېمەكچى بولغانىكەن، مەلىكە شەمشەرشاھنىڭ قولىدىن قاچىنى ئېلىۋېلىپ:

— ئەي شاھىم، بۈگۈن سىز نېمە بولدىڭىز، جاپا چېكىپ مانتا ئەتكەن بوزرۇگۋار ئانىمىز تېخى ئېغىز تەگمەي تۇرۇپلا نەپسىڭىز يامانلىق قىلغىنىڭىز نېمىسى؟ — دەپتۇ.

شەمشەرشاھ ئانىسىنى مانتا يېيىشكە تەكلىپ قىپتۇ. ئانىسى:

— مەن سىلەر كەلگۈچە يەپ تويۇۋالدىم، — دەپ خۇپسەنلىك قىپتۇ. شەمشەرشاھ يەنە قول ئۇزۇتۇپتۇ. مەلىكە يول قويماپتۇ. شەمشەرشاھ ئانىسىغا:

— ئەگەر سەن ئېغىز تەگمىسەڭ، ئاچلىقتىن ئۆلۈپ قالساممۇ يېمەيمەن، — دەپ ئانىسىنى قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويۇپتۇ. ئانىسى ئامالسىز بەربىر گۆشقۇ، دەپ ئويلاپ بىر مانتىنى ئېلىپ چىشلىگەنىكەن بوز ئېشەككە ئايلىنىپ قاپتۇ.

بۇنى كۆرگەن شەمشەرشاھ ھەيران بولۇپ، بۇنىڭ نېمە ئەھۋال ئىكەنلىكىنى سورىغانىكەن، مەلىكە ئۆزى بىلگەن ئەھۋالنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. شەمشەرشاھ دەرغەزەپ بولۇپتۇ. شەمشىرىنى ئېلىپ ئانىسىنىڭ خاس ھوجرىسىغا كىرىپ دېۋە بىلەن ئېلىشىپتۇ. شەمشەرشاھ ئاچچىقىدا بىر شەمشەر سېلىپ دېۋىنى ئىككى پارچە قىلىپ جېنىدىن جۇدا قىپتۇ. ئېشەكنى كۆرۈپ ئانىسىنى ئەسلىگە قايتۇرۇشنى دېۋىدىن سورىۋالمىغانلىقىغا قاتتىق پۇشايمان قىلىپتۇ. ئېشەكنى ئۆلتۈرۈۋېتەي دېسە قولى بارماپتۇ. ئاخىرى ئېشەكنى تاغ ئىچىگە قويۇۋېتىپتۇ. شەمشەرشاھنىڭ ئانىسى ئوغلىنىڭ سۆزىگە كىرمىگەنلىكى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ جازاسىنى ئۆزى تارتىپتۇ.

شەمشەرشاھ بىلەن مەلىكە كېيىنكى ئۆمرىدە يۇرتىنى ئادىل سوراپ خاتىرجەم ياشاپ ئۆتۈپ كېتىپتۇ.

ئېيتىپ بەرگۈچى پىچان ناھىيە چىقتىم يېزا قۇمكارىز مەھەللىدىكى: ئابدۇل ھەمدۇل

رەتلىگۈچى: **ئابدۇرېشىت ئىبراھىم.**

(بېشى 166 - بەتتە)

لوقمان ھېكىمغا ۋاقتى سائىتىنىڭ توشقانلىقىنى خەۋەر قىلغانمىش. لوقمان ھېكىم ئۆزىگە بەكمۇ ئوخشايدىغان قىلىپ نەچچە ھەيكەل ياساپ، ئەزرائىلنىڭ كېلىدىغان ۋاقتىغا توغرىلاپ، ھەيكەللەر قاتارىغا كىرىپ ئولتۇرۇپ ئالغانمىش. ئەزرائىل كېلىپ، قايسىسىنىڭ ھەقىقىي لوقمان ھېكىم ئىكەنلىكىنى ئايرىپ ئالالماي، قايتىپ كېتىپ بولغان ئەھۋالنى ئاللا تائالاغا ئېيتقانمىش. ئاللا تائالا ئەزرائىلغا، سەن ھەيكەللەرنىڭ كۆزىگە قولۇڭنى تەگلەپ باقمىدىڭمۇ؟ دېگەنمىش، ئەزرائىل قايتا كېلىپ قاتار تۇرغان ھەيكەللەرنىڭ كۆزىگە قولىنى تەگلىگەنمىش. ھەيكەللەردە ئەزرائىل قولىنى تەگلىگەندە ھېچقاندا ئىنكاس بولمىغانمىش. نۆۋەت لوقمان ھېكىمغا كەلگەندە، ئۇ كۆزىنى قاچۇرۇپ، شىپىلدىتىپ سالغانمىش. شۇنىڭ بىلەن ئەزرائىل ئۇنىڭ جېنىنى ئالغانمىش. لوقمان ھېكىمنىڭ مىڭ ياش ياشىمۇ يەنىلا ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ قالماقچى بولغانلىقىغا قارىتا:

مىڭ يىل ياشىغان لوقمان،
ئۆلۈمگە ھىيلىلەر قىلغان.

دېگەن شېئىر تارقالغانمىش.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# رىۋايەتلەر

## توپلاپ رەتلىگۈچى: تۇرسۇن ھوشۇر ئىدىقۇتى

## ئۇيغۇرلار ۋە بۆكۈخان ھەققىدىكى رىۋايەت

ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادى ئەسلىدە ئۇرخۇن دەريا ۋادىسىدا ياشىغان بولۇپ، بۇ دەريا قارا قۇرۇم تاغلىرىدىن ئېقىپ چۈشەتتى. بۈگۈنكى قاغان ئوردىسى جايلاشقان شەھەرمۇ ئەنە شۇ نام بىلەن ئاتىلىدۇ. قارا قۇرۇمدىن ئېقىپ چىقىدىغان 30 ئېقىن بولۇپ، ھەر بىر ئېقىن بويىدا بىردىن قەبىلە ياشايتتى. ئورخۇن بويىدا ياشىغان ئۇيغۇرلار ئىككى قەبىلىگە بۆلۈنگەنىدى. ئۇلارنىڭ ئادىمى كۆپەيگەندە، ئۇلارمۇ باشقا قەبىلىلەرگە ئوخشاشلا، ئۆز قەبىلىسى ئىچىدىن ئاقساقال تەيىنلەپ، ئۇنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ئىش كۆرۈشكەنىدى. 500 يىلدىن كېيىن، ئۇلار ئىچىدىن بۆكۈ ئىسىملىك بىرەيلەن چىقىپ ئۇلارغا خان بولدى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا بۆكۈخان ئافراسىياپ دېگەن ئادەمنىڭ ئۆزىمىش. قارا قۇرۇم تاغلىرىنىڭ يېنىدىكى تاغ باغرىدا بىر تاشلاندۇق قۇدۇق ۋە كۋادرات شەكىللىك يوغان تاش بولۇپ، رىۋايەت قىلىنىشىچە، بۇ قۇدۇق «بەجەن قۇدۇقى» دەپ ئاتىلىدىكەن. ئورخۇن دەريا ۋادىسىدا بىر شەھەر ۋە بىر ئوردا خارابىسى بار بولۇپ، ئۇ «ئوردو بالىق» دېيىلەتتى. ھازىر «ماۋبالىق» دېيىلىدۇ. ئوردا خارابىسىنىڭ سىرتىدا يەنى ئوردا دەرۋازىسىنىڭ ئۇدۇلىدا ئۇستىگە خەت چېكىلگەن تاشلار بولۇپ، بۇنى بىز ئۆز كۆزىمىز بىلەن كۆردۇق. قاغان تەختتە ئولتۇرغان ۋاقىتتا بۇ تاشلارنى يۆتكەپ كېتىشكە بۇيرۇق قىلىدۇ. تاشلار يۆتكەپ كېتىلىش جەريانىدا بىر قۇدۇق بايقىلىدۇ. قۇدۇقتا ئۇستىگە خەت ئويۇلغان يوغان بىر تاش ئابىدە تۇراتتى. قاغان بۇ ئابىدىدىكى خەتنى ئوقۇپ چىقىشقا بۇيرۇق چۈشۈرگەندە، بۇ خەتنى ئوقۇيدىغان ئادەم چىقماپتۇ. شۇنىڭ بىلەن قىتاندىن بىر قامان كېلىپ خەتنى ئوقۇپتۇ. ئۇنىڭدا مۇنداق دېيىلگەنىكەن: «قارا قۇرۇم تاغلىرىدىن ئېقىپ چىقىدىغان تۇغلا ۋە سېلىنگا دېگەن ئىككى دەريا قوشۇلىدىغان جايدا ‹قۇملانجو› دېيىلىدىغان بىر يەر بولۇپ، بۇ يەردە بىر- بىرىگە يېقىن ئۆسكەن ئىككى تۈپ دەرەخ بار ئىكەن. ئۇنىڭ بىرىسى ‹فىستۇق› دېيىلىدىكەن. ئۇنىڭ تۇرقى قارىغايغا ئوخشاپ

كېتىدىكەن. ئارچىدەك ھەمىشە كۆكىرىپ تۇرىدىكەن، قارىغايدەك پۇختا ئىكەن. دەرەخنىڭ يەنە بىرى قىزىل قارىغاي ئىكەن. كۇنلەرنىڭ بىرىدە مۇشۇ ئىككى تۈپ دەرەخنىڭ ئارىسىدا ئۇشتۇمتۇتلا بىر دۆڭ پەيدا بولۇپ قاپتۇ. نۇر ئالدى بىلەن مۇشۇ دۆڭگە چۈشىدىكەن. كۈن ئۆتكەنسېرى بۇ دۆڭ ئىگىزلەشكە باشلاپتۇ. بۇنى كۆرگەن ئۇيغۇرلار ھەيران قېلىشىپتۇ، ھەم ئېھتىرام بىلدۈرۈش ئۈچۈن دۆڭنىڭ يېنىغا كەلگەندە، ئۇ يەردىن خۇددى ناخشا ئېيتقاندەك ئاۋازلار ئاڭلىنىپ تۇرىدىكەن. ھەر كېچىسى دۆڭنىڭ ئۈستىدە نۇر چاقناپ ئوتتۇز قەدەمچە ئارىلىقنى يورۇتۇپ تۇرىدىكەن. كۇنلەرنىڭ بىرىدە، دۆڭدىن بىر ئىشىك ئېچىلىپتۇ. شۇ ئىشىكتىن ئىچىگە قارىغاندا، دۆڭنىڭ ئىچىدە خۇددى چېدىرغا ئوخشايدىغان بەش ئېغىزلىق ئۆي بولۇپ، ئۇ ئۆيلەرنىڭ ھەر بىرىدە بىردىن ئوغۇل بالا بار ئىكەن، ئۇلارنىڭ ئاغزىغا ئېمىزگە سېلىنغان بولۇپ، ئۇلار كۈمۈش سەگەنچۈكلەردە يېتىشقانىكەن. قەبىلە باشلىقلىرى بۇ ئاجايىپ بوۋاقلارنى كۆرۈپ، ئۇلارغا ھۆرمەت بىلدۈرۈشۈپتۇ. بۇ بەش ئوغۇل بوۋاق ئۆيگە كىرگەن ھاۋا بىلەن ئوچراشقان ھامان ھەرىكەتكە كېلىپ ئۆيدىن چىقىپتۇ. ئۇيغۇرلار ئىنىك ئانىلارنى تەيىنلەپ ئۇلارنى ئەمگۈزۈپتۇ. ئۇلارنىڭ تىلى چىققاندا، ئۆزلىرىنىڭ ئاتا-ئانىلىرىنى سۈرۈشتۈرۈپتۇ. كىشىلەر ھېلىقى ئىككى تۈپ دەرەخنى كۆرسىتىشىپتۇ. ئۇلار دەرەخكە يېقىن كېلىپ، دەرەخنى «ئاتا - ئانىمىز» دەپ چوقۇنۇشۇپتۇ، ھەم مۇشۇ ئىككى تۈپ دەرەخ ئۆسكەن دۆڭگىمۇ ھۆرمەت بىلدۈرۈشۈپتۇ. دەل شۇ ۋاقىتتا، بۇ ئىككى تۈپ دەرەخ تىلغا كىرىپ: «پەزىلەتلىك باللار، يېنىمىزغا دائىم كېلىپ تۇرۇڭلار، ئەدەپلىك بولۇپ يېتىلىڭلار، ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈڭلار، نامىڭلار مەڭگۈ ئۆچمىگەي» دەپتۇ. ئەتراپتىكى ھەر قايسى قەبىلە كىشىلىرى بەس-بەستە كېلىپ، بۇ بەش بالىنى كۆرۈشۈپتۇ ھەم ئۇلارغا خۇددى تېكىنلەردەك ھۆرمەت بىلدۈرۈشۈپتۇ. كۆپچىلىك ئۇ يەردىن ئايرىلىدىغان چاغدا چوڭىغا شۇڭقار تېكىن، ئىككىنچىسىگە قۇتۇر تېكىن، ئۈچىنچىسىگە تۇكەل تېكىن، تۆتىنچىسىگە ئۇر تېكىن، بەشىنچىسىگە بۆكۈ تېكىن دەپ ئات قويۇشۇپتۇ. ئۇيغۇرلار بۇ تېكىنلەرنى تەڭرى ئاتا قىلغان دەپ ھېساپلاپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بىرىنى ئۆزلىرىگە خان قىلىپ سايلىماقچى بولۇشۇپتۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بۆكۈ تېكىن چىرايلىق، ئەقىللىق ھەم تالانتلىق بولۇپ، ئۇ ئەتراپتىكى نۇرغۇن ئەلنىڭ تىلىنى پىششىق بىلىدىكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇيغۇرلار بۆكۈ تېكىننى خان قىلىپ سايلاپ، ئۇنىڭغا ئىستائەت قىلىشىپتۇ. بۆكۈ تېكىن خانلىق تەختىدە ئولتۇرغاندىن كېيىن، دۆلەتنى ياخشى ئىدارە قىپتۇ. ئەل ئىچى ياخشىلىنىپ، نوپۇس تېز كۆپىيىپتۇ. تەڭرى ئۇنىڭغا ئۈچ قوش ئاتا قىپتۇ. بۇ قوشلار نۇرغۇن ئەللەرنىڭ تىلىنى بىلىدىكەن. بۆكۈخان مانا شۇ قوشلارنى دۇنيانىڭ تۆرلۈك تەرەپلىرىگە ئەۋەتىپ، دۇنيادىكى ئىشلاردىن خەۋەردار بولۇپ تۇرىدىكەن.

كۇنلەرنىڭ بىرىدە بىر كېچىسى بۆكۈخان ئۆز خانىسىدا ئۇخلاۋاتقانىكەن.

بىر پەرى گۇدەك قىز قىياپىتىدە كېلىپ، ئۇنى ئويغىتىپتۇ. بۆكۆخان ئۇ… كۆرۈپ ناھايىتى قورقۇپ كېتىپتۇ، ھەم يالغاندىن ئۇخلىغان بولۇپ يېتىۋاپتۇ. ئىككىنچى كۈنى ئاخشىمى ئۇ قىز يەنە كېلىپتۇ. بۇ ئەھۋال ئۇدا ئۈچ ئاخشام داۋاملىشىپتۇ. ئۈچىنچى كۈنى ئاخشىمى بۆكۆخان ۋەزىرلىرىگە بولغان ئەھۋاللارنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. ۋەزىرلەر بۇ ئەھۋالنى ئۇققاندىن كېيىن ئۇنىڭغا مەسلىھەت بېرىپتۇ.

بۆكۆخان ئورنىدىن تۇرۇپ، ھېلىقى پەرى قىزغا ئەگىشىپ ئاقتاغ دېيىلىدىغان تاغقا بېرىپتۇ. ئۇلار ئىككىسى ئۇ يەردە تاڭ ئاتقۇچە مۇڭدىشىپتۇ. مۇنداق ئەھۋال يەتتە يىل ئالتە ئاي 22 كۈن داۋاملىشىپتۇ. ئەڭ ئاخىرقى بىر ئاخشىمى، پەرى قىز بىلەن بۆكۆخان خوشلىشىدىغان چاغدا، قىز ئۇنىڭغا: «كۈنچىقىشتىن كۈنپېتىشقىچە بولغان جايلار سىزگە قارايدۇ. سىز بۇ جايلاردا بۇرچىڭىزنى ئوبدان جارى قىلدۇرۇپ، ئەلنى ياخشى باشقۇرۇڭ» — دەپتۇ.

شۇنىڭدىن باشلاپ بۆكۆخان قوشۇن توپلاپ، چوڭ ئاكىسى شۇڭقار تېكىننى 300 مىڭ ئەسكەر بىلەن موڭغۇل ۋە قىرغىزلار ئېلىگە ماڭغۇزۇپتۇ. ئىككىنچى ئاكىسى قۇتۇر تېكىننى 100 مىڭ ئەسكەر بىلەن تاڭغۇتلار ئۈستىگە ئەۋەتىپتۇ. ئۈچىنچى ئاكىسى تۇكەل تېكىننى 100 مىڭ قوشۇن بىلەن تۇبۇتلەر ئۈستىگە ماڭغۇزۇپتۇ. ئۆزى 300 مىڭ قوشۇن بىلەن قىتانلار ئۈستىگە يۈرۈش قىپتۇ، يەنە بىر ئاكىسىنى ئۆز ئېلىنى ساقلاشقا قالدۇرۇپتۇ. يۈرۈشكە چىققان قوشۇنلار نۇرغۇن جايلارنى بېسىۋېلىپ، ناھايىتى نۇرغۇن ئەسىر ۋە ئولجىلارنى ئېلىپ، ئورخۇن دەرياسىنىڭ بويىغا قايتىپ كېلىپ، شۇ يەردە «ئوردۇ بالىق» دېگەن بىر شەھەرنى بىنا قىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن كۈنچىقىش تەرەپتىكى جايلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغا قارام بوپتۇ.

بۇ چاغدا بۆكۆخان بىر چۈش كۆرۈپتۇ، چۈشىدە ئاپئاق كىيىم كىيگەن، قولىغا ئاق ھاسا تۇتقان بوۋاي ئۇنىڭغا بىر قاشتېشىنى بېرىپ: «سەن بۇ تاشنى مەڭگۈ ساقلىيالىساڭ، پۈتۈن جاھان ساڭا بوي سۇنىدۇ،» دەپتۇ. بۆكۆخاننىڭ باش ۋەزىرىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدىغان چۈش كۆرۈپتۇ. ئەتىسى بۆكۆخان قوشۇن تەييارلاپ، كۈنپېتىشقا يۈرۈش قىپتۇ. ئۇلار تۈركلەر ماكانىغا يېتىپ كەلگەندە، كۆز ئالدىدا بۇلاق سۇلىرى شىرىلداپ ئېقىپ تۇرغان، كەڭ كەتكەن خۇش ھاۋالىق بىر يايلاق نامايان بوپتۇ. ئۇلار بۇ يەرگە ماكانلىشىپ «بالا ساغۇن» دېگەن شەھەرنى بىنا قىپتۇ. بۇ شەھەر ھازىر «قۇز بالىق» دېيىلىدۇ. ئۇلار شەھەر بىنا قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، جاي ـ جايلارغا قوشۇن ئەۋەتىپ، 12 يىل ئىچىدە كۆپ ئەللەرنى بويسۇندۇرۇپ، تاكى ياۋايى ئادەملەر ياشايدىغان جايغىچە بېرىپتۇ. بۆكۆخان يەنە يۈرۈش قىلساق، ئادەم يوق يەرگە بېرىپ قالغۇدەكمىز دەپ يۈرۈشنى توختىتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ھەممە ئەلنىڭ خانلىرى كېلىپ، بۆكۆخانغا سالام بېرىپتۇ، ھەم نۇرغۇن سوۋغا تەقدىم قىلىپ، ھۆرمەت بىلدۈرۈپتۇ. پەقەت، كۆرۈمسىز ھىندى پادىشاھى بىلەن كۆرۈشۈشنى رەت قىپتۇ. بۆكۆخان سوۋغا

سالام ئېلىپ كېلىپ، ھۆرمەت بىلدۈرۈشكەن خانلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئەللىرىگە قايتۇرۇپتۇ. بۆكۇخان يۈرۈش جەريانىدىكى تۇسالغۇلارنى تۈگىتىپتۇ ۋە قۇز بالىق (بالاساغۇن) دىن ئۆزى تۇغۇلغان ئېلىگە قايتىپتۇ.

(بۇ رىۋايەت جۇ ۋەينىنىڭ «تارىخى جاھانكۇشاي» ناملىق ئەسىرىنىڭ ئىچكى موڭغۇل نەشرىياتى 1981 - يىلى نەشر قىلغان خەنزۇچە نەشرىنىڭ 1 - كىتاب 62 -، 63 -، 64 - ۋە 65 - بەتلىرىدىن ئېلىندى.)

## «كۆچ» رىۋايىتى

بۆكۇخان ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئوغۇللىرىدىن بىرى ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىپتۇ. بارلىق ئۇيغۇرلار ئاتالارنىڭ كىشنەشلىرىدىن، ئىتلارنىڭ ھاۋشۇشلىرىدىن، كالىلارنىڭ مۆرەشلىرىدىن، تۆگىلەرنىڭ بوزلاشلىرىدىن، ياۋايى ھايۋانلارنىڭ ھۆكۈرەشلىرىدىن، قويلارنىڭ مەرەشلىرىدىن، قۇشلارنىڭ سايراشلىرىدىن، بوۋاق بالىلارنىڭ گۇڭراشلىرىدىن بىر خىل «كۆچ، كۆچ» دېگەن ئاۋازنى ئاڭلىشىپتۇ. شۇڭا، ئۇلار ئۆزلىرى ماكانلاشقان جايدىن كۆچۈشكە باشلاپتۇ. ئۇلار قەيەرگە بېرىپ توختىسا، شۇ يەردە «كۆچ، كۆچ» دېگەن ئاۋازلار ئاڭلىنىپتۇ. ئەڭ ئاخىرىدا ئۇلار چوڭ بىر تۈزلەڭلىككە كېلىپتۇ، شۇ چاغدىلا ھېلىقى ئاۋاز توختاپتۇ. ئۇلار بۇ جايغا ئورۇنلىشىپ، بەش شەھەر بىنا قىپتۇ، ھەم «بېشبالىق» دەپ ئاتاپتۇ. بۇ بەش شەھەر ئاستا - ئاستا تەرەققىي قىلىپ، ھەم ئۇزۇن ھەم كەڭ بازار رايونىغا ئايلىنىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلارنىڭ ئەۋلادى پادىشاھ بوپتۇ ھەمدە ئۇلار ئۆز پادىشاھلىرىنى «ئىدىقۇت» دەپ ئاتىشىپتۇ. ئۇلار يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئىككى تۇپ دەرەخنى جەمەت دەرىخى دەپ ھېسابلاپ، ئۇلارنى يۆتكەپ كېلىپ، ئۆزلىرى ئولتۇراقلاشقان جايدىكى تامنىڭ ئۈستىگە تىكىپ قويۇپتۇ.

(بۇ رىۋايەت جۇۋەينىنىڭ «تارىخى جاھانكۇشاي» ناملىق ئەسىرىنىڭ ئىچكى موڭغۇل نەشرىياتى 1981 - يىلى نەشر قىلغان خەنزۇچە نەشرىنىڭ 1 - كىتاب 66 -، 67 - بەتلىرىدىن ئېلىندى.)

## تۈركلەر ھەققىدىكى رىۋايەت

تۈركلەرنىڭ ئاتا - بوۋىلىرى سۇ دېيىلىدىغان ئەلدىن كېلىپ چىققان، بۇ ئەل ھۇنلارنىڭ شىمالىدا ياشايدىكەن. بۇ قەبىلە ئاقساقىلىنىڭ نامى ئاپاڭبۇ بولۇپ، ئۇلار ئاكا - ئۇكا 17 قېرىنداش ئىكەن. ئۇلارنىڭ بىرىنىڭ نامى ئىل كىنىشتۇ بولۇپ، بۆرىدىن تۇغۇلغانىكەن. ئاپاڭبۇ قاتارلىقلارنىڭ مىجەزى غەلىتە بولۇپ، دۆت ئىكەن. ئۇلارنىڭ ئېلى ھالاك بوپتۇ. ئىل كىنىشتۇ ئالاھىدە سەگەك ھەم ئۆتكۈر بولۇپ، شامال چىقىرىپ، يامغۇر ياغدۇرالايدىكەن. ئۇ ئىككى قىزغا ئۆيلەنگەن بولۇپ، بىرى ياز ئىلاھىنىڭ قىزى، يەنە بىرى قىش ئىلاھىنىڭ قىزى ئىكەن. بۇ قىزلار ھامىلدار بولۇپ ھەر بىرى ئىككىدىن، تۆت ئوغۇل

تۇغۇپتۇ. ئۇلارنىڭ بىرى ئاق ھاڭغىتقا ئايلىنىپ كېتىپتۇ، ئۇلارنىڭ بىرىنىڭ ئىلى ئوب (ئاباقان) دەرياسى بىلەن كەم دەرياسىنىڭ ئارىلىقىدا بولۇپ، قىرغىزلار دەپ ئاتالغانىكەن. يەنە بىرىنىڭ ئىلى چۇچى دەرياسىنىڭ بويىغا جايلاشقان. يەنە بىرى ئوغۇللارنىڭ چوڭى بولۇپ، ئۇنىڭ ئىلى شەن چۇجىش تېغىدا تۇرىدىكەن. بۇ تاغدا ئاپاڭبۇنىڭ ئادەملىرىمۇ ياشايدىكەن. ئۇلار ئۇچۇقچىلىقتا مۇزلاپ قىينىلىپ قالغاندا، تۇنجى ئوغۇل ئوت چىقىرىپ، ئۇلارنى ئىسسىندۇرۇپ ئاسراپ قاپتۇ. ئۇلار ئوغۇللارنىڭ تۇنجىسىنى ھۆرمەتلەپ، ئۆزلىرىگە باش قىلىپ بويسۇنۇپتۇ. ئۆزلىرىنى تۈرك دەپ ئاتىشىپتۇ. تۇنجى ئوغۇلنىڭ ئون ئايالى بولۇپ، بۇ ئايالاردىن تۇغۇلغان باللار ئۆز ئانىسىنىڭ فامىلىسىنى قوللىنىپتۇ. ئاشىنا ئەڭ كىچىك ئايالنىڭ بالىسى ئىكەن. ئوغۇللارنىڭ تۇنجىسى ئۆلگەندىن كېيىن، 10 ئايالنىڭ ئوتتۇرىسىدا كىمنىڭ تەخت ۋارىسى بولۇش مەسىلىسى ئۈستىدە تالاش - تارتىش بولۇپتۇ. ئاخىرى قايىسى بالا ئېگىز سەكرىيەلىسە شۇ تەخت ۋارىسى بولسۇن دەپ پۈتۈشۈپتۇ. ئاشىنانىڭ يېشى كىچىك بولسىمۇ ئەڭ ئېگىزگە سەكرىگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇ تەخت ۋارىسلىقىغا تاللىنىپتۇ ھەم ئۆزىنى ئاشىيەن شاد دەپ ئاتاپتۇ. چۈنكى بۇ نام بۆرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىدى.

(بۇ رىۋايەت «جۇنامە، تۈركلەر ھەققىدە قىسسە» 2 - كىتاب 908 - بەتتىن ئېلىندى. جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى 1974 - يىلى 2 - ئاي نەشرى.)

## توقۇمىچى قىز بىلەن پادىچى يىگىت ھەققىدىكى رىۋايەت

ئېيتىشلارغا قارىغاندا پەلەك ئايال شاھىنىڭ بىر قىزى بارئىمىش. ئۇ قىز گەرچە پەلەك شاھىنىڭ قىزى بولسىمۇ، ئەقىللىق، ئىشچان، ھۈنەرلەرگە كامىل ھەم ماھىر ئىكەن. بولۇپمۇ توقۇمىچىلىقتا شۇنچىلىك ماھىر ئىكەنكى، ئۇ ئۆزى توقۇغان توقۇلمىلارغا گۈل نەقىشلىسە كېپىنەكلەر گۈلگە قونماقچى، بۇلبۇللار گۈل شېخىدا ئولتۇرۇپ سايرىماقچى بولۇشىدىكەن. پەلەك ئايال شاھىنىڭ خاس چاكارلىرى بولۇپ، ئۇ چاكارلار ئىچىدىكى بىرىنىڭ ئوغلى بار ئىكەن. ئۇ ئوغۇلمۇ ئەقىللىق، ئىشچان ئىكەن. ئۇمۇ باشقا چاكارلارغا ئوخشاش توختىماي ئىش ئەمگەك بىلەن بولىدىكەن. مەيلى قانداقلا ئىش بولسۇن ھەرگىزمۇ ھاردىم - تالدىم دېمەيدىكەن. ھەتتا باشقىلارغا ياردەملىشىپ تۇرىدىكەن. ئۇ ئۆزى نەي ياساپ، ئۆزى كۈي ئىجاد قىلىپ شۇنداق مۇڭلۇق چالىدىكەنكى، ھەتتا بۇلبۇللارمۇ كېلىپ نەيگە قونۇپ مۇڭ ئاڭلايدىكەن. چاكارلارنىڭ ھەممىسى يىگىتنى بەكمۇ ياخشى كۆرىدىكەن. ئۇ يىگىت كۆپ ھاللاردا قوي باقىدىكەن. شۇڭا ئۇ «پادىچى يىگىت» ئاتالغانىكەن. ئۇ يىگىت بىر ياقتىن قوي باقماق، بىر ياقتىن نەيىنى شۇنچىلىك زوق بىلەن چالىدىكەنكى، نەيىنىڭ مۇڭلۇق، لەرزان ئاۋازى پۈتۈن دالىنى قاپلايدىكەن، ھەم دالىدىن ئېشىپ پۈتۈن يۇرتقا

ئاڭلىنىدىكەن. نەينىڭ مۇڭلۇق، لەرزان ئاۋازى «توقۇمىچى قىز» نىڭ ھۇجرىسىغىمۇ ئاڭلىنىدىكەن. توقۇمىچى قىز نەي ئاۋازىنى ئاڭلا - ئاڭلا، نەي ئاۋازىغا مەپتۇن بولۇپ قاپتۇ. كۈنلەرنىڭ بىرىدە، توقۇمىچى قىز خاس ئادەملىرىنى ئەۋەتىپ، بۇ نەينى كىم چالىدىغانلىقىنى سۈرۈشتۈرۈپتۇ. ھەم نەينى ئۆز ئانىسى پەلەك ئايال شاھىنىڭ چاكارلىرىدىن بىرىنىڭ ئوغلى چالىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭمۇ شۇ چاكارلار قاتارىدا قوي باقىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ چاكارلار ئىچىدىلا ئەمەس ئەل - يۇرت ئىچىدىمۇ ياخشى نامىنىڭ بارلىقىنى ئۇقۇپتۇ. ئۇنىڭدا پادىچى يىگىت بىلەن ئۇچرىشىش ئىستىكى تۇغۇلۇپتۇ. توقۇمىچى قىز بىلەن پادىچى يىگىت بىر - بىرى بىلەن ئۇچرىشىپ ئاشىقى بىقارار بولۇشۇپتۇ. بۇ ھال پەلەك ئايال شاھىغا ئاڭلىنىپتۇ. پەلەك ئايال شاھى دەرھال ئۇلارنىڭ بىر - بىرى بىلەن كۆرۈشۈشىنى چەكلەپتۇ، ھەم ھالقىپ ئۆتكىلى بولمايدىغان ساما يولى ياساپ، ئۇلارنى ئايرىۋېتىپتۇ. بۇ ئىش توقۇمىچى قىز بىلەن پادىچى يىگىتنىڭ ھەر ئىككىسىگىلا بەكمۇ ئېغىر كەپتۇ. توقۇمىچى قىز ھىجران ئوتىدا كۆيۈپ، قاتتىق ئازابلىنىپتۇ. قىزنىڭ بۇ ھالىتىنى كۆرگەن ئانا، ئۇلارنىڭ ھەر يىلى بىر - بىرى بىلەن ئۇچرىشىشىغا، بۇ چاغدا سېغىزخاننىڭ ياردەم بېرىشىگە قوشۇلغانمىش. شۇڭا ھەر يىلى 7 - ئاينىڭ 7 - كۈنى سېغىزخانلار توپلىشىپ كۆۋرۈك ھاسىل قىلارمىش. توقۇمىچى قىز بىلەن پادىچى يىگىت سېغىزخانلاردىن ھاسىل بولغان كۆۋرۈك ئارقىلىق ئىككى تەرەپتىن كېلىپ، كۆۋرۈكنىڭ دەل ئوتتۇرىسىدا بىر - بىرى بىلەن كۆرۈشەرمىش. كۆرۈشۈش ۋاقتى توشقاندا، ئالدى بىلەن كۆۋرۈكنىڭ ئوتتۇرا قىسمىنى تەشكىل قىلغان سېغىزخانلار ئۇچۇپ، كۆۋرۈك ئۈزۈلۈشكە باشلارمىش. شۇنىڭ بىلەن توقۇمىچى قىز بىلەن پادىچى يىگىتمۇ بىر - بىرىدىن ئامالسىز ئايرىلارمىش. بۇ خىل كۆرۈشۈش تا بۈگۈنكى كۈنگە قەدەر داۋاملىشىپ كېلىۋاتقانمىش.

(بۇ رىۋايەتنى ئېيتىپ بەرگۈچى: غېنى مەينەم)

## توختى چامباش ھەققىدىكى رىۋايەتلەر

ئېيتىشلارغا قارىغاندا بىر ئوۋچى بوۋاي ئوغلىنى ماھارەت ئۆگىنىش ئۈچۈن توختى چامباشقا شاگىرتلىققا ئەكىلىپ بېرىپتۇ. توختى چامباش بۇ يىگىتنى شاگىرتلىققا قوبۇل قىلغاندىن كېيىن ئىككى تىزىنىڭ تۆۋىنىگە ئىككى كىلوگىرامدىن كېلىدىغان قوم خالتىلارنى تېڭىپ يۈگۈرەشنى ھەمدە بۇ خالتىلارنى ھەرقانداق ۋاقىتتا ئېلىۋەتمەسلىكنى بۇيرۇپتۇ. شاگىرتقا بۇ خىل ھەرىكەتنى ئىشلىتىۋېرىپتۇ. بۇ بىر خىل تەكرار ھەرىكەتتىن زېرىككەن شاگىرت، بۇ قانداقمۇ ماھارەت ئۆگىنىش بولسۇن دەپ ئويلاپ، ئاستا بۇ يەردىن كەتمەكچى بولۇپ مېڭىپتۇ. بۇنى بىلگەن توختى چامباش، باشقا شاگىرتلىرىنى قاچقان شاگىرتنى تۇتۇپ كېلىشكە ئەۋەتىپتۇ. شاگىرتلار قاچقان شاگىرتنى ئات بىلەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



قوغلاپ چىقىپتۇ. قاچقان شاگىرت ئۆزىنى قوغلاپ كېلىۋاتقان ئاتلىقلارنى كۆرۈپ ئەھۋالنىڭ چاتاق ئىكەنلىكىنى پەملەپ يۈگۈرۈشكە باشلاپتۇ. ئاتلىقلار ئاتلىرىنى قانچە چاپتۇرۇپمۇ يىگىتكە يېتىشەلمەپتۇ. بۇ شاگىرت شۇندىلا ئۆزىنىڭ ئاجايىپ ماھارەتكە ئىگە بولغانلىقىنى ھېس قىلىپ، توختى چامباشنىڭ يېنىغا ئۆزى قايتىپ كەپتۇ.

* *

ئېيتىشلارغا قارىغاندا بىر بوۋاي ئوغلىنى ماھارەت ئۆگىنىش ئۈچۈن توختى چامباشقا شاگىرتلىققا ئەكىلىپ بېرىپتۇ. توختى چامباش بۇ يىگىتنى شاگىرتلىققا قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، بىر داس سۈنى ئېلىپ كېلىپ شاگىرتىنى ئالقىنى بىلەن يىمىرىشكە بۇيرۇپتۇ. شۇنداق قىلىپ، توختى چامباش بۇ شاگىرتىغا مۇشۇ خىل ھەرىكەتنى داۋاملىق ئىشلەشنى ئېيتىپتۇ. شاگىرت بۇ خىل ھەرىكەتنى ئىشلەۋېرىپتۇ. كۈنلەر ئۆتۈپتۇ، ئايلار ئۆتۈپتۇ ھەتتا بىر قانچە يىلمۇ ئۆتۈپتۇ. بۇ شاگىرت مەن ئۇستامغا شاگىرت بولۇپ كەلگىلى بىرقانچە يىل بولۇپ قالدى، كەلگەندىن بۇيان پەقەت مۇشۇ بىر خىللا ھەرىكەت بىلەن شۇغۇللىنىۋاتىمەن. ھۈنەر بۈنىمۇ ھۈنەر دېگىلى بولامدۇ. ئۇستام بىلەن بىر كۆرۈشۈپ باقاي. ھۈنەر ئۆگىتەلىسە ئۆگىنىپ كېتەي، بولمىسا ئاستا كەشمىنى توغرىلىۋالاي — دەپ ئويلاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن توختى چامباشنى تېپىپ، ئۆزىنىڭ ئوي - پىكرىنى ئېيتىپتۇ. توختى چامباش شاگىرتىنىڭ پىكرىنى ئاڭلاپتۇ. توختى چامباش شاگىرتتى سايغا بېرىپ قاتتىق تاش تېپىپ ئېلىپ كېلىشنى بۇيرۇپتۇ. شاگىرت ئەتىگەندىلا سايغا بېرىپ تاشلارنى كۆرۈشكە باشلاپتۇ. ئۇ تاشلارنى ئېلىپ، يىمىرىپ كۆرسە تاشلار ئۇۋۇلۇپتۇ. ئىككى قولىدا ئىككى چېتىدىن تارتىپ كۆرسە تاشلار ئوتتۇرىدىن ئۈزۈلۈپ كېتىپتۇ. ھەر قانچە ھەپىلىشىپمۇ قاتتىق تاش تاپالماپتۇ. ئۇ شۇندىلا ئۆزىنىڭ ئۇستازى ئالدىدا قاملاشمىغان ئىش قىلىپ قويغانلىقىنى بىلىپتۇ، ھەم قايتىپ كېلىپ ئۇستازىغا ناماقۇل بولۇپتۇ.

(بۇ رىۋايەتلەرنى ئابلەت ئەخمەت، ئابلەت توختىلار ئېيتىپ بەرگەن)

## لوقمان ھېكىم ھەققىدىكى رىۋايەت

ئېيتىشلارغا قارىغاندا لوقمان ھېكىم ئاجايىپ خىسلەتلىك بۇغداي ئۇنىدىن ئىشلەنگەن توقاچنى يېگەندىن كېيىن، گۈل - گىياھ، ئوت - چۆپلەر ئۇنىڭغا ئۆزلىرىنىڭ قايسى خىل كېسەلگە داۋا بولىدىغانلىقىنى ياكى قۇۋۋەت بولىدىغانلىقىنى ئېيتقانلىقتىن، ئۆزىگە ئېھتىياجلىق گۈل - گىياھ، ئوت - چۆپلەرنى ئىستېمال قىلىپ مىڭ ياشقىچە ياشىغانمىش، شۇنداقتىمۇ پانى دۇنيادىن ئايرىلىشقا كۆزى قىيمىغانمىش، ئەزرائىل جەبرائىل ئارقىلىق

(ئاخىرى 159 - بەتتە)

# بېيت-قوشاقلار

ئاتلىرىم ھېرىپ قالدى،
يوللاردا سامان بارمۇ؟
بۇ يۇرتتا غېرىپ بولدۇم،
ماڭا كەڭ جاھان بارمۇ؟

ئاتلىرىم ئاراسىدا،
مىنگۈدەك ئېتىممۇ يوق.
كۆڭلۈم سۇۋۇدى سەندىن،
دېگۈدەك گېپىممۇ يوق.

ئات مېنىپمۇ يۈرگەنلا،
تاي مېنىپمۇ يۈرگەنلا.
ئۆزلىرىگە كۆيگىنىمنى،
چىرايىمدىن بىلگەنلا.

قويۇۋەتتىم ئېتىمنى،
ئېرىق بويى قىياقىا.
سەن يارىمغا باغلىنىپ،
كېتەلمىدىم يىراققا.

ئېتىمنى قويۇپ بەردىم،
دەريا بويىدا تۈزگە.
مەن ئاشىق بولۇپ قالدىم،
بىر پەرى قارا كۆزگە.

مەن ئېگىز تاغقا چىقىپ،
يول تېپىپ چۈشەلمىدىم.
چىرايىڭغا كۆيدۈممەن،
مۇرادقا يېتەلمىدىم.

تاغقا چىققان قويچىلار،
يۇمۇلاتقان تىزەكمۇ؟
ئۇ يۇرتلۇقنىڭ قىزلىرى،
بۇ يۇرتلۇققا بوزەكمۇ؟

تاغقا چىقتىم ھەر كۈنى،
قوغلاپ تۇتتۇم تۈلكىنى.
ئۆلمىسەك كۆرۈشكەيمىز،
خۇدا بۇيرىغان كۈنى.

ئېگىز تاغقا چىق دېدىڭ،
چۈشۈپ كېتەر دېمىدىڭ.
ئۇنى مۇنداق قىينىسام،
ئۆلۈپ قالار دېمىدىڭ.

چىقسام تاغنىڭ بېشىغا،
كەكلىكتىن تولا چاشقان.
بۇ قوشاقنى كىم قوشقان؟
يار ئىشقىدا مەن قوشقان.

مەن ئېگىزگە چىققاندا،
ھېچكىممۇ كۆرەلمەيدۇ.
مېنىڭ سۆيگەن يارىمنى،
ھېچ كىشى سۆيەلمەيدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



مارجان بۇلاق قايناپدۇ،
بېلىقلىرى ئويناپدۇ.
يارىمنىڭ جامالىغا،
قاراپ كۆزۈم تويمايدۇ.

ھەمرا دېگەن ھەمرايىم،
قايان كەتتى قايرىلىپ.
مەنمۇ ئوتتا ئۆلمىدىم،
سەن يارىمدىن ئايرىلىپ.

مەن سايغا بېرىپ ياتسام،
ئۆردەك بىلەن غاز ئاتسام.
ئۆردەك بويلۇق يارىمنى،
باغرىمغا تېڭىپ ياتسام.

قاپلاپ كەتتى يايلاقنى،
ئاق بۇلۇتتەك قوزى - قوي.
ئاشىق بىلەن مەشۇققا،
بۇ دۇنيادا بولماس توي.

جاڭگال كېزىپ يۈرگەندە،
توغراق بولدى ھەمرايىم.
مېنى ساڭا كۆيدۈرۈپ،
ئەجەب قىلدى خۇدايىم.

مەن يايلاقتا چىققاندا،
ئاق داۋاندىن قايرىلغان.
بۇلتۇر تۇتقان يار بىلەن،
ئاي ئاتلىماي ئايرىلغان.

ئاسماندىكى سار بولدۇم،
چۆللەر كېزىپ خار بولدۇم.
شەھەردىكى يارىمنى،
بىر كۆرۈشكە زار بولدۇم.

گېلەم توقۇدۇم گۈللاپ،
دۇكان ئالدىدا يىغلاپ.
كەتسەڭ كېتەۋەر يارىم،
ئاشنا تۇتىمەن خىللاپ.

ئۆستەڭ بويىدا ئەمەن،
يارىمغا نېمە دەرمەن.
ئاخشام كەلمىدىڭ دېسە،
گېلەم توقۇدۇم دەرمەن.

ساي بويلاپ شامال كەلسە،
چارقىم قىلىدۇ غوي - غوي.
سەن بولساڭ قاراقۇشقاچ،
مەن بولسام ئىدىم قورغوي.

چارقىم تاناپ تاشلايدۇ،
كۆڭلۈم ھەريان باشلايدۇ.
كۆڭۈلنىڭ كەينىگە كىرمەڭ،
ئاپىرىپ چۆلگە تاشلايدۇ.

سالام يازدىم ئولتۇرۇپ،
ئاق قەغەزنى تولدۇرۇپ.
خېتىم كەتتى، مەن قالدىم،
غېرىبلىقتا ئولتۇرۇپ.

سالام يازدىم يار ساڭا،
ئاق قەغەزنىڭ بېتىگە.
ئەيىب قويما قاراكۆز،
ساۋاتسىزنىڭ خېتىگە.

سالام يازدىم كېچىدە،
قىسقا ۋاقىت ئىچىدە.
ئۇچۇريەيسىز بەرگىسىز،
بۈگۈن - ئەتە ئىچىدە.

خەت كەلمىدى يارىمدىن،
سوراپ بېقىڭ ئامانمۇ؟
ئاشنالىقتا سىزنى بىر
سۆيۈپ قويسام يامانمۇ؟

قاراپ بېقىڭ كىم كەلدى؟
خەتچى مىنگەن ئات كەلدى.
سورىسىڭىز سېغىنغان
جانانىمدىن خەت كەلدى.

بېغىمدىكى ئېتىزغا
نەشپۇت كۆچىتى سالدىم.
سېغىنغان شۇ يارىمدىن
تۇنۇگۇن كەچ خەت ئالدىم.

ئاق ساندۇققا قاراڭلار،
كۆك ساندۇققا قاراڭلار.
بىزنىڭ ياردىن خەت كەپتۇ،
ئوقۇپ بېرەي ئاڭلاڭلار.

سالام يازسام يارىمغا،
ئۆز ۋاقتىدا تەگمەيدۇ.
كۆڭلى يوقمىكىن يارنىڭ،
ماڭا بويۇن ئەگمەيدۇ.

ئاخشامدىكى ئايدىڭدا،
سالام يوللىغان يارىم.
مېنى ئۆيدىن چاقىرىپ،
ئەجەب گوللىغان يارىم.

يارنى كۆرسەڭ سالام دە،
تېنى ساغلام، ئامان دە.
مېنى سورىسا يارىم،
هال - ئەهۋالى يامان دە.

ئېتىزدىكى قوناقنى،
چوڭ بولغاندا تاقلايمەن.
سۆرىتىڭنى بەر يارىم،
خاتىرەمدە ساقلايمەن.

سائەت بولسا قوش بولسا،
بىرنى سىزگە بېرەتتىم.
سۆرىتىڭنى بەر يارىم،
سېغىنغاندا كۆرەتتىم.

ئىڭراق بولسا بەرسىڭىز،
پىيازىمنى ئاقلايتتىم.
بىر تال رەسىم بەرسىڭىز،
يۈرىكىمدە ساقلايتتىم.

يارىمنىڭ مەهەللىسى،
بىرغىنە تېرەك ئىكەن.
كەلمىسە سۆزلەشكىلى،
بىر ئۇچۇر كېرەك ئىكەن.

سېنى هەر كۈن ياد ئېتىپ،
راۋاب چالدىم ئايۋاندا.
ئۆلۈپ كەتسەم مەيلىمۇ،
سېنى سۆيمەي ئارماندا؟

راۋاب چالدىم ئىشىقىڭدا،
ئاڭلاندىمۇ ئاۋازى؟
قورغۇيۇمنى ئۇچۇردۇم،
يەتسۇن ساڭا پەرۋازى.

راۋابنى چېلىپ - چېلىپ،
ئاق بېلەكىڭ تالدىمۇ؟
يېڭى يار تېپىپ كۆڭلۈڭ،
كونا ياردىن قالدىمۇ؟

راۋابىمغا سالغىلى،
ئون بەش غۇلاچ تارىم بار.
گەپلىرى ئەجەب شېرىن،
ناۋاتتىن تاتلىق يارىم بار.

هويلاڭدىكى كۆتەكنى،
ئايپالتاڭدا يارايمۇ؟
راۋاب چېلىپ بۇ كېچە،
مەهەللەڭگە بارايمۇ؟

راۋابنى چېلىۋەردىم،
كەلسە - كەلمەس پەدىگە.
ئەمدى قانداق چىدايمەن،
قارا كۆزنىڭ دەردىگە؟

مەهەللەڭنى ئايلىنىپ،
توختىماي چالدىم راۋاب.
مېنى كۆيدۈرگەن يارنىڭ،
مەڭزى قىزىل، باغرى كاۋاپ.

www.uyghurkitap.com

ياغاچتا راۋاب ئەتتىم،
قوينىڭ گۆشىدە كاۋاپ.
سەن يارىمنى سىغىنىپ،
ھالىم بولدى بەك خاراب.

راۋابىمغا تارى يوق،
ئىشق ئوتىغا دارى يوق.
باشقا كەلگەن ئەلەمنى
تارتىمغۇنچە چارە يوق.

ئامرىقىم سىرىق چىراي،
ئوتۇڭدا مەن قانداق چىداي؟
ئاۋۋال ئاخشامدا تۇرۇپ،
ئىشقىڭدا مەن راۋاب چالاي.

دۇتارنى تولا چىلىپ،
ئۈزۈلدى پەي تارىسى.
تېۋىپلەردە بارمىكىن،
ئىشق ئوتىنىڭ دارىسى؟

دۇتارنى چالالامسىز؟
كۆڭلۈمنى ئالالامسىز؟
مەن ماڭدىم چىمەنلىككە،
كىچىكمەي بارالامسىز؟

دۇتار دېگەن ياغاچتۇر،
ئۈن چىقارغان تارىسى.
مېنى شۇنچە كۆيدۈرگەن
كۆزىڭىزنىڭ قارىسى.

دۇتارنى ئېلىپ قويدۇم،
چالاي دېسەم تاۋىم يوق.
ئۆتەرمەنمۇ دۇنيادىن،
ئۆزۈم يالغۇز، يارىم يوق.

دۇتار چالدىم پەدىگە،
قارا كۆزنىڭ شەنىگە.
قارا كۆز تۇرالامدۇ،
بىزگە قىلغان ۋەدىگە؟

زوقىم كەلدى جانانىم،
دۇتار چالغان قولۇڭغا.
قاچانغىچە قارايمەن،
سىنىڭ ماڭغان يولۇڭغا؟

دەريانىڭ سۈيى كەلكۈن،
باغلىغىلى بولمايدۇ.
كۆڭلۈمدە گىپىم تولا،
چاغلىغىلى بولمايدۇ.

دەريا سۈيى سۈپسۈزۈك،
ئوڭ قولۇمدا جۈپ ئۈزۈك.
ياردىن جۇدا بولغۇچە،
ئۆلۈپ كەتكىنىم تۈزۈك.

ئېتىمنى توقۇپ قويدۇم،
دەريا بويىدا تۈزگە.
مەن ئاشىق بولۇپ قالدىم،
ئاي يۈزلۈك، قارا كۆزگە.

دەريانىڭ تېگى پاتقاق،
چاپسام كەتمەن ئۆتمەيدۇ.
ئاخشام قىلغان ئۈز گىپىڭ،
ھېچ يادىمدىن كەتمەيدۇ.

سېنى دەپ دەريانى كەزدىم،
ئۆلمىدىم سۇدا ئېقىپ.
گاھى ئەقلىم بىرلە باردىم،
گاھى ئەقلىمدىن ئېزىپ.

دەريا بويى چىلانلىق،
ياز ۋاقتىدا يىلانلىق.
مېنى دائىم ساقلىتىپ،
سىزگە نېمە يوغانلىق.

دەريا بويىغا كەلسەم،
تۇرنىلارنىڭ ئىزى بار.
يۈرىكىمنىڭ قېتىدا،
سەن يارىمنىڭ سۆزى بار.

كەچمىگەن دەريانى كەچتىم،
ئۆلمىدىم سۇدا ئېقىپ.
ئەمدى كۆڭلۈڭ تىندىمۇ
يۈرىكىمگە ئوت يېقىپ.

دەريادا سۇ بولمىسا،
بېلىق ياتامدۇ تېشىدا؟
بىر خىيالى بولمىسا،
ساقلاپ تۇرامدۇ قېشىدا؟

ئۆستەڭ بويىدا شاتۇت،
غۇنچە بويلۇقنى يار تۇت.
غۇنچە بويلۇق يارىڭغا،
ئالما بىلەن ئانار تۇت.

ئۆستەڭ بويى ھاۋالىق،
سەيلى قىلدىم خۇمارلىق.
دېھقان قىزنى يار تۇتسام،
بەك تاتىنچاق، ھايالىق.

ئۆستەڭ بويى ئېگىز قاش،
كەتمەن سالسام تېگى تاش.
سۆيگىلى بويۇم يەتمەس،
ئېگىلىپ بەر قەلەمقاش.

سۇغا چىقتىم ئۆستەڭگە،
ئەپكەش ئېلىپ مۇرەمگە.
مەن ساڭا كۆيۈپ قالدىم،
ئېيتىپ قوياي ئۆزۈڭگە.

سۇلار ئاقار ئايلىنىپ،
ئېرىقلاردا لايلىنىپ.
كەتكەن يارنى توسماڭلار،
ئۆزى كېلەر ئايلىنىپ.

ئېتىزدىكى مايسىغا،
سۇزۇك سۇنى باشلىۋەت.
ئويناي دېسەڭ مەن بىلەن،
كونا يارنى تاشلىۋەت.

ئېرىق چاپتىم چوڭقۇرلاپ،
قاشلىرىنى بويلايمەن.
شۇ ئۇماق يارىم بىلەن،
ئېرىق بويلاپ ئوينايمەن.

تۆگمەن بېشى سۆگەتلىك،
زەپ سالقىن ھاۋا بولدى.
يارىم سېنىڭ سۆزلىرىڭ،
دەردىمگە داۋا بولدى.

ئېرىق سۈيى سۈزۈكمىدى،
قولۇڭدىكى ئۈزۈكمىدى؟
تېگەر بولغان ئېرىڭىز،
مەندىنمۇ تۈزۈكمىدى؟

ئىشكايلاڭ ئېرىقمىدى،
ئاقىنى بېلىقمىدى.
مەن ساڭا كۆيمىگەندە،
چىرايىم سېرىقمىدى.

ئېرىقنى ئويۇپ قويدۇم،
ئەمدى سۇ تولۇپ ئاقسۇن.
يارغا يار كېرەك بولسا،
ئۇمۇ بىر كېلىپ باقسۇن.

كۆچەت تىكتىم باغ بولدى،
ئوينايدىغان چاغ بولدى.
يارىم قىلغان يامانلىق
يۈرىكىمگە داغ بولدى.

باغ يەتكۈزدۈم بوستانلىق،
بوستانلىقتا يايرايمەن.
قارا كۆزنى مەدھىيلەپ،
بۇلبۇل بولۇپ سايرايمەن.

يارىڭ بېغى ئالمىزار،
ئۇندا بۇلبۇل سايرايدۇ.
بىزنىڭ يارلار گۈل يارلار،
ئاڭا يۈرەك قانمايدۇ.

uyghurkitap.com


بېغىڭ باغدا جانانە،
يەپ باقسىلا بىر دانە.
ئوتلىرى يامان ئىكەن،
قىلدى مېنى دىۋانە.

بېغىڭ تاللىق باغلاردا،
قىزىل ئۈزۈم پىشىپتۇ.
شوخچە قىز ئاراسىدا،
سىزگە كۆڭلۈم چۈشۈپتۇ.

باغ ئارىلاپ ئۇچىدۇ،
جېنى نازۇك كېپىنەك.
مېنى شوخچە كۆيدۈرگەن،
نازۇك، زىلۋا سىڭىلەك.

باغ ئىچىدە بېشىمغا،
ئالما چۈشتى توككىدەك.
ماڭا مەيلىڭىز بولسا،
سۆيۈپ قويۇڭ چوككىدەك.

باغ سالدىم، ئانار سالدىم،
كۆرۈپ قويسىلا يارىم.
ئوتلىرىدا كۆيدۈم مەن،
سۆيۈپ قويسىلا يارىم.

باغقا رەيھان تېرىدىم،
ئېچىلدۇرۇپ قىسساڭچۇ.
ئاق تاۋار تونىنى كىيىپ،
ئاپتاپ بولۇپ چىقساڭچۇ.

ئاق ناۋات دېگەن قوغۇن،
پىلەكنىڭ تۈۋىدە بارمۇ؟
مەن ساڭا كۆيۈپ قالدىم،
دەردىمگە داۋا بارمۇ؟

قوغۇننى تىلىپ قويدۇم،
ئېلىپ بەرسەم يېمەمسەن؟
مۇڭداشقىلى مەن كەلدىم،
گېپىڭ بولسا دېمەمسەن؟

قوغۇنلۇققا بارايمۇ،
ناشپىكەرنى ئۈزەيمۇ؟
كۆڭلۈمدىكى يارىمنى،
يانداپ بېرىپ سۆيەيمۇ؟

كېۋەزلىكمۇ بىزنىڭ يەر،
قوغۇنلۇقمۇ بىزنىڭ يەر،
ئۆلمەي تۇرۇپ ئايرىلساق،
خەلقى ئالەم نېمە دەر؟

ئاقچى قوغۇننى يېمەي،
ناشپىكەرگە تويمىدۇم.
كۆڭلۈمدىكى يار بىلەن،
قۇچاقلىشىپ ئوينىدۇم.

قوغۇننىڭ پىلەكىدىن،
سويما تاپىمەن يارىم.
سەن يادىمغا يەتكەندە،
يىغلاپ ياتىمەن يارىم.

قوغۇنلۇققا مەن بارسام،
قوغۇندىن تولا سويما.
مەن سېنىڭ يارىڭ ئەمەس،
خىلىڭنى تېپىپ ئوينا.

ئاقچى قوغۇن تولاشماس،
كوكچى قوغۇن سولاشماس.
بىزنى سۆيگەن چوكانلار،
ئېرى بىلەن بولاشماس.

باغدىكى پاكار شاپتۇل،
بويلاپ يېگىلى ياخشى.
يېڭى تۇتقان ئۆز يارىم،
قايرىپ سۆيگىلى ياخشى.

ئىشكىم ئالدى شاپتۇلا،
يۈرىكىمدە گەپ تولا.
بۇرۇنقى نادانلىقنى،
ئەمدى قىلسام سەت بولا(ر).

شاپتۇلۇم بارالڭ بولدى،
شاخلىرى غازالڭ بولدى.
سەن يارىمنىڭ دەردىدە،
ئوڭ يېشىم سارالڭ بولدى.

يېغىڭدىكى شاپتۇلنىڭ،
شېخى بەكمۇ پەس ئىكەن.
چىقمايسەن تالا - تۈزگە،
سېنى كۆرمەك تەس ئىكەن.

شاپتۇلۇمنى ساخ كۆرمەڭ،
ئۆگزىڭىزگە قاق سالاي.
يار مېنى كىچىك كۆرمەڭ،
باغرىڭىزغا ئوت سالاي.

شاپتۇل شېخىنى ئەگدىڭمۇ،
ئانار شېخىنى ئەگدىڭمۇ؟
يوقسۇل كۆرۈپ سەن مېنى،
پۇلى بارغا تەگدىڭمۇ؟

گۈللەر ئېچىلۇر باغدا،
بەشىنچى ئايدا، باھاردا.
ئەجەبمۇ ئايرىلىپ كەتتۇق،
قەدرىڭنى بىلەر چاغدا.

ئۆرۈك گۈلى ئېچىلدى،
مۇدەن قاچان ئېچىلار؟
ساڭا ئاشىق تېپىلدى،
ماڭا قاچان تېپىلار؟

تومۇچۇق كېلىپ قوندى،
قىزىلگۈلنىڭ شېخىغا.
سېغىنغاچ كېلىپ قالدىم،
سەن يارىمنىڭ قېشىغا.

قىزىلگۈلنى گۈل دەيمەن،
ئەتىرگۈلنى گۈل دەيمەن.
ئون سەككىز مىڭ ئالەمدە،
سەن يارىمنى ئىزدەيمەن.

گۈل ئۈنۈپتۇ يانىمغا،
خەۋەر كەتتى يارىمغا.
يارىمنىڭ ئۆز گەپلىرى،
ئارام بولدى جانىمغا.

قىزىلگۈل ئېچىلغۇچە،
سىز ئۆزمەي تۇرۇپ تۇرۇڭ.
كۆرۈشكىلى پۇرسەت يوق،
ئۇچراشساق سۆيۈپ قويۇڭ.

قىزىلگۈلنى پۇرايمەن،
كۆڭلۈمنى خوش ئېتىمەن.
مەن يارىمنى تاپقاندا،
مۇرادىمغا يېتىمەن.

قىزىلگۈلنى تېرىدىم،
ئېتىزلىقنىڭ بېشىغا.
تەييارلاندىم بېرىشقا،
مەن يارىمنىڭ قېشىغا.

گۈل كەستىم ئويماق - ئويماق،
بارمىدى يارغا تويماق؟
قايسى نادانىنىڭ ئىشى،
سۆيگەن ياردىن ئايرىلماق؟

دېرىزىڭدە تەشتەكتە،
ئېچىلدۇرغان گۈل بولاي.
ۋاپادارىم مەن ساڭا،
ئۆمۈر بويى قۇل بولاي.

تاڭ سەھەردە سايرايدۇ،
گۈلنىڭ ئىشقىدا بۇلبۇل.
مۇرادىغا يەتمەمدۇ،
ئېچىلغاندا قىزىلگۈل؟

بۇلبۇل ئۇۋا ياساپتۇ،
قىزىلگۈل ئاراسىغا.
مەن ئەجەب كۆيۈپ قالدىم،
قاشىڭنىڭ قاراسىغا.

گۈل ئىشقىدا سايرايدۇ،
يارنىڭ بېغىدا بۇلبۇل.
ئامرىقىم چىرايلىقىنىڭ،
چاچلىرى قارا سۇمبۇل.

بۇلبۇل سايرىغان باغدا،
قىزىلگۈل ئېچىلمامدۇ؟
بىز يىراققا كەتكەندە،
يار بىزنى سېغىنمامدۇ؟

بۇلبۇللار ئۇچۇپ كېلىپ،
قونسا گۈلنىڭ شاخىغا.
ئۇچار قانىتىم بولسا،
بارسام يارنىڭ قاشىغا.

قىزىلگۈل ئېچىلغاندا،
مىسكىن بۇلبۇل ئۇيقۇدا.
قانات قېقىپ ئۇچقاندا،
كېزەر باغلار قويندا.

بېغىمدىكى بۇلبۇلۇم،
كۆز بولدى، ئۇچۇپ كەتتى.
سىز يارىمىنىڭ دەردىدە،
يۈرىكىم سېزىپ كەتتى.

قۇلاقىڭدا زەر ھالقا،
زەر ئۈزۈك بىلەكىڭدە.
كۆيۈپ قالدىم سۆيمەيسەن،
تاش بارمۇ يۈرەكىڭدە.

ئاق مارجان تېپىپ قويدۇم،
ئاق قەغەزدەك ئاقارتىپ.
يارىم ساڭا نىم بولدى،
گەپ قىلمايسەن ماي تارتىپ؟

ئالتۇن ئۈزۈك سوقتۇردۇم،
كەھرىۋادا كۆز قويۇپ.
قاچان بىللە ياتارمىز،
بىر ياستۇققا باش قويۇپ؟

يارىم بەرگەن ئاق مارجان،
پارقىرايدۇ بوينۇمدا.
نىگارىمغا ساقلايمەن،
بىر جۈپ ئالما قوينۇمدا.

رومالىڭ ھاۋا رەڭدە،
چىرايىڭ تولۇن ئايىم.
مەندىن ئايرىلىپ كەتسەڭ،
تۇتار سېنى ئۇۋالىم.

كىيىپ ئاپئاق كۆينەكنى،
ئەترگۈلگە ئوخشاپسەن.
ئەمەل قىلىپ ۋەدەڭگە،
باغ كەينىدە ساقلاپسەن.

ھاۋارەڭ تونى كىيىپ،
كۆڭۈل كۆكتە ئويىنامدۇ؟
يارىم تۇرسا قېشىمدا،
كۆڭۈل ياتنى ئويلامدۇ؟

يارنىڭ كىيگەن كۆينىكى،
قىزىل دۇردۇن تاۋادۇر.
شول يارىمدىن ئايرىلسام،
ئۆلمەك ماڭا راۋادۇر.

ئۇيغۇر قىزلىرى ئوڭلۇق،
يۈرىكى قىزىل چوغلۇق.
بەسلىشىپ تىكىپ چىققان،
دوپپىسى بادام گۈللۈك.

بېشىڭدىكى دوپپاڭنى،
مەن كىيسەممۇ ياراشتى.
بىللە ماڭساق ئىككىمىز،
ئەل ـ جامائەت قاراشتى.

بېشىڭدىكى دوپپاڭنى،
قانچە پۇلغا ئالغانسەن؟
يۈرەكتىكى بۇ ئوتنى،
قانچانغىچە سالغانسەن؟

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

بېشىڭدىكى دوپپاڭنىڭ،
گۇلى ئەجەب ئازادە.
يۈرىكىمنى قان قىلغان،
بۇۋاپا هارامزادە.

بېشىڭدىكى دوپپاڭنىڭ،
چۆرىسى يالاڭ قاپتۇ.
ئىچىمدىكى دەردىمنى،
كىم بېرىپ ساڭا دەپتۇ؟

ئۇنبەش ياشلىق شوخ قىزلار،
ئۇسما قويۇپ ئوينايدۇ.
ئۇسما قويغان قىزلارغا،
قاراپ كۆزۈم تويمايدۇ.

ئۇسما قويغان قېشىڭغا،
يامغۇر چۈشسە ئۆچەرمۇ؟
قەلبىمدىكى ئىشق ئوتى،
يارىم ساڭا كۆچەرمۇ؟

ئوسمىنى تېرىپ قويسام،
ئۇنەرمىكىن لاي يەردە؟
مەن يارنى خىيال قىلسام،
يار ئوينايدۇ هەر يەردە.

ئۇسما تېرىدىم باغقا،
سۇ قۇيۇپ قۇرۇتماسمەن.
كۆڭلۈمدىكى يارىمنى،
ئۆلسەممۇ ئۇنۇتماسمەن.

ئات بېشىنى قايدۇرغان،
قولۇن تېرىسى تاسما.
چوكانلارنى ئۈز قىلغان،
پىيازلىقتىكى ئۇسما.

گۈل تېرىدىم كۆرسىلە،
ئۇسما تېرىدىم كۆرسىلە.
ئوسمىنى قويۇپ بولۇپ،
بوينۇمنى قايرىپ سۆيسىلە.

چىمەن دوپپا بېشىڭدا،
قىياقتەك ئۇسما قېشىڭدا.
كۆيۈپ قالدىم مەن ساڭا،
ساق ئون سەككىزيېشىمدا.

ماڭا بەرگەن ياغلىقنى،
بېزەپسەن گۈل چىقىرىپ.
جامالىڭنى كۆرەي دەپ،
تۇردۇم هەر كۈن قىچقىرىپ.

ياغلىقىڭنى يۇدۇردۇم،
گۈل شېخىغا يايدۇردۇم.
ساڭا بەرگەن كۆڭلۈمنى،
بۇ ئايلاردا ياندۇردۇم.

ياغلىقىڭ هاۋا رەڭدە،
چىرايىڭ تولۇن ئايىم.
مەندىن ئايرىلىپ كەتسەڭ،
ئۆۋالىم تۇتار يارىم.

ئۆستەڭ بويىدا ئويناپ،
تېپىۋالدىم بىر ياغلىق.
ئۈز خۇيۇڭنى دېمىسەم،
چىرايلىقلىقىڭ چاغلىق.

ئاسقۇدا قىزىل ياغلىق،
بېشىمدا يېشىل ياغلىق.
بىزنىڭ كۆڭۈل رىشتىمىز،
قىيامەتكە باغلاغلىق.

قولىدا پەرەڭ ياغلىق،
يارنىڭ كۆزىدە ياش بار.
ئېرىمىدى گېپىمگە،
يارنىڭ باغرىدا تاش بار.

سېنىڭ بەرگەن ياغلىقىڭ،
مېنىڭ بېلىمگە يەتمىدى.
سېنىڭ قىلغان ـ ئەتكىنىڭ،
يۈرىكىمدىن كەتمىدى.

ئاقىنە گۇمبەز تۇۋىدە،
كۆككىنە يۇمران تېرەك.
تال - تال سۇمبۇل چېچىڭغا،
شايىدىن رومال كېرەك.

سەھەردە قىچقىرىپ دائىم،
كۆڭۈلنى ئويغىتار كاككۇك.
يېنىپ ئۆچكەن مۇھەببەتنى،
قايتا قوزغىتار كاككۇك.

كاككۇك ئەجەب سايرايدۇ،
تاڭ سەھەردە تېرەكتە.
مەندىن تولا گەپ سورىماڭ،
دەردىم تولا يۈرەكتە.

كاككۇك سايراپ تۇرادۇر،
ئېگىز تېرەك بېشىدا.
ئامرىقىم شەرەت قىلادۇر،
سۆگەتلىك كۆل قېشىدا.

سايرىمايدىكەن كاككۇك،
سولاپ قويسا قەپەزدە.
مەن يارىمنى ئەسلەيمەن،
ھەر ئاخشامدا، سەھەردە.

قۇرغۇي بولاي دېدىڭمۇ،
لاچىن بولاي دېدىڭمۇ؟
ئون بەش كۈندە بىر كېلىپ،
جاننى ئالاي دېدىڭمۇ؟

قۇرغۇي بولۇپ ئۇچتۇم مەن،
تاغ باغرىغا چۈشتۇم مەن.
ئىشقىم بولغاچ يۈرەكتە،
يار يولىدا ئۇچتۇم مەن.

قۇرغۇيۇم پالاقلايدۇ،
قەپەزنىڭ ئىچى تاردەك.
بارسام چىقمىدىڭ يارىم،
ئۆيدە مېھمىنىڭ باردەك.

كەپتىرىم ئۇچۇپ كەتتى،
بىر غېرىچ يىپى بىلەن.
ياردىن ئايرىلارمەنمۇ،
دۈشمەننىڭ گېپى بىلەن.

ئاق كەپتەر مېنىڭ بولسا،
چىن تەقسىدە دان بەرسەم.
ياخشى يار مېنىڭ بولسا،
قۇچاغىمدا جان بەرسەم.

كەپتىرىم كۆرۈنمەيدۇ،
كەپتەرباز تۇتۇۋالدى.
غۇنچە بويلۇق قاراكۆز،
كۆڭلۈمنى ئۇتۇۋالدى.

ھويلاڭدىكى كەپتەرنى،
پەغىزىمگە ئۆگىتەي.
يۈرەكتىكى دەردىمنى،
كىمگە ئېيتىپ تۈگىتەي؟

كىچىككىنە قارلىغاچ،
ئېگىز تاغدىن ئۆتىدۇ.
يۇرتتا قالغان قاراكۆز،
مەن بارغۇچە كۈتىدۇ.

قارلىغاچلار كەلمەيدۇ،
يا ئۇۋىسى يوقمىكىن.
بىزنىڭ يارلار كەلمەيدۇ،
ئوينىغۇسى يوقمىكىن.

ئېيتىپ بەرگۈچىلەر: خوتەن ناھىيىلىك گىلەم كارخانىسىدىن تۇرنىساخان، خوتەن شەھەر ئىچى ئات بازىرى مەھەللىسىدىن نىساخان، خوتەن شەھىرى نارباغ مەھەللىدىن غازى ئاخۇن، قەييۇم ئاخۇن، چىرا ناھىيە دامىكو يېزىسىدىن قۇربانىياز ئاخۇن، قادىرئاخۇن.
توپلاپ رەتلىگۈچى: زوھرە قۇربان.







www.uyghurkitap.com



源泉 （布拉克）（维吾尔文）总61期

بۇلاق ( پەسىللىك ژۇرنال ) ئومۇمىي 61 - سان

MAGAZINE OF BULAK UIGHUR LANGUAGE ( QUARTERLY )

新疆人民出版社编辑出版
（乌鲁木齐市解放南路348号）
新疆新华印刷厂印刷
乌鲁木齐市邮局发行
中国国际图书贸易总公司国外发行
全国各地邮局订阅

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تۈزدى ۋە نەشر قىلدى
( ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى №348 )
شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلدى
جۇڭگو خەلقئارا كىتاب سودىسى باش شىركىتى چەت ئەللەرگە تارقىتىدۇ
جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتىرى قوبۇل قىلىدۇ

国内统一刊号：CN65—1063/I
本刊代号：58—108定价：5.50元
ISSN1005—0876/国外代号Q1118

مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى : CN65—1063/I
ۋەكالەت نومۇرى : 108 — 58 ، باھاسى : 5.50
چەت ئەللەرگە تارقىتىش ۋەكالەت نومۇرى : Q1118

ISSN 1005-0876

9 771005 087006 11